
شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

首 届 新 疆 社 科 优 秀 期 刊

ISSN1008－6498



XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION

4

2001

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498

medeniyet@163. net medeniyet@163. net medeniyet@163. net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇلۇغ مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، كومپوزىتور، شائىر مەمتىلى (تەۋفىق) ئەپەندى (1937 ـ 1901)
تەۋەللۇتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(50-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2001-يىل 4-سان
(ئومۇمىي 250-سان)



ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر:
شۇخۇاتيەن
زۇنۇن قۇتلۇق

مۇئاۋىن مۇدىرلار:
ئابلىجان ھېيت
لۇشىنخۇا
خەن زىيۇڭ

ھەيئەت ئەزالىرى:
مايىڭشىڭ
يۈفىڭ
جۇجۇفاڭ
ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن
لى يىڭمىن
بەي جيەنياۋ
جىن مىن
قۇربان ماموت
ياڭ فىڭ
فەن ياۋجىڭ
جاڭ تىڭۋېي
رىسالەت مۇھەممەت


شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئۇيغۇرچىلىق

## بۇ ساندا


«ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 120 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا تەبرىك خەت ........ ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى 2

**سادا**

بىلىنمىگەن ھامان شەرقتە ........ مامبەت تۇردى 3
ئەدەبىياتىمىزنىڭ روچىۋىنلىرى..........(ئەبجەش خاتىرە) ........ ئابدۇقادىر جالالىدىن 6

**سەنئەت دۇنياسى**

دېڭىز بىلەن قۇملۇقنىڭ دىئالوگى ........ ئەسەد سۇلايمان 9
ئۇلۇغ ئوكياندىن كەلگەن سادا ........ مەريەم ساقىم 10
كۆي تومۇرى ........ ئابدۇلباسىت ئابدۇراھمان 13

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

بۇ مەھەللىمىز جىقىلغۇدەك.....(ھېكايە) ........ ئادىل يىلدىرىم 16
خىيال ۋە رېئاللىق ئارىسىدا...(" ") ........ ئەزىز ھاشىم 21
«غەرىبكە ساياھەت»كە ماگىغانلارنىڭ غەيرىي رەسمىي تەرجىمىھالى..........(فېليەتون) ........ ھېبىت مۇسا 23
لوگوچياۋ ئىلھاملىرى..(ئەدەبىي خاتىرە) ........ م. زۇنۇن 25

**مەدەنىيەت ـ سەنئەت گېزىتى**

مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۇچۇرلىرى ........ ر. مۇھەممەت قاتارلىقلار 28

**ئەسىر ۋە ھاسىلات**

ئۇ تىلەمچى ئەمەس، مېنىڭ سۆيگىنىم! ........ ئا. مەتتۇمۇر 32

**ئىبرەتلىك پاراڭلار**

ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزىلەر ........ توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى 40

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر تارىخىغا تولۇقلىما ........ ئابلەت قەييۇم 53
رېئاللىقنىڭ قاتلىرىنى ۋاراقلاپ ........ ئا. بەرقىي 57


**تەبرىك ۋە ئۈمىد**

مۇبارەكنامە ........ نۇر مۇھەممەت توختى 62
چاڭقاش ۋە چاقناش ........ ئابدۇغوپۇر مۇھەممىدىي 72
ئون سەككىز يوەن، ئون سەككىز مىڭ ئالەم، ئالتە تەخسە تاماق ........ ئابدۇكېرىم خوجىئابدۇرېھىم 73


مۇقاۋىدا: شۆھرەتلىك خەلق شائىرى، جامائەت ئەربابى روزى سايىت. رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرىم. مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: پېشقەدەم سەنئەتكارلار «داۋان ئاشقانلار سەنئەت كېچىلىكى»دىن تاللانغان كۆرۈنۈشلەر. ئۇرکەش جاببار فوتوسى. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت


باش مۇھەررىر: قۇربان ماموت مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com



# «ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 120 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» غا تەبرىك خەت

25-ماي يېڭىسار ناھىيىسىدە «ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 120 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» نىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا، ئۇ، پۈتكۈل ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىملىك بەدىئىي قامۇس، غايەت زور ھەجىملىك قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك، بىباھا مىراستۇر. ئۇ، ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي قىممەتكە ھەم ھوزۇر ئېلىش ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە. شۇڭا ئون ئىككى مۇقامنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى دۆلىتىمىز ۋە دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مىللەتنىڭ پاراسەت ۋە ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تۇردى ئاخۇن ئاكا سەئىدىيە خانلىقى زامانىدا رەتلەنگەن كلاسسىك ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نوپۇزلۇق ۋەكىلى، ئون ئىككى مۇقامنى ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ساپ ساقلاپ دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن پېشقەدەم نامايەندە، يېتۈك مۇقام ئۇستازى، تۆھپىكار مۇقامشۇناس بولۇپ، ئۇ، بۇ بۈيۈك تۆھپىسى بىلەن 1978-يىلى ب د ت تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ، ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا تۇنجى قېتىم «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن مەشھۇر مۇقامشۇناستۇر.

تۇردى ئاخۇن ئاكا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇپ زامانىمىزغىچە يەتكۈزگەن ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت تارىختىكى بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسىمىزنى ھازىرقى زامان سەنئىتىمىزنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قەدىرلەش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ۋارىسلىق قىلىشتىن مەقسەت - ئېسىل مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، ناخشا-ئۇسسۇلنى ئاساس، ئون ئىككى مۇقامنى مەنبە ۋە خورۇچ قىلغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى زامانىۋىيلىق يولىغا باشلاش، مۇقامنىڭ سەنئەت شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىل تەلىپى بويىچە قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىپ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بۆسۈش خاراكتېرلىك بىر تۈركۈم نادىر مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىنى، بولۇپمۇ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ، شۇ ئاساستا يېڭى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ پۈتكۈل مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئۇلۇغ مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تۆھپىسى تارىختا مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ.

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مول ئىلمىي نەتىجىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلۈشىگە تىلەكداشمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى**

2001-يىل 22-ماي(M2)



# يىلتىزىمىز هامان شەرقتە

مامبەت تۇردى

مىللىي ئەدەبىياتقا يېڭى يول ئىزدىگەنلەر، ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا سوزۇلغان كونا، قېلىپلاشقان ئىجادىيەت ئادەتلىرىدىن بىزار بولغانلار ۋە يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ياشلار تەبىئىي يوسۇندا تاشقى دۇنياغا يۈزلىنىپ، چوڭ تەسىرگە ئىگە ئەدەبىي ئېقىملار توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆزىگە ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىغا يېڭى چىقىش يولى تاپماقچى بولۇۋاتىدۇ. دوگما، قاتمال تەپەككۇر ئادەتلىرىگە جەڭ ئېلان قىلغان بۇنداق ئىزدىنىش روهى شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئۈچۈن هاۋادەك زۆرۈر. ئۆزۈندىن بۇيان «زىيارەت رېئالىزمى» لىق مېتودىغا بېقىنىپ قالغان ئىجادىيەت قارىشىغا خاتىمە بېرىپ، ئىجادىيەتنىڭ يېڭى، چوڭقۇر قاتلاملىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ناهايىتى ئەهمىيەتلىك باشلىنىش. شۇڭا گۈڭگا شېئىرلار ۋە يېڭى هېكايىچىلىق نامىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنى تارىخىي مۇقەررەرلىك قاتارىدا قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنداق قىلماسلىققا هېچكىمنىڭ ئاساسى يوق. نۆۋەتتە ياشلارنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات ئاۋانگارتلىرى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا يېڭى قان، يېڭى تىنىق بېغىشلىماقتا. بۇ بىز ئۈچۈن بىر تەسەللىي. لېكىن ياشلارنىڭ ئىجادىيىتىدە غەربنىڭ ئەدەبىيات ئېقىملىرىغا تەقلىد قىلىش خاھىشلىرى كۆرۈلمەكتە. دەرۋەقە، غەرب ئەدەبىياتىنىڭ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرى ئادەمنى ئۆزىگە قىزىقتۇرىدۇ، ماگنىتتەك تارتىدۇ. ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلاپ يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ياشلار، هەۋەسكارلار بۇ قىزىقارلىق، ئاجايىپ ئەدەبىياتقا ئاسانلا باغلىنىپ قالىدۇ.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن زاماندانشلىرىمغا بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈرلۈكىنى هېس قىلىپ قالدىم. بىز شەرق تۇپرىقىدا ياشىماقتىمىز. بىزنىڭ قېنىمىز، ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ زېمىنغا مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، شەرق ئەللىرىنىڭ ئەنئەنىسى، دۇنيا قارىشى ۋە پەلسەپىۋى، ئوبرازلىق تەپەككۇرىدىكى ئالاهىدىلىكلەرنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىشىمىز، ئۆزىمىزنى تولۇق چۈشەنمەي، چۈشىنىشكە ئۇرۇنماي، ئۆزىمىزنىڭ يىلتىزىغا ئەمەس، غەرب تەپەككۇرىنىڭ كۆزنى ئالچەكمەن قىلىدىغان ئالاهىدىلىكلىرىگە بەك قىزىقىپ كېتىشىمىز توغرا بولمىسا كېرەك. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قانداق ئۇسلۇب ۋە مېتودنى قوللىنىش هەربىر يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. ئەسەرنى شەكىل جەهەتتىن چەكلەش ناتوغرا، لېكىن ئۆز خەلقىگە تەۋە بولغان بارلىق ئالاهىدىلىكلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مۇشۇ زېمىندىكى خەلق

سادا

www.uyghurkitap.com

چۈشەنمەيدىغان، ياقتۇرمايدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا بېرىلىپ كېتىش كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. بۇ ھەرگىز غەزەل، مۇخەممەسلەردىن ھالقىماسلىق كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئەسەر تىلىنىڭ ئالاھىدە، قۇرۇلمىسىنىڭ قاتلاملىق بولۇشى، ئوي-پىكىرنى يوشۇرۇن ئىپادىلەش قاتارلىق ئېستېتىكىلىق «ئورۇنلاشتۇرۇش» لارنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. لېكىن ئەسەرلەردە ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ تىنىقى ئۇرۇلۇپ تۇرماستىن، فرۇئىدنىڭ ياكى يەنە بىرسىنىڭ گۆردىن چىققان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرسا، كىشى گۇمانىي نەزەر سالماي تۇرالمايدۇ.

مەن رېئالىزم تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، ئىجادىيەتنىڭ بەدىئىي قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ كەلگەن دوگما ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىغا خاتىمە بېرىپ كونا ئەندىزىلەرنى بۇزۇش، ۋاقتى ئۆتكەن پىكىر قىلىش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشتە مۇھىم رول ئويناۋاتقان يېڭى ئىزدىنىشلەرنى قوللايمەن. بۇنداق ئىزدىنىشلەرنىڭ دەسلەپتە مۇرەككەپ ، ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن، لېكىن مۇشۇ ئانا تۇپراقتىن ئايرىلغان، تامامەن غەرىبلەشكەن ئىجادىيەت خاھىشىغا سوئال قويماي تۇرالمايمەن.

بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى گۈزەللىككە ئىنتىلىش • ئادەم توغرىسىدىكى ئىزدىنىش دۇنياۋى ئورتاقلىققا ىگە. لېكىن مىللىيلىك شۇ يۈكسەك پەللىگە پىقىشتىكى شوتا. مىللىيلىك ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىشتىن ياكى تۆكمە شائىرلىقتىنلا دېرەك بەرمەيدۇ. شەكىلنىڭ مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇشى ئىجادىيەتتىكى بىردىنبىر ئامىل ئەمەس. شۇڭا، ئىجادىيەتتە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى، روھىي دۇنياسى، ھېسسىيات رېئاللىقى ۋە جەريانى، تەپەككۇر تارىخىدىن ئۈزۈل-كېسىل قول ئۈزۈشكە بولمايدۇ.

مېنىڭچە ئەسەرنىڭ رېئالىزمغا ياكى مودېرنىزمغا تەۋە بولۇشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئىجادىيلىقى ۋە ئۆزىيلىتىزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە. گارسىياماركوس ئۆزىنى سېھرىي رېئالىزمچى ياكى مودېرنىزمچى دەپ ئاتىغان ئەمەس، بەلكى «ھەقىقىي رېئالىزمچى» دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە بولغاندا، پەردازلانمىغان ۋە تەھلىل قىلىنمىغان سېھرىي چۈشەنچىلەر ، پاراڭلار، ئېتىقادلار لاتىن ئامېرىكىسى تۇرمۇشىنىڭ رېئال بۆلىكى، شۇنداقلا شۇ يەردىكى خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ۋەكىل بولالايدىغان ، ئۇنى ئەكس ئەتتۇرەلەيدىغان ھەقىقىي ھادىسە. شۇڭا سېھرىي تۈسكە ئىگە چۆچەكتەك ۋەقەلەرنى ، غايىۋىي پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندىمۇ ياۋروپا بىلەن ئەمەس، لاتىن ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى بىلەن زىچ باغلىغان.

غەرب ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىرغىزىستاننىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى قۇباتبېكنىڭ مۇنداق قىزىقارلىق بايانى بار: «. . . 1964-يىلى ئەرەبشۇناس ۋەلىمجان دېگەن دوستۇم ماڭا شەيخ سەئدىينىڭ ‹ گۈلىستان› دېگەن كىتابىنى بەردى، بىر قېتىم ۋاراقلىدىم، ھەممىسى مەنىسىز، قۇرۇق پەندى-نەسىھەتتەك تۇيۇلدى. ئۇ چاغدا غەرب ئەدەبىياتىنىلا ئوقۇيتتۇم، غەربنىڭ كىتابلىرىنىلا كۆرەتتىم. 20يىلدىن كېيىن، 1984-يىلى مىلتىقسى كىتابىنى قايتىدىن قولۇمغا ئالدىم، كۆچۈرىمۇ ئوقۇدۇم، يېتىپمۇ ئوقۇدۇم، تۇرۇپمۇ ئوقۇدۇم، شۇنداق قىلىپ، 20يىلدىن كېيىن سەئدىينىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. پۈتكۈل غەربنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ تۈگىمىدە يەنچىلگەندىن كېيىن سەئدىينى چۈشەندىم. قارىسام، غەرب ئەدەبىياتى كېلىشكەن، سۆلەتلىك مودا يىگىت ئىكەن، ئايال دېسە ئايالغا، ھاراق دېسە ھاراققا تويمايدىكەن، تىياتىر، توي-تاماشىغا ئامراق ئىكەن، يىگىتنىڭ گۈلى ئىكەن. ئۆزۈڭ بۇ، تاپقان ئەقلىڭ شۇ بولسا، يىگىتنىڭ گۈلىگە ئەگەشمەي ، كىمگە ئەگىشەتتىڭ؟ ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ، قىزلار بىلەن يۈرىدۇ، تانسىلارغا بارىدۇ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرساڭ، كۈنلەر قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيسەن. ئادەم دۇنياغا ئويناپ-كۈلۈش، يېيىش-ئىچىش ئۈچۈنلا كەلمەيدۇ-دە. كۈندىن كۈنگە سارغىيىپ، ئۆڭى ئۆچكەن يىگىتنىڭ پېشىنى قويۇۋېتىپ ئەتراپقا قارىدىم. شۇ چاغدا ئوشتىكى ئۇيغۇرنىڭ چايخانىسىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان بىر بوۋاينى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ، سەئدىي ئىدى. ئۇ، بۇ تەرىپى قەشقەردىن، ئۇ تەرىپى مەككە -مەدىنىگىچە پىيادە ئايلىنىپ كېلىپ، بۇ چايخانىغا كىرىپ ئولتۇرغانىكەن. پاراڭلىشىپ قالدىم. شەرققە مانا شۇنداق قايتىپ كەلدىم. شەرقنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاددىي بولسىمۇ، ئىچىدە ناھايىتى نۇرغۇن دۇنيا بار ئىكەن. ئۇنى بىلىش ئۈچۈن تەييارلىقىڭ بولۇشى كېرەك ئىكەن. ئۇ تەييارلىقنى مەكتەپلەر بەرسە بولاتتى، بىراق بىزنىڭ مەكتەپلەردە سەئدىي ئەمەس، مايا كوۋسكىي، جامىي ئەمەس، بابايېۋسكىي ئۆتۈلىدۇ. . . »

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، غەرب ئەدەبىياتىدىكى كافكا، كامىيۇ، پروست، جويسلارنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ياۋروپا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا ئەدەبىياتىنى 20يىل ئۆگەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق يازغۇچى ئاخىرى شەرققە قايتىپ ، سەئدىينىڭ ئىدىيىسى، پەلسەپىسىگە ھەيران قالغان. «شەرقنى چۈشىنىش ئۈچۈن تەييارلىقىڭ بولۇشى كېرەك ئىكەن» دېگەن سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنىسى بار. شەرقنى قىبلىپبازلىقنىڭ، ئەندىزىنىڭ ئۆۋىسى دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئوبرازلىق تەپەككۇر ھېچقاچان ئالدىن بەلگىلەنگەن قائىدىلەر ئاساسىدا تىكلەنگەن ئەمەس. ئىنسان تەپەككۇرى ئىجادىي، چەكسىز بولىدۇ. شۇڭا، مەيلى نەدىن ئۆگەنگەن نەزەرىيە بولسۇن، باشقىلار ئارقىلىق ئۈزلەشكەن ئۇسلۇب ۋە تەجرىبە بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ، ئىجادىيلىقنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ قالسا بولمايدۇ. ۋاستىنى مەقسەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىش ئوخشاشلا قېلىپبازلىق بولىدۇ.

كىشنى ئەپسۇسلاندۇرۇدىغىنى شۇكى، مىللىي ئەدەبىياتنى شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن يېڭىلاش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىۋاتقان بىر قىسىم ياشلىرىمىز شەكىلنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ بولۇشىنى قوغلىشىپ، تەكلىماكان ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ياشاۋاتقان كىشلەرنى ۋە ئوقۇرمەنلەرنى ئۇنتۇپ قالماقتا.

ھەرخىل ئەدەبىي ئېقىملارنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىش ئورنىغا نوقۇل دورامچىلىققا ئۆتمەكتە. راست گەپنى قىلغاندا، تېخى پىشمىغان بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ئاددىيلىقىنى شەكىلنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن يوشۇرماقتا. شۇڭا، ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرلا ئەمەس، ئەدەبىيات كەسپى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئوقۇرمەنلەرمۇ ھېس قىلالمايدىغان، شىنجاڭلىقلارغا ناتونۇش، غەربنىڭ ھەسرەتلىرى بايان قىلىنغان ،غەرب ئەدەبىياتىدا ئاللىقاچان پاخاللاشقان سىمۋوللار، تەسۋىرلەر تەكىتلەنگەن شېئىرلار ئۆزۈلمەي يېزىلماقتا. بۇنىڭدىكى توپ سەۋەب شەكىلۋازلىقتا. شوئار ۋە مەدھىيىلەرگە ،ۋەزىيەتنىڭ كانىيىغا ئايلانغان بۇرۇنقى شېئىرلار بىلەن ھازىرقى بەزى چۈشىنىكسىز شېئىرلار ئوتتۇرىسىدا ماھىيەت جەھەتتە چوڭ پەرق يوق، ئۇمۇ ئوخشاشلا شەكىلۋازلىق ئارقىلىق بەدىئىي ئىجادىيەتنى مەلۇم مەخسەتنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىزدىنىش ھەممىدىن مۇھىم. ئىزدىنىش قانچىلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا، مۇۋەپپەقىيەتكە شۇنچىلىك يېقىنلىشىدۇ. شۇنى ئۇنتۇمايلىكى، بىز باردىغان مەنزىل غەرب ئەمەس، شەرقنىڭ ئۆزى. مودېرنىزم، سېھرىي رېئالىزم، دادائىزم، ھالقىما رېئالىزم قاتارلىق يۈزلىگەن ئېقىملارنى شىنجاڭدا مانىپۇر قىلىش ئۈچۈنلا ئۆگەنسەك، خاتا قىلغان بولىمىز. ئۇلارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، مىللىي ئەدەبىيات بىلەن قوشۇپ يۇغۇرۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆزۈق يارىتىشىمىز كېرەك. غەرب ئەدەبىياتىنى دوراشنى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى، دەپ قارىماسلىق كېرەك. غەرب ئەدەبىياتىنىڭ ئاجايىپ بەدىئىي تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى شەرق تۇپرىقىدا تەبىئىي يېتىلدۈرۈپ، يېڭىچە ئىجادىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى يارىتىش جەريانى ئۇنداق ئاددىي جەريان ئەمەس.

شەرق ئەدەبىياتىدا سۆزنىڭ تاشقى شەكلىگە ئەمەس، ئىچكى مەنىسىگە زور ئېتىبار بېرىلىدۇ. شەرقتە سۆز سەنئىتى ھەممىدىن يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ. بىزنىڭ مىللەتلىرىمىزدە سۆزنى قەدىرلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنە بار. شەرق ئۈچۈن ئاددىي ئېيتىلغان بىر ئېغىز سۆز ئېتىلغان ئوق بىلەن باراۋەر. بىراق بىز بۇنى ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمىدۇق. بۇرۇن ئەسەرلەردە مەدھىيە، خۇشامەت، ھەشقاللا سۆزلىرىنى، ئەمدىلىكتە سىرلىق، دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ساماندەك ئىشلىتىپ، سۆزنىڭ ئەسلى قىممىتىنى يوقىتىپ قويماقتىمىز. ئۆتكەن كۈنلەر ئۈچۈن ئارتۇقچە ئۆكۈنۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆزىمىزنى ئالساق، غەربلىك مودا يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ساما كەزدۇق، شاراب ئىچىپ ئازابلاندۇق، دوزاققا چۈشۈپ قەبرىلەردىن كېپىنىمىزنى سۆرەپ چىقىپ، قاراڭغۇ بوشلۇققا قاراپ: ئادەملەر، ماڭا قاراڭلار، مېنى ئېتىراپ قىلىڭلار، تونۇۋېلىڭلار، دەپ چۇقان سالدۇق. قان پۇرايدىغان مىسرالارنى يازساقمۇ ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمىدى، ھېچكىم ھاياجانلانمىدى، چۈنكى ئۇ سۇنئىي ئازاب ئىدى، يۈرەكنىڭ قېتىدىن چىقمىغان چۇقان ئىدى. ئۇ، شۇ مىللەت، شۇ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ،تەبىئىتىدە، ئانا سۈتى بىلەن ئاپىرىدە بولغان خاراكتېرىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھەسرەت ۋە خۇشاللىق بىلەن ئاھاڭداش ئەمەس ئىدى. بىز ئۇنى تاپالمىغانىدۇق. ئۇنىڭ بار يېرىنى غەرب ئەدەبىياتى ياكى شەرق ئەدەبىياتى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنى ھەربىر ئادەم ئىجادىيەت جەريانىدىلا تاپالايدۇ. ،چۈنكى ئۇ فورمۇلىسىز، تېئورىيىسىز ھالەتتە، رېئال ھاياتنىڭ تومۇرلىرىدا ئەركىن ئېقىپ يۈرىدۇ.

مەن بەزى زامانداشلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇلارنىڭ قانداقتۇ تۇيۇق يولغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئۇلار بۇ يولنىڭ ئايىغى چىقماس يول ئىكەنلىكىنى بىلگىچە 20 يىل، ھەتتا 30 يىل ئۆتۈشى مۇمكىن. ئاخىرى غەرب ئارقىلىق شەرققە ئۆتىدىغان يولنى تاپسىغۇ ياخشى، تاپالمىسا قانداق بولار؟ دېيمەن. تاپالمىسا، بۇ كېيىنكىلەرگە ئاچچىق ساۋاق، ئالتۇندەك تەجرىبە بولىدۇ، لېكىن ھەممە ئادەم تەجرىبىنىڭ قۇربانى بولسا بولمايدۇ-دە! بەزىلەر چوقۇم ئۆز يولىنى تاپىدۇ، تېپىشى كېرەك.

دوستلىرىم! ماڭغان يوللىرىڭلار ئاق بولسۇن، يىراق-يىراقلارغا، كۆز يەتمەس ئۇپۇقلارغا بېرىڭلار، لېكىن ئۆسۈپ يېتىلگەن تۇپراقنى ۋە ئۇنىڭدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئادەملەرنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. بىز ئۈچۈن تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشنىڭ ماكان ۋە زامان چەكلىمىسى بار. بۈركۈت قانچىلىك ئېگىز ، قانچىلىك يىراق پەرۋاز قىلسىمۇ، ئۆز ئۇۋىسىنى تاشلاپ كەتمەيدۇ، شۇڭا دۇنيادا بۈركۈتلا بوپكەلمەكتە. ئىنسانلار مۇشۇنداق ئوبرازنى ، مۇشۇنداق سىمۋولنى جان دەپ قوبۇل قىلسا كېرەك.

*ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: قىرغىز، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى(M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ تېخرېداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com



# ئەدەبىياتىمىزنىڭ روچىۋنلىرى

(ئەبجەش خاتىرە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن

«چاياندەك چاقىزلەر، چىۋىندەك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايسىسىنى ئۇراي مەن.»

ـ يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كەچكۈزنىڭ يېتىپ كېلىشى ناۋاكەش قۇشلارنى جىمىقتۇرۇپ قويىدۇ، توپلىشىپ ئۇچقان قاغىلارنىڭ ئالا-تاغىل ۋارقىراشلىرى سۈرۈن ھاۋانى بىر ئالىدۇ. بۇنداق ئاۋازلار قويۇقلاشقانسېرى ئېگىز سۇۋادانلارنىڭ ئۇچلىرى يالىڭاچلىنىپ، بىرقانچە تال ناتىۋان ياپراقلىرى مۇزدەك شامالدا ئاجىزغىنە تىترىشىدۇ. ئېقىن سۇلارنىڭ غوللىرى جۇدەشكە باشلاپ، ئېرىقلارنىڭ گىرۋەكلىرى ئەينەكتەك مۇز تۇتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قاغىلارنىڭ ئاۋازى گۇلخۇمار ھاشارەتلەرنىڭ ئۆچەككە كىرىشىنىڭ غەم-غۇسسىلىك بىشارىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يازنىڭ ۋە باش كۈزنىڭ ئاشقان-تاشقان مەئىشەتلىرىدىن جانلىنىپ كېتىشكەن چىۋىنلەرنىڭ بېشىغىمۇ كۈن چۈشىدۇ. تەبىئەت جىمى جانلىقلارغا ئەكەلگەن بۇ ئومۇمىي قىسمەت رىسقى ھەممىدىن كۆپ، تېز ئاينىيدىغان، يېپىشقاق چىۋىن قەۋمىنىمۇ ئۆزىدىن ساقىت قىلىۋەتمەيتتى. سوغۇققا ھەممىدىن بەك چىدىمايدىغان بۇ جانىۋارلار دېرىزە تەكچىلىرىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا پۇت-قوللىرىنى تۈگۈشكەن ھالدا جان تەسلىم قىلىشىدۇ. بەزىلىرىنىڭ كۆزى قىيامدۇ ياكى پەسىللەرنىڭ قانۇنىغا تەن بەرمەمدۇ قانداق، ئەبگا جىسمىدىكى ئاخىرقى جانلىرى بىلەن پۇت-قوللىرىنى سۇس مىدىرلىتىپ قويىدۇ، بەزىلىرى كەم كۆرۈلىدىغان جان ئاچچىقىدا گىڭىلدىشىپ قويىدۇ. كەچكۈزنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرى ئادىمىزاتقا قىلغان ئاخىرقى چاقچىقى سۈپىتىدە روجەكلەرگە گۈلدار نەقىشلەرنى قالدۇرغاندا، كىشى پۇراق ۋە ناۋادىن ئەسەرمۇ يوق ئەشۇ «گۈلىستان»غا قاراپ باھار ئەسلىمىسىگە چۆكۈش ئۈچۈن دېرىزە ئالدىغا ئىختىيارسىز كەپقالىدۇ. شۇ چاغدا بىر ئىش كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ: چىۋىن تائىپىسىنىڭ قاناتلىرى پارقىراقلىقىنى يوقاتقان، ئادەتتىكى چىۋىندىن سەل-پەل چوڭ، كۆكۈش كەلگەن بىر ئەزاسىنىڭ كۆزنەكلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، كېلەڭسىز ئۇچۇپ يۈرگىنى نەزىرىڭگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ شۇنداق زەئىپكى، سەنمۇ ئۆزۈڭدىكى زەئىپلىكنى ئاشكارىلىغان ھالدا ئەشۇنداق زەئىپ نەرسىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ قالىسەن.

- ئۇنىڭغا چىقىلماي، ئاۋايلاپ سىرتقا چىقىرىۋەت، - دەيتتى چوڭ ئانام گۈدەك چاغلىرىمدا، - ئۇنى روچۈن دەيمىز، ئۆلگەنلەرنىڭ ئەرۋاھى چۈن بولۇپ كېلەرمىش.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، توساتتىنلا شۈركۈنۈپ كېتەتتىم. رو چۈن ئۆزىنىڭ زەئىپلىكى بىلەن سەبىي يۈرىكىمگە ئەندىشە سالاتتى.

بۇرۇنقىلارنىڭ گېپى سىرلىق بولىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساددا كۆزىتىشلىرى بىلەن ھەممە نەرسىدىن روھنى كۆرىدۇ. روھ ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، شەيئىلەرگە ئۆزىنى سىغدۇرالماي بالقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار مەيلى ئاخشىمى، مەيلى كۈندۈزلەردە بولسۇن، روھىي بالقىشلارنىڭ ئاپتاپلىرىدا ئەپسانىنىڭ گۈل-چېچەكلىرىنى تاماشا قىلىدۇ.

تۈزۈك تەلىم كۆرمىگەن، سىدام بوۋاي-مومايلارنىڭ ھەشەمەتسىز گەپلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەلبىمدە تەكرار تەلقىن بولۇپ، زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ قىممەتلىك خام ئەشياسىغا ئايلىنىدۇ. چوڭ ئانامنىڭ روچۈن ھەققىدە ئېيتقان سۆزى ھازىرغىچە مېنى ئويغا سېلىپ كەلدى.

شۇنچە بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان بۇ روھنىڭ ئىگىسى زادى كىم بولغىيتتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈن سىياقىغا كىرىپ بۇ دۇنياغا كەپتۇ، ئۇنىڭ پانىي دۇنيادا چالا قالغان بىرەر ئىشى بارمىكىنە؟ بەلكىم، بىرەرسىنىڭ روھى بولماستىن، نەق چۈننىڭ ئۆزىدۇ. ئۇ، يازدا ياشاپ بولالمىغان ئۆمرىنىڭ ئىشرەتلىرىنى قىش بوسۇغىسىدىن ئىزدىمەكچىمۇ؟

بۇنى تەبىئىتىڭدىن كۆر، سەندە قىشتا ياشىغۇدەك خىسلەت يوق، دەپ قويىمەن خىيالىمنىڭ ئاخىرىدا.

خىيالنىڭ پۇتاقلىرى كۆپ بولىدۇ، تۇرۇپلا بىر خىيالدىن يەنە بىر خىيالغا ئۆتۈپ كېتىسەن. روچۈننىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتى ئەجنەبىي قىياپەتتىكى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ شالغۇت بەندىلىرىنىڭ خۇي-پەيلىگە ئىشارەت قىلدى.

ئەدىبلەر ۋە زىيالىيلارنىڭ چوڭ شەھەرلەرگە يىغىلىۋېلىشى زامانىۋىلىك ئالامەتلىرىنىڭ بىرى بوپقالدى. مەن ئەدەبىيات بازىرىدىكى قىزىق نۇقتىلىق ھۆپىگەر بولمىسامۇ، ھۆپىگەرلەرنىڭ تېۋىنىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان تولاشلىرى ئىچىدە ئاينىۋاتقانلارنىڭ بىرى.

بەزىدە ئۆزۈم سەبىي ئۇرۇنۇش بىلەن كىرىپ قالغان زىيالىيلار تەبىقىسىنى شەلۋەرىگەن يارا ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان چۈنلەر توپىغا ئوخشىتىپ قالىمەن. ھە، راست، روچۈنچۇ؟

ئەدەبىيات قوشۇنىمىز ئىچىدە ئاچچىق تۇز سېپىلگەن يۈرىكىنى ۋايسىماستىن كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، لېۋىنى چىڭ چىشلىگەن ھالدا ھايات ھەقىقەتلىرىگە يۈزلىنىۋاتقان نۇرغۇن قەدىرلىك ياشلىرىمىز بار. ئۇلار جەمئىيەتلىرىمىزدىن ۋە ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىن كۆپلەپ تېپىلىدۇ. ئەدەبىياتىمىز دەل ئەشۇنداق ياشلارنىڭ خەلق بىلەن چەمبەرچەس غۇرۇرى ۋە دەۋر بىلەنماس قەدەمدىكى سەممىمىي مەسئۇلىيىتى ئارقىسىدا كامال تاپىدۇ، دەپ قارايمەن. لېكىن، ئەدەبىيات قوشۇنىمىزنىڭ قويرۇقىدا ئەدەبىياتنىڭ باھادىر تەبىئىتىگە مۇخالىپ كېلىدىغان يات ئەرۋاھلارمۇ بار. ئۇلار پىتنە نىجاسەتلىرىنىڭ يۇقۇندىلىرىنى ئورۇق - ئىنچىكە پۇتلىرىغا يېپىشتۇرۇپ ئۆي-ئۆيلەرگە توشۇيدۇ.

دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ياكى كەچلەردە مېنىڭ ئۆي تېلېفونۇم ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرىنىڭ مەخسۇس تېلېفونىدەك ئارقا-ئارقىدىن جىرىڭلاپ كېتىدۇ. تېلېفون بەرگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە مەن بىلەن كۆرۈشكىسى بار ئەدەبىيات مۇخلىسلىرى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ۋاقتىم قىس بولغاچقا، كۆپىنچىلىرىگە ئۆزرە ئېيتىمەن. لېكىن، بەزىلىرى مېنى ئىزچىل دېرەكلەپ، كۆرۈشۈش ئارزۇسىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالىدۇ. بازار ئىگىلىكى ئەدەبىياتتىكى ئىخلاسمەنلەرنى شالاڭلىتىپ قويدى. ئىنسان كەيپىياتىنىڭ كۆرسەتكۈچى بولغان يۈرەك ھەققىدىكى گەپلەر بارغانسېرى يانچۇق ۋە قورساق ھەققىدىكى گەپلەرگە ئورۇن بوشىتىشقا باشلىدى. كىشىلەر قورساقلىرىنى سىلاشقان ھالدا جەمئىيەت خاھىشلىرىغا نەزەر ئاغدۇرۇدىغان بوپكېتىشتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئەدەبىيات ۋە مەنىۋىيەتتىن گەپ ئېچىش ھەۋەسى بارلار مايىللىق قوزغىماي قالمايدۇ. ئاخىرى مەن بوسۇغامغا كەلگۈچىلەرنى تۆرگە باشلاپ، چاي ياكى تائام بىلەن مېھمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن، سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىمەن.

مېنىڭ شۇنداق قىلىپ كەلگىنىمگە ئۇزۇن يىللار بوپكەتتى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئازساندىكىلىرى بۇرۇنقى ئىخلاسىدا تۇرۇپ، ئاز-تولا نەتىجە يارىتالىغان بولسىمۇ، ئەمما، نۇرغۇنلىرى قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك غايىب بوپكېتىشتى. غايىب بوپكەتسىمۇ مەيلى ئىدى، چۈنكى غايىب بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ دەرگاھىنى تېزراق تاپقىنى ئەۋزەل. ئەپسۇسكى، ئۇلار غايىب بولۇش بىلەن بولدى قىلمايدۇ. جەمئىيەتتە ئەدەبىياتنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ھىممەت داستىخىنىنى يايىدىغان ھاياجان تېپىلىق ئادەملەر مۇشۇ كۈنلەردىمۇ تېپىلىپ قالىدۇ. نېمىشقىدۇر ئانچە روناق تاپالمىغان بۇنداق سورۇنلار بىر قىسىم كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ، ۋەھالەنكى، بۇنداق جەلپكارلىق ئەدەبىياتنىڭ روچۈنلىرىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ئۇلار كەچ كىرىش بىلەنلا، ئىلدام قەدەملىرى بىلەن ئەدىبلەرنىڭ ئۆيىگە يول ئېلىشىدۇ، ئۇلار مۇلايىملىق، رايىشلىق، مىسكىنلىك،

www.uyghurkitap.com

كەمتەرلىك، خۇشخۇيلۇق كەبىي چىراي سەنئىتى بىلەن ئەدىبلەرنىڭ ئېھتىياتچان ئىچكى دۇنياسىغا زۇكامدەك سىڭىپ كىرىدۇ. ئەدىبلەر كۆز ئالدىدا تەلەپچان ھەمساددا كۆرۈنگەن «ھەۋەسكار» لارغا ئەسەر، ئاپتور، ۋەزىيەت ھەققىدە سەمىمىي سۆزلىرىنى ئېيتىدۇ. «ھەۋەسكار» لار ئەتەي قايىللىق چىقىپ تۇرغان قىياپەتلىرى بىلەن ساھىپخانغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ھالدا قايتىشىدۇ.

مەرھابا! بىر قانچە ھەپتە ئۆتىدۇ. «ھەۋەسكار» لارغا كۆيۈپ-پىشىپ ئېيتقان سۆزۈڭنىڭ تامامەن ئۆزگەرگەن شەكلىنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايسەن. ئۇلار تۇپەيلى ئەدىب دوستلارنىڭ ئارىسىدا ئۇقۇشماسلىق ۋە ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ.

«ھەۋەسكار» دېگەن بۇ نام ئەسلىدە ماڭا يېقىملىق ئاڭلىناتتى. مېنىڭمۇ تەمتىرەش، ئارىسالدا بولۇش، قورۇنۇش، مەيۈسلىنىش بىلەن تولغان ھەۋەسكارلىق دەۋرىم بولغان. پىشقان ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئەقىدىسى ھەۋەسكارلارنىڭ ئىشتىياقىدەك سىرلىق، رومانتىك بولمايدۇ. ھەتتا، ھەۋەسكارلار ئەدەبىياتنى تۇتېمغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ قۇربانلارنى بېرىشتىن يانمايدۇ. مانا بۇ ئەدەبىيات ئىشقى ئەكەلگەن لەززەت. ئەپسۇس! ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇچرىشىمىغان قاراشتىكى ئەدىبلەرنىڭ ئايىغاقچىسى ۋە تىلى-تىگچىسى بولۇشنى كەسىپكە ئايلاندۇرۇۋالغان جانباقتىلارمۇ ئاز ئەمەس. شان-شەرەپ كوچىسىدا سەۋدالىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىدىن ئەندىشە قىلىپ، قارا تەر بېسىپ تۇزۇك ئۇخلىيالمايدىغان بەزى ئەدىبلەر ئاللىنېمىلەرنى پەش قىلغان ھالدا ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن ھەۋەسكارلارنى ياللىۋالىدۇ.

ئۆزىنى «ھەۋەسكار» دەپ ئاتىۋالغان بۇ بىر يۈرۈش روچىۋىنلەر قونغانلىكى يەردە پىتنە-پاساتنىڭ رەزىل قۇرتلىرى مىغىلداپ كېتىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي مەيدان جەھەتتە ناجىنىس كېلىدۇ، ئۇلار ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانچىلىق، ئەدەبىيات-سەنئەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە چالا. بۇخىل چالىلىق ئۇلاردىكى ئېغىر ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنى پەيدا قىلغان بولۇپ، بۇ چۈشكۈنلۈك ئۇلارنى ھاياتنىڭ لىللا كوچىسىدىن ئېپلاسلىق كۆلەڭگىسىدىن زەيلىشىپ كەتكەن كوھقاپقا سۆرەپ ئاپارغان. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا پايپاسلاپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلار سەسكىنىشلىك لىچىنكىلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇش بەدىلىگە جەمئىيەتتىن كۈتۈلمىگەن نېسۋىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ۋۇجۇدى كېچىكىپ بايقىلىدىغان ۋىرۇسلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.

چالىلىق كىشىنى نېمىگە باشلىمايدۇ؟ ئوغۇلبالىنىڭ خورۇجىمۇ چالا بوپقالسا، قىلمىغىنى قالمايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ روچىۋىنلىرى دەل ئىنسانىي مەرىپەتتىكى چالىلىق تۇپەيلى كېچىگە ياكى كۈندۈزگە تەۋە بولمىغان زاۋال پەيتلىرىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىنىڭ سەھنىسى قىلىپ تالىۋېلىشقان. بۇددا رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، بەزى روھلار يائادەم بەدىنىگە، يامەخلۇقلارنىڭ بەدىنىگە كىرەلمەي، سەرسانلىقتا لەيلەپ يۈرىشىدىكەن. ئەدەبىياتنىڭ روچىۋىنلىرى ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىنى تېزراق تونۇسا ياخشى بولاتتى. ئۇلار ياچىۋىن بولۇشى يامەغپىرەت تىلەۋاتقان ئۇزۇل-كېسىل روھلاردىن بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ روھ چىۋىنى بولۇۋالغىنى نېمىسى؟

ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىنى تونۇماسلىق ئاسىيلىقنىڭ سىپايە پاكىتى. روھ چىۋىنى ئۆزى ياشاشقا تېگىشلىك پەسلى ياكى ماكان-زامانىنى توغرا تاللىمىغان ناتىۋانلارنىڭ ئەرۋاھى.

ئاداققى دەرگاھلاردىمۇ ئۆزىنى تاپالمىغان ئەرۋاھلارنى تەبىئەتتىن بىراقلا يالتايتىش ئاسان ئەمەس، ئۇلارنىڭ تارىختىن ئىبارەت نوھ كېمىسىگە سوقۇنۇپ چىقىۋېلىشى ھەر زامان مۇمكىن. بىز پەقەت ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىسەكلا، ئەخلاق رىسالىمىزنىڭ قىممىتى ئالدىراپ سۇنمايدۇ.

2001-يىل 10-ئىيۇن، ئۈرۈمچى


---

ئاپتور: شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى(M2)

## بايانات

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# «كرورەن گۈزەلى» ياپونىيەدە

## دېڭىز بىلەن قۇملۇقنىڭ دىئالوگى

### ــ مەريەم خانىمنىڭ «ئۇلۇغ ئوكياندىن كەلگەن سادا» ناملىق ماقالىسىگە ئىلاۋە

ئەسەد سۇلايمان

يېقىندا شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى مەريەم خانىم ياپونىيىدىن ئەكەلگەن «كرورەن گۈزىلى» ناملىق چوڭ تىپتىكى زامانىۋى ئۇسسۇلنىڭ سىنئالغۇ لېنتىسىنى كۆردۈم. 15 مىنۇت ئەتراپىدا ئوينالغان بۇ ئۇسسۇل غەربنىڭ زامانىۋى ئۇسسۇلى (ModernDance) بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى بولغان سەنەم ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن سەنئەت يۈكسەكلىكىدە بىرلەشتۈرۈلگەندى. . .

بىرقانچە كۈنگىچە «كرورەن گۈزىلى» ناملىق بۇ ئۇسسۇلنىڭ سەنئەتلىك ئەۋجىدە گاڭگىراپ يۈردۈم. قەلبىمدىكى ھاياجان ئاستا-ئاستا بېسىققاندىن كېيىن، ئۆز-ئۆزۈمگە تەمكىنلىك بىلەن سوئال قويدۇم: ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت قاتلىمى تارىختىن بۇيان ئۆزىگە قانداق بىر ئەندىزىنى تۇرغۇزۇپ كەلدى، ئۇ ئۆزىگە تالىق بولغان مەنىۋى ئېنېرگىيىنى قانداق تولۇقلىدى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەش ۋە دۇنيا سەنئىتى بىلەن دېئالوگ ئېلىپ بارالىشىنىڭ سىرى نېمە، دۇنيا بىر گەۋدىلىشىۋاتقان، ئىقتىساد، مەدەنىيەت يەرشارىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ، سەنئىتىمىزنىڭ چىقىش يولى نەدە! ؟ . . .

تەرەققىيات ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش بۈگۈنكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ رېئال تەلىپى. ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى دۇنيا مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك گەۋدە بىلەن ئۆزئارا دىئالوگ ئېلىپ بارالىغاندا شۇنداقلا ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنالىغاندىلا ئاندىن دۇنيا خەلقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغائېرىشەلەيدۇ. ئەمما شۇنىمۇ تەكىتلەش زۆرۈركى، مىللىي سەنئەتنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش-نىڭ ئالدىنقى شەرتى ھەرگىزمۇ مىللىي مەزمۇننى يوقىتىپ، غەرب سەنئىتى بىلەن بولغان ئوخشاشلىقنى ساقلاشتا ئەمەس. تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىشىش ئاجايىپ زىددىيەتلىك بىر جەريان. ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمىگە ئېغىر بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلۇغ ئوكيان ئارقىلىق ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىپ تۇرغان ياپونىيە تەرەققىيات ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئېغىر بەدەل تۆلىگەن دۆلەتتۇر. بۈگۈنكى ياپونىيە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە تەپەككۇر ئەندىزىسى جەھەتتە ئاللىقاچان غەرب چەمبىرىكىگە ئۇسۇپ كىردى. ياپون خەلقى 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تراگېدىيىلىرى ئىچىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزىنى ۋە دۇنيانى، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق سىمفونىيىسىنى چۈشىنىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى. ياپونىيىلىكلەرنىڭ تەرەققىيات چۈشەنچىسى ئەنە شۇنداق شارائىتتا تۇغۇلدى. شۇڭلاشقا ئۇلار: «Sayonara Asia» (خەير-خوش ئاسىيا)

## سەنئەت دۇنياسى

www.uyghurkitap.com

دىگىنىچە ئاسىيانى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ۋەھالەنكى، ياپونىيىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە شەرقتىكى باشقا كۆپلىگەن ئەللەرگە ئوخشاشلا ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنىڭ مەڭگۈلۈك زىددىيىتى يوشۇرۇنغانىدى. ياپونىيە تەرەققىي قىلىپ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ھېسابىغا قۇربان بەرگەنلىرىنى، ئېرىشىش بەدىلىگە يوقاتقانلىرىنى، يېڭىلاش يولىدا ۋاز كەچكەنلىرىنى ئېسىگە ئالدى. دەرۋەقە، كۆپلىگەن ياپونىيىلىكلەر زامانىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، شەرق مەدەنىيىتىگە تويۇنغان ئاسىياغا نەزەر سالدى. جىددىي تەرەققىيات دولقۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللىي ئەنئەنە ۋەھىمىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن زامانىۋى كەمتۈكلۈكلەرنى سەنئەت يۈكسەكلىكى ئارقىلىق تولۇقلاشقا تىرىشتى. فۇجى مىئېكو خانىم لايىھىلىگەن «كرورەن گۈزىلى» ناملىق ئۇسسۇل دەل مۇشۇنداق شارائىتتا مەيدانغا كەلدى.

«كرورەن گۈزىلى» نىڭ جەستى بايقىلىپ 12 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېپەن ئارىسىدا تۇگۈلۈپ قالغان جىسمى ۋە چىرايى ياپونىيىدە ئېلېكترونلۇق مېڭە تېخنىكىسى ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. دۇنيا خەلقى تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىدا نەچچە مىڭ يىللاپ ئۇخلىغان كرورەنلىك انىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل جامالىدىن لەرزىگە ەلدى. يەنە 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 2001-يىل 29-مارتتا توكيودا «كرورەن گۈزىلى» ناملىق چوڭ تىپتىكى زامانىۋى ئۇسسۇل ئوينالدى ھەمدە تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ زور زىلزىلە قوزغىدى.

فۇجى مىئېكو خانىم لايىھىلىگەن بۇ ئەسەردىكى باش رولنى، يەنى «كرورەن گۈزىلى» نىڭ رولىنى 20 ياشلىق ئۇيغۇر قىزى - مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇسسۇل فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇلۇغ ئىنقىلاب پېشۋاسى مەرھۇم ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ نەۋرىسى - ئاينۇر قاسىمى ئورۇندىغانىدى. پۈتكۈل ئۇسسۇل جەريانىدا يۈزىگە نىقاب تارتقان ئالتە نەپەر ياپون قىزى ئاينۇر قاسىمىنىڭ ئۇسسۇلىغا تەڭكەش قىلىپ ئوينىغانىدى. ھازىرقى زامان ئۇسسۇلى (ModernDance) بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ ئۇسسۇل ئەسىرىدە ئۇلۇغ ئوكياندىن مەركىزىي ئاسىيادىكى تارىم چوڭقۇرلۇقىغا تاشلانغان بۈيۈك بىر سوئال گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ: ئۇيغۇر سەنئىتى مىللىيلىك بىلەن دۇنياۋىيلىقنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا، تارىم ئويمانلىقى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەركىن دىئالوگىدا يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىدۇ!...

«كرورەن گۈزىلى» ناملىق بۇ ئۇسسۇل ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىدىكى تۇنجى كۆزنەكنى ئاچتى. ئوكياننىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى خەلقلەر بىلەن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت دىئالوگىنى ئىلگىرى سۈردى. تارىم ئويمانلىقىغا دۈملەنگەن قەدىمكى مەدەنىيەتنى ۋە مۇشۇ مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلغۇچى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتىنى دۇنيا بىلەن تونۇشتۇردى. ئۇلۇغ ئوكياندىكى ئارال دۆلىتىدە ياشايدىغان ياپونىيىلىكلەر سەنئەت ۋاستىلىرىنىڭ چەكسىز ئىمكانىيىتىدە يىراق تەكلىماكاندىن كېلىۋاتقان مىسلىسىز گۈزەل كۈينى ئاڭلاشقا ۋە قەلب چوڭقۇرلۇقىدا چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولدى!... ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ خەلقىمىز «بۇ گۈزەل كۈينى قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە تەكلىماكان گىرۋەكلىرىنى يالاپ ئېقىۋاتقان تارىم سۈيىنىڭ يېنىك شاۋقۇنىدىن، سانجاق-سانجاق قۇم بارخانلىرىنىڭ تىنىمسىز جىمىرلىشىدىن، لوپنۇر كۆلىنىڭ بارا-بارا ئاجىزلاپ كەتكەن تىنىقىدىن، قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنىڭ مۇگدىشىدىن، تەكلىماكان چۆلىنىڭ مەڭگۈلۈك سۈكۈناتىدىن ئاڭلاپ كەلدى ھەم مەڭگۈگە ئاڭلىغۇسى!...»

مەريەم خانىم توكيو خوكوتوپىئا سارىيىدا قويۇلغان «كرورەن گۈزىلى» ناملىق بۇ زامانىۋى ئۇسسۇلنىڭ بىۋاستە تاماشىبىنى سۈپىتىدە مەزكۇر تەسىرات ماقالىسىنى يېزىپ چىقتى. ماقالە ئانا يۇرتتىن ئايرىلىپ يىراق ئەلدە ھايات ۋە كەسىپ ئۈچۈن كۈرەشتىكى ۋەتەنداشلارنىڭ يۇرتقا بولغان مۇھەببىتى، مىللىي سەنئەتكە بولغان غورۇر-ئىپتىخارى شۇنداقلا 78 ياشلىق ئۇسسۇل پېشۋاسى فۇجى مىئېكو خانىمنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ سەنئىتىگە بولغان تەسىراتىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەزكۇر ماقالە زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تىرىشقان ئىلمىي ئەمگەكلەردىن ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما ئۇلۇغ ئوكيان بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ سەنئەتلىك دىئالوگىدىن ئۈچۈر بېرەلەيدىغان جەلپكار تەسىرات ماقالىسى دېيىشكە بولىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، ئەدەبىيات دوكتورى(M2)

# ئۇلۇغ ئوكياندىن كەلگەن سادا

## - ياپونىيە ھازىرقى زامان ئۇسسۇلى (مودېرنىزملىق ئۇسسۇل)پېشۋاسى فۇجى مىئېكو خانىم ۋە ئۇنىڭ «كرورەن گۈزىلى»ناملىق ئۇسسۇلى ھەققىدە

### مەريەم ساقىم

ئانا!
ساچىر خانىمنىڭ داچىسى بارمىش.
سېنىڭمۇ بار داچىدەك كەپەڭ.
بارمىش يەنە شاھزادە ئوغلى،
سېنىڭمۇ بار بىر شائىر ئوغلۇڭ.
ساچىر خانىممۇ ئۆزىگە خانىش،
سەن خانىشى تەكلىماكاننىڭ،
سېنىڭ ئاناڭ كرورەن خانىش!

- ئابدۇلباسىت ئابدۇراھماننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1988-يىل 1-سانىغا بېسىلغان «ئانا» داستانىدىن.

ياپونىيە ھازىرقى زامان ئۇسسۇلى (ModernDance) پېشۋاسى، 78 يىللىق ئۆمرىدە كۆپ قېتىم دۆلەتلىك ئەڭ ئالىي ئۇسسۇل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن فۇجى مىئېكوخانىمنىڭ «كرورەن

گۈزىلى» ناملىق ئۇسسۇلى 2001-يىلى 29-مارتتا ياپونىيە توكيو خوكوتوپېنا سارىيىدا 33-قېتىملىق «قۇياش پەرزەنتلىرى ئۇسسۇل كۆرىكى» سەنئەت كېچىلىكىدە ئوينالدى ۋە تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىش - مەدھىيىسىگە ئېرىشتى.

يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «قۇياش پەرزەنتلىرى ئۇسسۇل كۆرىكى» پروگراممىسىنىڭ دۇئايى سالامىدا مۇنداق يېزىلغانىدى: «بۈگۈن ئالدىراشلىقىڭلارغا قارىماي〈33-قېتىملىق قۇياش پەرزەنتلىرى ئۇسسۇل كۆرىكى〉نى كۆرۈشكە كەلگىنىڭلارغا، ھەممە ئارتىسلار نامىدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

21-ئەسىرنىمۇ كۈتۈۋالدۇق. دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ئادەتتىكى تەسەۋۋۇرىمىزدىن ئالاھىدە تېز بولماقتا. تۇرمۇش رەڭگارەڭ مەزمۇنلار بىلەن تويۇنۇپ، ئۆزگىرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر مەنىۋى ھاياتىدا نېمىنىڭدۇر يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشماقتا. ئۆزئارا تەقدىم قىلىشقا - بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ئەسلىدە ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ھازىر كىشىلەر بىر-بىرىگە بېرەلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ تولىمۇ ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆڭلىمىزنى بەكمۇ يېرىم قىلىدۇ.

بىز ئۇسسۇل ساھەسىدىكىلەر كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يەنى ئىنسان ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قىزغىن - مول ھېسسىياتنى كىشىلەر قەلبىدە ئويغىتىش ئۈچۈن تىرىشىمىز.

بۈگۈنكى سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، فۇجى مىئېكو خانىمنىڭ ئۇسسۇل تەتقىقات ئورنىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن ئۇيغۇر قىزى ئاينۇر قاسىمىمۇ〈قۇياش پەرزەنتلىرى〉نىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە بىز بىلەن بىللە سەھنىدە يۇقىرىقى ئارزۇلىرىمىزنىڭ رويابقا چىقىشىدا ئۆز ھەسسىسىنى قوشقۇسى».

ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان «كرورەن گۈزىلى» ناملىق ئۇسسۇل باشلىنىشى بىلەنلا تاماشىبىنلارنى كۈچلۈك جەلب قىلىۋالدى.

15مىنۇتلۇق بۇ ئۇسسۇلنىڭ 1-قىسمىدا، تەكلىماكاننىڭ شەرقىي بۈرجىكىدە ئاللىقاچان غايىب بولغان كرورەن شەھەر دۆلىتىنىڭ سىرلىق ئۆتمۈشى، چەكسىز ئۇزاق زامانلار، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چوڭقۇر سۈكۈناتى؛

2-قىسمىدا تەبىئەتنىڭ سېھرىي كۈچى - گۈزەللىكى، قۇم بارخانلىرىدىكى قۇياش جۇلاسى، پايانسىز قۇملۇق ئۈستىنى ئوراپ تۇرغان ساماۋى بوشلۇق، قۇم ۋە قۇياش بىر گەۋدىگە ئايلانغان ، ساناقسىز قۇم بارخانلىرى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن تەكلىماكان چۆلىنىڭ سېھىرلىك مەنزىرىسى؛

3-قىسمىدا كرورەن شەھەر دۆلىتىنىڭ گۈللەپ-ياشنىغان ئالتۇن دەۋرى، سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشى، ئىنسانىيەتنىڭ سىرلىق تەبىئەت قوينىدا جاسارەت بىلەن ياشاۋاتقان ساپ، سەبىي دەۋرى. . . دېڭىزنىڭ ئۇ قىرغىقى بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەتنىڭ گىرەلىشىشى ، سىڭىشىشى، ئۆتۈشۈشى . . . تەبىئەتنىڭ تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن قەھرى-غەزىپى، قۇم بارخانلىرىنىڭ سىرلىق غايىۋى بوشلۇقتا قۇتۇرىشى، پۈتكۈل ئالەمنى يالماپ يۇتىۋېتىدىغاندەك شىددەتلىك ھۇۋلىشى، قۇملۇق گويا تىترەپ، نەرە تارتىۋاتقاندەك قۇم بارخانلىرىنىڭ سىلكىنىشى. . . 〈كرورەن گۈزىلى〉نىڭ تەبىئەتنىڭ ياۋۇزلۇقى بىلەن كۆرەش قىلىشى، ئارقىدىن تەكلىماكان قوينىنىڭ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى بولغان چۆل سۈكۈناتىغا ئەسىر بولۇشى. . . تەكلىماكان كېچىسىنىڭ سىرلىق سۈكۈناتىنىڭ قايتا باشلىنىشى. . . شەھەرنىڭ سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشىنى ئۆزى بىلەن بىللە تەكلىماكان قۇملۇقىغا دەپنە قىلىشى. . . تەكلىماكان 〈كرورەن گۈزىلى〉نى ئۆزىنىڭ يۇمشاق قۇملىرىغا ئوراپ ، پەپىلەپ ئەللەيلىتىپ، مەڭگۈلۈك تىنچ ئۇيقۇغا كەتكۈزىشى. . . . تەنىنىڭ يەر ئاستىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىشى. . . كرورەندە پاتقان سىرلىق قۇياشنىڭ جىلۋىسى، تەكلىماكاندا غايىب بولغان قەلئە - شەھەرلەرنىڭ شاۋقۇنلۇق ھاياتى، «كرورەن گۈزىلى» نىڭ غايىۋى ھېكايىسى، گۈزەل ئۆتمۈشى، تاتلىق تەبەسسۇمى بىلەن ئاچچىق كۆز يېشىدىن پۈتۈلگەن سىرلىق رىسالىسى. . . تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلىۋاتقان قۇياشنىڭ «كرورەن گۈزىلى » نىڭ روھىنى قايتا يورۇتۇپ ، تەكلىماكان سوۋغا قىلغان مىسلىسىز گۈزەل كۈيى. . . نى ياڭرىتىپ، ئىنسانلارنى ھاياتقا، ياشاشقا - بەختكە چىللىشى. . . تاماشىبىنلارنى ئۈمىد، ھاياجانغا چۆمدۈردى. ئۇلار بۇ ھېسسىياتنى ئۇزاقتا سوزۇلغان ئالقىش - مەدھىيىلىرى بىلەن ئىپادىلەشتى.

فۇجى مىئېكو خانىم 1994-يىلى ياپونىيە «گۆھەر تاج» سەنئەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ۋە «ياپونىيە ئۇسسۇل بىلەن كېسەل داۋالاش ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ ھازىرغىچە شۇ ۋەزىپىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

فۇجى مىئېكو خانىمنىڭ شەخسىي نامىدىكى بۇ ئۇسسۇل تەتقىقات ئورنى 1947-يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۈچ ياشتىن تارتىپ 70ياشقىچە بولغان تالاي ئادەمنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. فۇجى خانىمغا ئەتىنىڭ ئۈمىدى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى بېغىشلاپ كېلىۋاتقانلار ئۇنىڭ شاگىرتلىرى. شۇ شاگىرتلىرىدىن بىرى 43ياشلىق بابا خىكالى خانىم بەش يېشىدا فۇجى خانىمنىڭ تەتقىقات ئورنىغا ئۇسسۇل ئۆگەنگىلى كەلگەن، كېيىن ئامېرىكا جۇللىئادو ئۇسسۇل -مۇزىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، 19يىل ئامېرىكىدا ياشاپ ، ئۈچ يىل ئاۋۋال فۇجى خانىمنىڭ ئۇسسۇل تەتقىقات ئورنىغا قايتىپ كەلگەن. تەتقىقاتچىلار فۇجى خانىمنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتى ۋە ھېسسىياتى باباخىكالىنىڭ ئۇسسۇلىدا ئىپادىلىنىدۇ، دېيىشىدۇ.

1988-يىلى فۇجى خانىم ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا ئويۇن قويۇشقا بارغاندا بىپايان يايلاقتا كۈننىڭ چىقىشىنى تاماشا قىلغان. ئۇ، شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى ماڭا مۇنداق بايان قىلغانىدى: «شۇ مىنۇتتىكى ھېسسىياتىمنى ئاددىي تىل بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئىپادىلەشكە ئاجىزمەن. مەن گويا قۇياش بىلەن ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغاندەك، ۋاقىت توختاپ قالغاندەك، يۈرىكىم ھەيرانۇ-ھەسلىكتە قېتىپ قالغاندەك ھالەتتە بولدۇم ۋە ئاستا-ئاستا ئۆزۈمگە كەلدىم. شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمدىن ۋۇجۇدۇم، زېھنىم، يۈرىكىم بىلەن ساغلاملىقنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن نەقەدەر زۆرۈر ۋە ئۇلۇغلۇقىنى چۈشەندىم.

شۇ سەپەردىن قايتىپ كېلىپلا《فۇجى مىئىكو ئۇسسۇل تەتقىقات ئورنى》نى كېڭەيتىپ《ئۇسسۇل بىلەن كېسەل داۋالاش》تەتقىقاتىنى باشلىدىم».

ئۇ، تەتقىقات خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇسسۇل بىلەن كېسەل داۋالاش بىلىملىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان. فۇجى خانىم 1999-يىلى ئۆكتەبىردە ئۈرۈمچىدە «ئۇسسۇل بىلەن كېسەل داۋالاشنىڭ ئەمەلىي مەشىقى» توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىگەندى.

فۇجى خانىم 198-يىلى جۇڭگو مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپى بىلەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە ئۈرۈمچىدە بولغان ۋە مەشھۇر ئۇسسۇل ئۇستازى قەمبەرخانىم بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ ئۇچرىشىش فۇجى خانىمنىڭ قەلبىدە تولىمۇ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغاچقا، ئۇ ھەمىشە: «مەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھماندوست پەزىلىتى، گۈزەل ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ بەكمۇ سۆيۈندۈم. بىز قايتىدىغان چاغدا قەمبەرخانىم مېنى قۇچاقلاپ خوش ئېيتتى. شۇ چاغدا مەن مېھرىبان ئانىنىڭ ئىللىق باغرىغا بېشىمنى قويغاندەك غايەت يېقىملىق بىر ھېسسىياتتا بولغانلىقىمنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇيالمايمەن» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

فۇجى مىئىكو خانىمنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن، ياپونىيە مەدەنىيەت باشقارمىسى خەلقئارالىق پەن-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئورنى بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇسسۇل فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئاينۇر قاسىمىنى 2000-يىل ئۆكتەبىردىن 2001-يىل 31-مارتقىچە ئىلمىي زىيارەتكە تەكلىپ قىلدى. ئاشۇ قىسقىغىنە ئالتە ئاي جەريانىدىكى ھېسسىياتىنى فۇجى خانىم مۇنداق ئىپادە قىلىدۇ: «ئاينۇر مېنىڭ تەتقىقات ئورنۇمغا كېلىپ بىللە ئۆگىنىش، تەجرىبە-ئىلىم ئالماشتۇرۇش جەريانىدا زامانىۋى ئۇسسۇلنى ئۆگەندى ۋە بۇ ئۇسسۇلغا ئىشتىياق باغلىدى. مەن ۋە مېنىڭ گۇرۇپپامدىكى ياپونىيىلىكلەر ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىكى كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرىدىغان جىلۋىنى، تولىمۇ يېقىملىق گۈزەل ھېسسىياتنى ئىپادە قىلىش سەنئىتىنى ياقتۇرۇپ قالدۇق. زامانىۋى ئۇسسۇلىكى بەدەن ھەرىكىتىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇلىدىكى ئاشۇ گۈزەل ھېسسىياتنى بىرلەشتۈرۈشنى خالايمەن. ئاينۇر بىزنىڭ تەتقىقات ئورنىمىزدا ئۆگىنىش جەريانىدا ، سىلەردە ھازىر كەملىك قىلىۋاتقان، كەلگۈسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. بۇ تولىمۇ قىممەتلىك تەسىراتتۇر.

ئاينۇرنىڭ ئۆگىنىش خۇلاسە دوكلاد ئويۇنى ئۈچۈن《كرورەن گۈزىلى》ناملىق ئۇسسۇلنى ئىشلىدۇق. مەن تۇنجى قېتىم - 1985-يىلى شىنجاڭغا بېرىپ، شىنجاڭنى - ئۇيغۇرلارنى كۆردۈم. قەمبەرخانىم بىلەن ئۇچراشتىم. 1994-يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتى ئوقۇغۇچىلار سەنئەت ئۆمىكى ياپونىيەگە《خەلقئارا مىللىي ئۇسسۇل فېستىۋالى》غا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەندە، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە ئۇلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇللىرىنى كۆردۈم. شۇنىڭدىن بېرى ئۇيغۇرلار بىلەن تونۇشتۇم ۋە سىرداشتىم. ئاينۇرنىڭ مومىسى، ئاپىسى بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدىنى ئاڭلىدىم. ئاينۇر مەن بىلەن بىللە ياشىدى، ئۆگەندى ۋە ئۆگەتتى. ئۇيغۇرلار قەلبىمدە بەكمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇلارنىڭ يۇرت چۈشەنچىسى - ئانا يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتى، تەڭداشسىز مېھرى-مۇھەببىتى يۈرىكىمنى قاتتىق تىترەتتى. بىز ياپونىيىلىكلەردىمۇ ئەينى يىللاردا مۇشۇنداق ئانا يۇرت ھېسسىياتى بار ئىدى، ھازىر بۇ ھېسسىيات بارا-بارا سۇسلىشىۋاتىدۇ، بۇ ھال بىزنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. 《كرورەن گۈزىلى》ناملىق ئۇسسۇل ئاشۇ تەسىراتىمنىڭ تۈرتكىسى، دەپمۇ ئويلايمەن. . .

. . . ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆز تارىخىدا بەلكىم تۇنجى ياپونىيە سەھنىسىدە زامانىۋى ئۇسسۇل بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئوينالغان سەھىپىنى ئاچتى، دەپ ئويلايمەن. بۇ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلى مۇساپىسىدىكى چوڭ بىر بۇرۇلۇشنىڭ مۇقەددىمىسى بوپقېلىشى مۇمكىن».

فۇجى خانىم ئاخىرىدا ماڭا: ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان تولىمۇ چوڭقۇر ئوتلۇق مۇھەببىتىنى، يۈرىكىدىكى سەنئەت ھېسسىياتىنى مەڭگۈ ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى.



سۈرەتتە ئاينۇر قاسىمى فۇجى مىئىكو خانىم بىلەن بىللە (M2)



# كۈي تومۇرى

ئابدۇلباست ئابدۇراھمان

مەن بۇ يەردە زىكرى قىلىۋاتقان كۈي - تەكلىماكاندا ئادەم ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىنكى تالاي-تالاي ئېرالار مابەينىدە تەكلىماكانلىقلارنىڭ قەلبىدە ۋە جىسمىدا مەۋج ئۇرۇۋاتقان بىپايان مېلودىيىگە ئېيتىلىدۇ.

* * *

كۈي ئادەم قەلبىدىن ئۇرغۇپ زېمىن جىسمىغا سىڭىدۇ. زېمىن كۈي زەۋقىدىن تەبىئەتنى گۈزەل جامال بىلەن بېزەيدۇ. بۇ گۈزەللىك قۇشلار ئىشقىنى ئۇرغۇتۇپ چاڭىلداپ ناۋا قىلىشقا ئۈندەيدۇ. زۇمرەت سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ كۈي تومۇرىنى دېڭىزلارغا ئۇلايدۇ. بىپايان دېڭىزنىڭ كەڭلىك لېرىكىسى يەنىلا ئادەم قەلبىگە قايتىدۇ. كۈي ئادەم بىلەن ئادەمنى ، زېمىن بىلەن دېڭىزنى، دېڭىز بىلەن تەبىئەتنى، تەبىئەت بىلەن قۇشلارنى بىر رىشتىگە باغلاپ، كۆللىي مەۋجۇداتنى ئۆملەشتۈرىدۇ.

تەكلىماكان ئادەملىرى تەكلىماكان كۈيلىرى بىلەن ئۇزۇن زامانلار بىرگە ياشىدى. ئەمگەكتە، ئىجادتا كۈي بىلەن بىرگە بولدى. زۇلۇمغا كۈي بىلەن بىرگە قارشى تۇردى. بىز تەكلىماكان كۈيلىرىدىن مۇھەببەتنى، نەپرەتنى، باتۇرلۇقنى، ئادىمىيلىكنى، ئەركىنلىكنى ھېس قىلىمىز. بىز تەكلىماكان چۆللۈكلىرىدىن ، تەكلىماكان بوستانلىقلىرىدىن ، تەكلىماكان شەھەرلىرىدىن ئاڭلانغان ئاجايىپ كۈيلەردىن تەكلىماكان ئادەملىرىنىڭ تەمبەل بەستىنى، جەزبىدار سەلتەنىتىنى، شاھانە ئۆتمۈشىنى كۆرگەندەك بولىمىز؛ تەكلىماكان باغرىدىكى باتۇر توغراقلارنىڭ ئېگىلمەس بەستىدىن، كۈمۈش ياپراقلىق جىگدىلەرنىڭ ئالتۇن مېۋىسىدىن، قىپقىزىل يۇلغۇن چېچەكلىرىدىن كۈي ھىدلىرىنى پۇراپ تۇرىمىز. كۈي تەكلىماكانىنىڭ تىلى، جىمىكى ئىنسانىنىڭ تىلى، ئون سەككىزمىڭ ئالەمنىڭ ئورتاق تىلى. قۇشلار سۆزلىيەلمىگىنى بىلەن كۈيلىيەلەيدۇ. قۇشلار گوياكى شائىرلارغا ئوخشاش. تىل پىشىپ شېئىرغا ئايلىنىدۇ، كۈي پىشىپ يۈرەككە ئايلىنىدۇ. يۈرەك ھەممە جانلىقتا بار. نىھايەتتە كۈي ئاجايىپ سېھىرلىكتۇر.

* * *

يۈرىكى دائىما قاغجىراپ تۇرۇدىغان، دۇنيادىكى جىمىكى ئىللىقلىقنى ئۆز قەلبىگە سىغدۇرۇدىغان تەكلىماكانلىقلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلار ئۇرۇندىغان قەدىمى ئاھاڭلارغا قۇلاق سالىدىغان

www.uyghurkitap.com

بولساق، بۇ كۈيلەر تامامەن بىزنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالىدۇ. مۇشۇ نازىنىن كۈيلەرگە تېرەن چۆككەنسېرى نازۇك - يۇمران كۈيلەر «يىپەك يولى» نى بويلىتىپ، كارۋان قوڭغۇراقلىرىغا ئەگەشتۈرۈپ جاھان چەكسىزلىكىگە ئېلىپ بارىدۇ. تەكلىماكان كۈيلىرى ئىپادىلەۋاتقان ھەربىر تەسۋىردىن كونا بىر مەدەنىيەتنى، دۇنيانىڭ كۆمۈلۈپ كەتكەن باھادىر مەدەنىيىتىنى كۆرگەندەك بولىمىز. كىرورەندىن ئۇدۇنغىچە، ئىدىقۇتتىن ئوردۇكەند ۋە بالاساغۇنغىچە بولغان شانۇ-شەۋكەتلىك تارىخنىڭ سىماسى يېزىقتىن ھالقىغان ھالدا كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولىدۇ. بىز تەكلىماكان مۇقام كۈيلىرىدىن سېھىرلىك ئەرەبىستاندىكى ئەرەب بەدىۋىيلىرىنىڭ جاھىلانە يۇمۇرىستىك ئەلنەغمىلىرىنىڭ ھىدىنى ھىدلىيالايمىز. مۇتەكەببۇر پىر ئەۋنىلەرنىڭ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى ھەمدە ئېھرام قۇرۇلۇشىدىكى ئەقىلدىن ھالقىغان لاتاپەتلىك ھەيۋەتنى كۆرگەندەك بولىمىز. تەكلىماكان كۈيلىرىنىڭ ئەرەب، ھىندى، پارس مۇزىكىلىرى بىلەن «يىپەك يولى» قانداشلىقى بولغىنىدەك ئۇلۇغ ئۇستاز، باغداتتا ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئىسلام ۋە غەيرىي ئىسلام ئەللىرىگە مەشھۇر كۈيشۇناس، شەرقنىڭ ئارىستوتېلى فارابىي ھەزرەتلىرىنىڭ تومۇرىدا تۈركىي قان بار. دولان دەرياسى ۋادىسىدىن تارالغان، ئوغۇزخان رىۋايەتلىرىدىكى بۆرە كۆزىدەك جۇلالىق بولغان قۇملۇق ۋە قىشلاق كۈيلىرىنى سىر-ئامۇ، دەجلە ۋە ئىفرات بويلىرىدىن تېرىۋېلىش مۇمكىن. نىل دەرياسى بويىدىكى لىۋەن ئەرەب كۈيلىرىنى يۇرۇڭقاش ۋە تۈمەن بويلىرىدىن تەكلىماكان ئۆزلەشمىسىدە تىڭشاپ ھوزۇرلىنىش مۇمكىن. تەكلىماكان بوستانلىقلىرىدىن شوخشۇپ چىقىپ كەتكەن ئويناق - شوخ كۈيلەر باغدادنىڭ مەرمەر كوچىلىرىدا «مىڭبىر كېچە» دىكى گۈزەل رىۋايەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، شاھ ئوردىسىدا كىرپىك قاقماي چۆچەك سۆزلەۋاتقان مەستۇرە شەھرىزاتنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلىپ، تەكلىماكاننىڭ ئىللىق ھېسلىرى بىلەن تاتلىق چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

سەھرايى كەبىر قۇملۇقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقلىم ئوخشاشلىقى نەپىس چۆل كۈيلىرى ئارقىلىق باغلىنىپ، ئورتاق سۇ ئىستەر ئىدى. پىيالما چۆلى بىلەن كەربالا چۆلى ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۈسەيىننىڭ ماتىمى ئۈچۈن ئورتاق ياش تۆكەر ئىدى. نىل ساھىلىدىكى يۇمىلاق قۇببىلىق سالاپەتلىك قەدىمىي مەسچىتلەردىن ئاڭلىنىۋاتقان ئەزان كۈيلىرىنى تۈمەن ۋادىسىدىكى ئەزىزانە قەشقەرنىڭ كۆز قارىچۇقى بولغان ھېيتگاھ جامەسىدىن كۈندە بەشۋاق ئاڭلاش مۇمكىن. «يىپەك يولى» دىن ئىبارەت بولغان بۇ مەشۇت لىنتا جاھان باغرىغا تارتىلغان كۈي تارىسى بولۇپ ، مەختۇمسۇلا بىلەن شەھرىزاتنىڭ قەلب رىشتىسىنى باغلاپ قويغان. تەكلىماكان چۆچەكلىرىدىن «مىڭبىر كېچە» ۋارىيانتلىرىنى، «مىڭبىر كېچە» چۆچەكلىرىدىن تەكلىماكان چۆچەكلىرى ۋارىيانتلىرىنى ئۇچرىتىش كۈي تومۇرىنىڭ سېھرىي تۇتاشلىقىدۇر.

* * *

بۇخارا بىلەن قەشقەر، يەركەند بىلەن سەمەرقەند كۈي چېھرىدىكى زىناقلار ئىدى. بۇ، ئەرەب مۇغەننىيلىرىنى ھامان مەستانە قىلىپ تۇراتتى. تېھران بۇ لىۋەن كۈي نازىنىنلىرىغا ھەسەت بىلەن ئىشق باغلايتتى. مەشرەپ شېئىرلىرىدىكى جۇشقۇن كۈيلەر، نەۋائىي شېئىرلىرىدىكى ساھىبجامال لەتاپەت، گۇمنام شېئىرلىرىدىكى يۇرت ئىشقى تەكلىماكانلىقلارنىڭ يۈرەك تارىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ زامان-زامانلار ياشىدى. قەشقەر، بۇخارا، ئىستانبۇل، باغداد، خوتەن، يەركەند، دەمەشىق ، تېھران قاتارلىق مۇسۇلمان شەھەرلىرىدىكى بىناكارلىقنىڭ تەڭداشسىز گۈل نەقىشلىرىدەك تەكلىماكانلىقلارنىڭ قەلبىگە تەكلىماكان قەدىمىي كۈيلىرى نەقىشلەنگەن. بۈگۈن سىز ئاڭلاۋاتقان ئون ئىككى مۇقام كۈيلىرى تەكلىماكان كۈيلىرىدىن ئىبارەت تارىخىي مېلودىيىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدىن ئىبارەت.

* * *

كۈي -
يېزىقسىز تارىخ،
يىلنامىسىز ئۆتمۈش.
كەلگەندۇر ئۇ
ياشاپ يۈرەكنىڭ قەرىدە.

كۈي ئىشقىدا مەجنۇن پادىچى،
كۈي ئىشقىدا مەجنۇندۇر مەشرەپ.

كۈي چېھرىدە
كۆيدۇ ئادەم،
كۆيدۇ ئالەم.
كۈينىڭ ئازابلىق ئالتۇن قەترىسى
تۆكۈلدۇ كۆز يېشىدەك
ئىمجان يۈرەككە.
قاقشال كۈيلەر
قاقشال توغراقلار
قاقشال ئادەملەر
ياشىماقتا رىۋايەت بولۇپ،
ياشىماقتا گىگانت بولۇپ؛
ياشىماقتا يەنە
كۈي بىلەن بىرگە
سۈرىتى مۇبەددەل بولۇپ
سۇ سىز تەكلىماكاندا.

كۈي -

ئەسلىتىدۇ ئادەمگە
مىڭ يىللىق غېرىبلىقنى،
مىڭ يىللىق شادىمانلىقنى،
مىڭ يىللىق سۈلتانلىقنى.

* * *

بىر مومىيا ئادەم ـ
بەش ياشلىق ئادەم ـ
بەش مىڭ ياشلىق ئادەم
دۇمباق چالار
دولان دەرياسى بويىدا ـ
يېڭى مىڭ يىلنىڭ بېشىدا.

چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان ئادەم،
كۆزلىرى پىيالىدەك ئادەم،
چىشلىرى توڭكاي،
بارماقلىرى ئارىدەك ئادەم،
تەكلىماكان توغراقلىرىدەك قۇرۇپ
قاقشال بوپكەتكەن ئادەم
چالار دۇمباقنى تازا ئەۋجىگە چىقىرىپ؛
كۈيلىمەكتە ئۇ ئۆزىنى،
كۈيلىمەكتە كۆز يېشىنى.
چىللاپ كېلەر غېرىبلىقنى ـ
چىللاپ كېلەر رىۋايەتنى.
كۈيلىمەكچى بولار ھەم يەنە
ئۇل زاماندا گۇمران ئېتىلگەن
قەلئەسىنى، سۈلتانلىقىنى،
ئوردىسىنى، خاندانلىقىنى.
كۈي ـ
كۈي ئاقار دولان دەرياسىدا.
جان ـ
جان ئاقار دولان دەرياسىدا.
يېڭى مىڭ يىلنىڭ بېشىدا.
ئاقار ھەم يەنە
دۇمباقچى مومىيا ئادەم
دولان دەرياسىدا.
سىڭىپ كېتەر دۇمباق ساداسى،
سىڭىپ كېتەر دولاننىڭ سۈيى،
سىڭىپ كېتەر ھەم كۆزنىڭ يېشى
شۇ قاغجىراق تەكلىماكانغا.

* * *

دۇمباق ـ
مىڭ يىللىق تارىخ،
ئون مىڭ يىللىق تارىخ،
يۈز مىڭ يىللىق تارىخ،
ـ مانا مەن، ـ دەپ
مەيدە قاققان تارىخ.

دۇمباق كۈيى ـ
تەكلىماكان كۈيى.
ئوغۇزخان كۈيى.
سەھرايى كەبىرنىڭ كۈيى.
مەمەدان ئەرەبلەرنىڭ كۈيى.
دۇمباق كۈيى ـ
شەرقنىڭ كۈيى.
يۇرۇڭقاش ـ
ئاھ، كۈي ئاقمىدىغان دەريا،
ئۇدۇن بۇددا كۈيلىرى،
ئۇدۇن دۇمباق كۈيلىرى،
ياڭرىغان ۋادا.
ئاھ! يۇرۇڭقاش ـ
ئاقار سەندە ياش،
سىغىنار سېنى ھىندى دەرياسى.
بىر ھىندى راھىب
تاۋاپ قىلىپ يۈرەر ئۇدۇندا.
ئۇدۇن دېگەن كۆمۈلگەن قۇمغا.
تاۋاپ قىلىپ باقىمەن خوتەننى.
تارىخ ـ
كۈي يېزىقلىرى بىلەن
يازار ئۆز قىلمىشىنى،
ئىقرار قىلار يەنە كۈي بىلەن
يىغىسىنى ھەم كۈلكىسىنى.

دۇمباق!
سېنىڭ قۇرغاق كۈيلىرىڭگە
سىڭىپ كەتكەن نېگىرنىڭ قېنى،
سەندە بار سەھرايى كەبىرنىڭ
دەردلىك كۆز يېشى،
قۇرغاق كۈيلىرى.
ئەي دۇمباق ـ
كۈيلىرىڭ بىلەن
ئۇچسەن،
قەلبىمىزدەك ئازابقا تولغان
بىپايان ئافرىقىغا.

* * *

تۈمەن دەرياسى
شىلدىرلايسەن شىۋىرلاپ،
ياكى ـ
شىۋىرلايسەن شىلدىرلاپ.
كۈيلەيسەن ساددا خەلقىڭنى.
ئاقىسەن ـ
دۇمباقچى خەلقىڭنىڭ
قاغجىرىغان يۈرىكىگە.
ياڭرىسا ھېيتگاھ مۇنارىدىن
دۇمباق ساداسى،
چۈشەر تەكلىماكان ساماغا.
ئاھ، يېڭى مىڭ يىل!
دۇمباق كۈيىدەك ـ
ئاقار قەلبىمدە.
2000-يىل ئاپرېل، يېڭىسار

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا خۇسۇسىي چىش دوختۇرى(M1)

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# بۇ مەھەللىمۇ چېقىلغۇدەك

(ھېكايە)

ئادىل يىلدىرىم

— بۇ مەھەللىمۇ چېقىلغۇدەك... بوراندا توزىغان كۆلدەك توزۇپ كەتمەي،ئەسكى بولساقمۇ ئايرىلىپ كەتمەسەك بولاتتى. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىزى قالغان مەھەللە ئىدى... ھېلىھەم بولسىمۇ، ساقلىنىپ قالسا بولاتتى-دە!

بۇنداق گەپلەرنى 20يىلدىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتاتتۇق. قىزىق يېرى، بۇ گەپلەر يىلدا ئىككى قېتىم خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالاتتى.ئەتىيازدا:«پەقەت بىر يىل قاپتۇ! ئېسەنلىككە بۇ مەھەللىدىن ئىز يا ئەسەر قالمايدىغان بولدى!» دېسە، كۈزدە،«مۇشۇ قىش ئۆتكەندىن كېيىن ،ئىش تامام،ۋەسسالام بولغۇدەك!» دېيىشەتتى.ھەرقانداق جاينىڭ بىر ياكى ئىككى ئاجايىپ ئادىمى بولغىنىدەك مەھەللىمىزدىمۇ ئاجايىپ ئىككى ئىنسان بار ئىدى.بىز ئۇلارنى «مەھەللىنىڭ 〈گۈلى〉»

## ئەدەبىيات گۈلزارى

دەۋالغاندۇق.ئىككىسىنىڭ بىرى تۇل ئايال — ئانىسى بولسا، ئىككىنچىسى — بويتاق، ئوغلى ئىدى. مەھەللىمىزدىكى ھەرقانداق بىر يىگىپ پاراڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئاشۇ ئىككىسىنىڭ تىلى ئارقىلىق تارقايتتى. ئەلۋەتتە،«بۇ مەھەللىمۇ چېقىلغۇدەك!»،«كېلەر يىلى»... دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسى ،ئالدى بىلەن شۇلاردىن تارقايتتى. ئانىسى ئىسمائىل ئەھمەتتىن تارتىپ شۆھرەت زاكىرغىچە بولغان رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك «تۇغقىنىم»،«ئاكام»، «ئانامنىڭ بىرنېمىسىنىڭ بىرنېمىسى»... دەۋالاتتى. ئىشقىلىپ، يىگىدىن رەھبەر بولغاننىڭ ھەرقاندىقىنى ئۆزىنىڭ تۇغقىنى قىلىۋالاتتى. بەزىدە ئۇ:«كىم مېنى بوزەك قىلىدىكەن،ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ، چىچار يېرى سامانلىق بولىدۇ!» دەيتتى. بۇ مەھەللىدىكىلەرمۇ قىزىق! بۇنداق چاغدا، بىرسى ئەسكى ئىشتاندىن بىرنېمە چىققاندەك:«ئۇنداقتا ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىق رەھبەرلەرگىمۇ تۇغقان كېلەمسەن؟» دەپ قويۇتتى-دە، جېدەل باشلىناتتى. ئۇ ئايال: «قامىتۇۋېتىمەن!» دېگىنىچە ئۇدۇل مەھەللە دوقمۇشىدىكى ساقچىخانىغا كىرىپ كېتەتتى. ئوغلى بىر ياقتىن پەيدا بولۇپ:«قايسىڭ ئۇ؟ پىيىگىنى

كېسمەن!» دەپ سۈرەن سالاتتى. بۇ چاغدا ئىشلار مۇرەككەپلىشىپ جىددىي ھالەتكە تەرەققىي قىلاتتى. دەل شۇ چاغدا باياتىن بېرى تاماشا كۆرۈپ پۇخادىن چىققاندىن بىرنەچچىسى ئۇلارنى ئاجرىتاتتى. بىراق مۇمكىن بولماي قالاتتى. پەقەت ئامال بولمىغاندا:

– ھەي خالايىق! يېقىن تۇرساق چىشلىشىپ، يىراق كەتسەك كىشنىشىپ ئۆتەمدۇق؟ مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەرنى قەدىرلەيلى! ئەتىكەندە ئۆزئارا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىشىمىز، بىر-بىرىمىزدىن ئۆتىنە-يېرىم قىلىشىمىز، بىرىمىز ئۆلسەك، تۆتىمىز يۇيۇپ-تاراپ كۆمىمىز... يەنە نېمە ئىش بۇ؟ ئۇنتۇپ قالايلى، بۇ مەھەللىمۇ چېقىلغۇدەك! – دېگەن گەپ ئوتتۇرىغا چىقاتتى-دە، جېدەل شاپپىدە بېسىقاتتى. دەل مۇشۇنداق مىنۇتلاردا ھەممە ئادەم بىر-بىرىنىڭ كۆزىگە دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك بولۇپ كۆرۈنەتتى. بەزى ئاقساقال – مۆكچەيگەن بوۋايلار بىلەن، قورۇلغان، جەينەكتەك مومايلار كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ تاشلايتتىدە:

– مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ ئۆستۇق، قېرىدۇق، ماغدۇردىن كەتتۇق، پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلىدى... بۇ مەھەللە چېقىلىپ بولغۇچە، ئاللائىگەمنىڭ ئامانىتىنى تاپشۇرساق بولاتتى. نە-نەلەرگە تاراپ كېتەرمىز؟! – دېيىشەتتى ئۇلار.

– ئېيتىڭلارچۇ ئۇلۇغلار، – دەيتتىم مەن، بىرنەرسىلەرنى بىلىۋالغۇم كېلىپ، – مەرھۇم ئۇستازىمىز رەجەپ قارىم: بۇ مەھەللىدىن بىر باتۇر چىققان، توي قىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، دەيدىغان، ئۇ كىم؟

– راست، – دەيتتى ئۇلار، – ساۋۇر پالۋان دېگەن بىرى چىققان. ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، ئورا كۆز، بۇغداي ئۆڭ، قارا قاش، خۇشخۇي يىگىت بولىدىغان. كۈلىدىن كەلگەن خەنزۇ، تۇڭگان چامباشچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان. ئۆزى يالغۇز بىرەر مەھەللىنىڭ يىگىتلىرىگە تېتىيتتى... ئۆيلەنمىگەن، 23 – 24 ياشلاردىكى بالا ئىدى. زۇكامنى سەل چاغلاپ، ئاخىرى شۇ مەرەز كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

– مەھەللىمىزنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمى نېمە ئىدى؟

– دەريابويى مەھەللىسى.

–ئاھالە كۆپمىدى؟

– كۆپ ئىدى... ئۆي-قورۇلار ئاز-ئازدىن چېقىلىۋېرىپ، مۇشۇنچىلىك قالدى...

– يەنە قانداق ئىشلار بولغان؟

– شەھىرىمىز بويىچە تۇنجى مەھەللە پۇتبول كوماندىسى بىزدە قۇرۇلغان. تەخمىنەن 1952-يىلىغۇ دەيمەن.. قۇمۇل ئىنقىلابىغا ۋە باشقا زور ئىنقىلابلارغا قاتناشقانلارمۇ بولغان. خوجىنىياز ھاجى دەۋرىدە مەخسۇس قورال، ئوق ياسايدىغان ئۇستىلار بار ئىدى... ھە... بۇ مەھەللىدىن داڭلىق سەنئەتكارلار، يازغۇچى، ئالىملار، كاتتا بايلار، دىنىي ئۆلىمالار، مەرىپەتچىلەر، تەشكىلاتچىلار، مۇشتلاشچى – باتۇرلار، ئوغرى – قىمارۋاز، لۈكچەكلەر... ھەتتا ئۆمرىدە 25 ئوغۇل بالىنى تۇغۇپ، بىرىنىمۇ ئەيىبناق قىلىپ قويماي تەربىيلەپ ئۆستۈرگەن ئۇلۇغ ئانىلارمۇ، بوي-بەستى خانتەڭرىدەك ئاتىلارمۇ چىققان ... شۈكرىكىم! پەقەت مۇناپىق، ھېجىقىز، جالاپ چىقمىدى!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بىرقانچە ئادەم دىماق قېقىپ قويۇپ:

– ھازىر جاھان ئۆزگەردى. ھېجىقىز چىقمىغىنى بىلەن جالاپ بىلەن مۇناپىق قۇرتلاپ كەتتى!– دەيتتى. بۇنى ئاڭلىغان مومايدىن بىرى ئاچچىقلىنىپ:

– كىمكەن ئۇ جالاپ!؟ ئاغزىغا چاتىرىقىمنى ياقىمەن! –دېسە، بوۋايدىن بىرى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كېتەتتى:

– مۇناپىقتىن بىرىنىلا دەپ بېرە، كۆت قىلىۋېتىمەن! – ياشلار پاراڭنىڭ داۋامىنى چاقچاقغا ئايلاندۇراتتى:

– ھەي قېرى، ئۇنداق قىلساڭ، مەھەللىمىزدىن چىقىپ باقمىغان ھېجىقىزلار چىقىپ قالامدۇ؟ – ئەتراپتىكىلەر پاراقلاپ كۈلۈشەتتى. بوۋاي قاقشاپ كېتەتتى:

– سەن شوۋىچىلارمۇ چاتاق! ھەيي ...ياش ۋاقتىم بولىدىغان بولسا... مەھەللىدىن جالاپ بىلەن مۇناپىق چىققان بولسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەمەي مۇشۇنداق كۈلۈپ ئولتۇرۇشساڭ...لەنەت سەنلەرگە! ھۇ... شوۋا گەدەنلەر!...

– سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ قانۇنى بار، ھۆكۈمەت بار.

– ۋۇ خوتۇنۇڭنى ... مۇناپىقنى، ھېجىقىزنى، جالاپنى ئۆلتۈرسەڭ... خۇش بولماقتا يوق، تېخى سېنى جازالايدىغان قانداق دۆلەت قانۇنى ئۇ، قانداق لامزەللە ھۆكۈمەت ئۇ...

– ماڭەۋا، ئالجىغان قېرى! قايسى زاماندا ياشاۋاتىسەن؟!

– ئوبدان بىلىمەن! جاھان كىمنىڭ ؟ جاھان خاقانى چىنىنىڭ! دېگەن زاماندا ياشاۋاتىمەن. قانداق، بىلەمدىكەنمەن؟!

– ھە، بەللى، تازا ئوبدان بىلىدىكەنسەن .بىلگەنلىكىن غىت قىس!

– ئاھ، خۇدا! جېنىمنى ئال! – دەيتتى ئۇ بوۋاي تېرىكىپ، – ئابلىزخان تۆمۈرچى سەكراتقا چۈشكەندە بېشىدا بار ئىدۇق. ئۇ قېرى: «جاھان بۇزۇلدى، بالدۇر ئۆلگىنىمگە رازىمەن! بۇ مەھەللىنىڭ چېقىلغىنىنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئۆلدۇم، ئاللاغا تۈمەنمىڭ ھەمدۇسانا... ئەلھەمدۇلىللا» دېگىنىچە كۈلۈپ يېتىپ جان ئۈزگەنىدى. يامان چېچەن قېرى قاقباشكەن ئۇ...مەنمۇ شۇنداق ئۆلۈمنى تىلەيمەن! – قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆڭلى غەش بولاتتى. بىراق شەيتان مىجەزدىن بىرسى يەنە بىرنېمىدەپ بوۋاينىڭ چىشىغا تېگەتتى. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي ھاسىسىنى دېۋەيلەپ قوپاتتى ۋە ھاسىراپ تۇرۇپ:

– ئاناڭنى... سېرىق تۈك... يوتقان تېشى... ئوغلۇم نۇرنى چاقىر ! ماۋۇ ھېجىقىزنى ... –دەيتتى. باشقىلار سالا قىلسىمۇ پايدىسى بولمايتتى. ئاخىرى بىرسى: «بولدى! بۇ مەھەللىمۇ چېقىلغۇدەك! يامانىڭ ئوتى يامان، ئەسكى چاپانىڭ پىتى دەپ، بىركۈنى بولمىسا بىر كۈنى قەدرىمىز ئۆتتۇلۇپ قالمىسۇن يەنە... بىر مەھەللىدە چوڭ بولۇپ ئەجەب بىلمەيتىمەن قەدرىڭنى، دەيدىغانلار بىز بولۇپ قالمىزمۇ تېخى!...» دېگەندىن كېيىن، ھالەت ئەسلىگە ياناتتى.

مەھەللىمىز بۇرۇن ياپيېشىل بوستانلىق مەھەللە ئىدى. ئېرىقتا سۇ ئوينىقشىپ ئاقاتتى. بۇلاقلىرى قايناپ تۇراتتى. ھەر بىر قورۇدا دېگۈدەك باغ (گەرچە مېۋىسى بولمىسىمۇ) بولۇپ، گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇراتتى. قۇشلار، چېكەتكىلەر، پاقىلار ئۇمۇمىي خورغا چۈشەتتى. قومچاق-قۇلۇلىدىن تارتىپ توخۇ-كەپتەر، قوي-كالا، ئات-تۆگىلەر... خېلى كۆپ ئادەملەرنىڭ قورۇسىدا بار ئىدى. قورۇ-قورۇلاردا دۇتار، تەمبۇر، غېجەك، داپ تەڭكەش قىلىنغان ئولتۇرۇشلار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. دەرەخ شېخىدا، ئۆگزىلەردە چېپىپ يۈرۈشكەن باللار بىر-بىرىدىن چىرايلىق ئىدى. ياش-يۈسەنلەر گىتار چېلىپ

www.uyghurkitap.com

ئولتۇراتتى. توي-تۆكۈنلەر بەك قىزىيتتى. مىجىت، ساكىن دېگەن ئۇستا ئۇسسۇلچىلار بار ئىدى. ئىبراھىم، ھېيتەم دېگەندەك زابويلارمۇ بولىدىغان. تويلارنى ئەنە شۇلار قىزىتىدىغان. قىز-يىگىتنىڭ تويى بولغان ئاخشىمى دېرىزىدىن مارايدىغان ئاجايىپ مەنىلىك ،قىزىقارلىق بىر ئويۇن بولىدىغان. مۇھەببەتلىشىۋاتقانلارنىڭ ئۆستەڭ بويىدا ئانچە-مۇنچە سۆيۈشۈپ قويۇششى بولۇپ تۇرۇدىغان ئىشلار. ئۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ قالغان باللارغا بوپپىرەتتى، كىمنى كۆرسە دەپ.ئىسلام، ئەخمەت،ئەسقەر، پەرھات، مۇھەممەت، ھوشۇرجان، غەيرەت...دېگەندەك ئاجايىپ قورقماس ،مەرد ئوغۇلباللار بولىدىغان. ئۇلارنىڭ بەزىسى خەقنىڭ قولىدا ،بەزىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئوقىدا ئۆلدى. بەزىسى ھاراق - تاماكا، نەشە، خىروئىن دېگەنلەرگە كۆنۈپ قېلىپ نابۇت بولدى. بەزىلىرى تۈرمىدىن نېرى بولالمىدى.قالغانلىرى خوتۇن - باللىق بولغاندىن كېيىن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە بوشىشىپلا كەتتى...

مەن چوڭ بولغان قورۇدا 120يېشىدا تۈگىگەن ئوغۇلخان ئانام دەيدىغان بىر موماي بولىدىغان. ئۇ، شۇ يېشىدا ھويلىدىكى ئىگىز ھەم يوغان قاپاق تېرەكنىڭ شاخلىرىغا مايمۇندەك يامىشىپ پۇلاڭشىپ يۈرەتتى. بالا-چاقا، نەۋرە-چەۋرىلىرى ئەنسىرەپ ،يوغان ئەدىيالنى يېيىپ تۇرۇپ، پەستە چۇرقىرىشىپ كېتەتتى. ئۇزۇن يىلنىڭ شوپۇرلىرى سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئۇ مومايدىن دۇئا ئالاتتى. موماي ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن چېغى،جايناماز ئۈستىدە جان ئۈزدى.

مەھەللە دوقمۇشى ئۇششاق ئوقەتچىلەر، قارت، ئاتلىمۇچۇق،ھوشۇق،ساقا ئوينايدىغانلار، بىكارچىلار، مۇشتلىشىدىغانلار، جېدەللىشىدىغانلار... بىلەن تولۇپ تۇراتتى. مۇھەممەتچوڭدەك ئىككى مېتىر بويى بارلاردىن تارتىپ، ئەكبەرجاندەك جىۋەكلەر،روزى بودەكتەك سېمىزلاردىن تارتىپ، باتۇر تۈلكىدەك ئاۋاقلار، ئېلى بايدەك كاتتا بايلاردىن تارتىپ، ئامىنىخاندەك كۆك نامراتلار... ھەرقانداق ئادەم بۇ مەھەللىدىن تېپىلاتتى. بۇ مەھەللىدە ئاجايىپ قىزىقارلىق ئىشلارمۇ تولا يۈز بېرەتتى. مەسىلەن، بىرەرسى ئۆلسە، مېيىتنى گۈلساي قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ ماڭغاندا، ماشىنا، پىكاپ،ئاپتوبۇسلاردا ھازىدارلار سۈكۈت ئىچىدە بولىدۇ.قايتقاندا بولسا،خۇددى توي كۆچۈرۈپ ماڭغاندەك ماشىنا، پىكاپ،ئاپتوبۇستىكى ئادەملەر كۈلكە -چاقچاق دېگەننى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنداق ئىشنى ھەسەنجان، تۇرسۇنجان،ئەخمەت دېگەنگە ئوخشاش غەلىتە مىجەز باللار باشلاپ بېرىدۇ. چوڭلار تولا قاقشاپمۇ، ھەرخىل تەدبىرلەرنى ئىشلىتىپمۇ بۇ غەيرىي رەسمىي ئادەتنى پەقەت ئۆزگەرتەلمىدى. مەھەللىگە يەنە تۇرۇپ-تۇرۇپلا ساقچىلار ئادەم تۇتقىلى كېلەتتى. كېلەتتىيۇ، ئۈمىدسىزلىنىپ ۋاقتىنچە قايتىشقا مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى تۇتماقچى بولغان ئادەمنى ئاختۇرۇپ تاپالمايتتى.ھەممە ئادەمنى يىغىۋېلىپ ئۇلارنىڭ چېكىسىگە قورال تەڭلەپ تۇرۇپ:«دەرھال ئۇنى چىقىرىپ بېرىش! بولمىسا، قەتلىئام يۈرگۈزىمىز» دېيىشنىڭ ئورنى يوقتە؟! بەزىدە بىرەر ھاڭۋاقتى ساقچى يالغۇز كەلسە،ئۇنىڭ ئۈستىۋېشى،كىيىم - كېچىكى بۇلغىنىپلا كېتەتتى. بۇنداق ئىشلار مەھەللىدە نەچچە كۈنگىچە كۈلكە بولاتتى. ساقچىلار مەھەللە دوقمۇشىغا چىقىپ بولغان ھامان ھېلىقى تۇتۇلماي قالغان ئادەم ھېچيېرىدىن پەيدا بولاتتى...

- نېمە ئىش قىلىپ قويغانىدىڭ؟

- ئىككى كۈينى ئۇرۇپ قويغان...

ھەربىلى بەش - ئوندىن قورۇ - جاي چېقىلىۋەردى. مەھەللىنىڭ نى-نى كاتتىلىرى نەلەرگىدۇر كۆچۈپ كېتىشتى. بۇ چېقىلىش،بۇ كۆچۈش ھېلىھەم داۋاملاشماقتا. ئۆلۈدىغانلار ئۆلۈپ، كۆچۈدىغانلار كۆچۈۋەردى. مەھەللە كۈندىن كۈنگە تارىيىۋاتىدۇ،ئېگىز بىنالار سېلىنىۋاتىدۇ.بىزنىڭ مەھەللە ئەنە شۇنداق كىچىكلەپ كېتىۋاتىدۇ،ئاھالىسى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئەكسىچە،بۇ مەھەللىنىڭ ئورنىدا بىزگە يات بىر مەھەللە ئاستا-ئاستا شەكىللىنىۋاتىدۇ. بۇ شەكىللىنىۋاتقان يېڭى مەھەللىنىڭ نوپۇسى شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ تونۇمايتتۇق. مەھەللىنىڭ نوچىلىرى نەچچە قېتىم ئۇلاردىن تاياق يەپ كېتىپتۇ. بىز يەنىلا يىلدا ئىككى قېتىم«بۇ مەھەللىمۇ چېقىلغۇدەك» دەپ ئۆتتۈۋەردۇق. بەزىدە بۇ گەپتىن زېرىكىپ كەتكەنلەر قايناپ قويىدىغان بولىۋالدى:

- ئەجەبمۇ شۇمئېغىز خەقلەركەنسەن. چېقىلغۇدەك، چېقىلغۇدەك... دەۋېرىشسەن،20يىل بولدى،مەھەللىدىكى پۇلدارلار ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ ئىككى - ئۈچ قەۋەت قىلىپ سېلىۋاتىدۇ... يەنە شۇ گەپ! ھامان بىر كۈنى چېقىلىپ يوقىلىدىغىنى راست.لېكىن،تەس.ھۆكۈمەت بۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى ،بۇنچىۋالا كۆپ شەخسىي زېمىن ئۆيلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. بىز تاش سانىساق، ھۆكۈمەت قۇم سانايدۇ، - بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تالاش-تارتىش قىلىشىپ كېتەتتى، ھەممىسى ئۆزىنىڭ گېپىنى توغرا،دەپ قارايتتى.

- سەن جۇڭگونىڭ ھۆكۈمىتىنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟ قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدۇ،بۇ ھۆكۈمەت. قۇيرۇقىنى كۆتۈردىمۇ، .چىچماي قويمايدۇ. چىڭخەيگە 50مىڭ ئادەمنى كۆچۈرۈپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ماكانلاشتۇرۇپ بولدى. قازاق چارۋىچىلىرىنى ئولتۇراقلاشتۇرۇۋاتقىلى نەۋاق؟! ئەمدى تاجىكلارنى ئولتۇراقلاشتۇرىمىز، دەۋاتىدۇ.قىرغىزلارنى يىغىۋاتىدۇ... بۇ ئىشلارنى قىلالىدىغۇ؟! ئۈچ بوغۇز توسما قۇرۇلۇشىنى باشلاشتىن ئاۋۋال قانچىلىك ئادەمنى كۆچۈرۈپ ھەم جايلاشتۇرۇپ بولغانلىقىنى بىلەمسەن؟ مىليونلىغان ئادەمنى ئۇياقتىن - بۇياققا شۇنداق چىرايلىق كۆچۈرۈپ ماكانلاشتۇرالايدىغان ھۆكۈمەتتە، ئالتە توك-توك ئۇيغۇرنى ، غۇلجى تۈگەپ غېرىچى قالغان كىچىككىنە مەھەللىنى بىر تەرەپ قىلالماي قالارمۇ؟... ئۆتمۈشتىمۇ بارغۇ، قارا، قالماق، مانجۇ دېگەن تائىپىلەر ئالتە شەھەردىن نۇرغۇن ئۇيغۇرنى ئىلىغا بىردەمدىلا كۆچۈرۈپ بوپتىكەن،تارانچى دەپ!...

- ھەي ساراڭ! سەن دېگەن گەپ بىلەن بۇ ئىش ئوخشىمايدۇ. مۇنۇ شەھەر قىستاڭچىلىق بوپكەتتى. ماڭا قارا، كۆچۈرۈش، ماكانلاشتۇرۇش، چېقىش، سېلىش، قۇرۇش... دېگەنلەر كىچىك گەپ ئەمەس...

- ماڭ - ماڭ... ئېشىكىڭنى مىن! نېمە دەۋاتىدۇ ماۋۇ... نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ،ساقچى مەكتىپىنىڭ يېنىغا بەش - ئونىمىڭ ئادەم ئۆي سېلىۋېدى،قانداق بولدى؟ بىردەمدىلا بىرياقلىق قىلىندى. تەسمىكەن؟! شەھىرىمىزنىڭ جەنۇبىي قوۋۇق، غەربىي شىمال يولى، چوڭ كۆۋرۈك مەھەللىسى ... دېگەن چوڭ-چوڭ مەھەللىلىرى قېنى؟

- خۇداغا شۈكرى، مەھەللىمىز يەنىلا مەۋجۇد.

- ماڭەۋا قاراقورساق؟ - دەپ گەپ باشلىدى بىرسى،

– تېخىچە بايقاپ بولالمايۋاتامسەن؟ بىز چېقىلغۇدەك، چېقىلغۇدەك... مانا، ئەنە... دەپ ئولتۇرغىنىمىز بىلەن، مەھەللىمىز ئەمەلىيەتتە چېقىلىۋاتىدۇ. ھەر يىلى دېگۈدەك بەش-ئون قورۇ ئادەم كۆچۈرۈلۈۋاتىدۇ. مەھەللىنى بىراقلا چاقمىسىمۇ ئاز-ئازدىن چېقىۋەردى.ئىككى سەككىز ئون ئالتە، دېگەن شۇ.ھېلىمۇ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكى تۈگىدى. قالغىنىنى بىردەمدىلا ئالامدۇ؟ – بۇ گەپلەرگە كۆپ سانلىق كىشىلەر قايىل بولۇشۇپ:«راست، شۇنداق»دېيىشتى ۋە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشتى. بىرەردەملىك جىملىقتىن كېيىن بىلەرمەندىن بىرى سۆزلەشكە باشلىدى:

–ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇ مەھەللىنى قۇرغان چاغدا،قىبلە تەرىپىمىز دەريا ئىدى. كېيىن دەريا تارىيىپ ئۆستەڭ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆستەڭ بىلەن مەھەللە ئارىلىقىغا كەڭرى تاش يول ياسالدى. چوڭ-كىچىك ئاپتوموبىللار بۇ يولدىن توختىماي يۈرۈشىدۇ... بۇ ئۆستەڭنىڭ مۇزدەك سوغۇق سۈيىدە چۆمۈلمىگەن قايسى ئوغۇلبالا بار، بۇ يەردە؟ ئەمدىچۇ؟ چۆمۈلگىلىمۇ بولمايدۇ... دادام بالا ۋاقتىدا بۇيەردە قومۇشلۇقنى، بۇلاقلارنى، سازلىقنى ۋە تۈلكە – ئۆردەك... دېگەنلەرنى كۆزى بىلەن كۆرۈپتىكەن. ھەتتا بىر قېتىم ئۇنىڭ بارمىقىنى تۈلكە چىشلىۋالغانىكەن.بىزگە كەلگەندە ھەممىسى يوقالدى. ئەمدىلىكتە بىزلەرمۇ يوقىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز! پاكىستانلىق ئەسمەتخاننىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن بۇ مەھەللىلىك ئابىخاننىڭمۇ بېشىغا كېلىدىغان بولدى...

– بۇ ئوخشاتقىنىڭ قاملاشمىدى! – دېدى بىرسى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

يەنە بىرەيلەن تۇرۇپ كېتىپ:

– پۇلۇم جىق بولغان بولسا، ئائىلىلەر بىناسى سېلىپ،مەھەللىدىكىلەرنى تەرەپ-تەرەپكە تارقىتىۋەتمەي، يەنە مۇشۇ مەھەللىگە جايلاشتۇراتتىم. يەسلى قۇراتتىم... يەنە! – دېۋىدى، يەنە بىرسى گەپنى تارتىۋالدى:

– پۇلۇڭ بولغان بىلەن ھۆكۈمەت ئۇنىمايدۇ. ھۆكۈمەت ئۇنىغان تەقدىردىمۇ سەن ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى چىقىرىشقا ئۇنىمايسەن. جان چىقسا چىقىدۇ،پۇل چىقمايدۇ بۇ ئۇيغۇر دېگەندىن! قېنى، قايسىبىر باي پۇل خەجلەپ مەھەللىلەرنى ساقلاپ قالالىدى؟!... توۋا دەيمەن-دە... ئالەمگىنى كەڭ ياراتتىڭ، زېمىنىڭنى تار... دېگەن راستكەن.شۇنچىۋالا كەڭرى زېمىن تۇرسا، بىزنىڭ مەھەللىنى چاقماي بولمايدىكەن. خۇددى بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىر قۇرۇلۇشى توپتوغرا چوڭ مەھەللىلەرگە ،دەرەخ بار، سۇ بار يەرلەرگە توغرا كەپقالغىنىغا ئوخشاش. ئېگىز بىنالارنى سالمىسا ، تەرەققىيات بولمايدىغاندەك... چەت ئەللەرنىڭ ھەر-ھەر تەرەققىي قىلغان چوڭ شەھەرلىرىدە ئۆيلەر بەش قەۋەتتىن ئاشمايدىكەن،بولمىسا... ئالما-ئاتا،تاشكەنت،ئىستانبۇل، لوندون،پارىژ...دېگەن شەھەرلەرگە قارىمامسىلەر – ئازادە، ياپپېشىل...

– ھەي كالۋا، – دېدى بىرسى، – قاراپ باققىن، مەھەللىمىز ئېگىز بىنالارنىڭ، چوڭ يوللارنىڭ ئارىلىقىدا قىستىلىپ قالدى. ھۆكۈمەت بۇ يەرلەرنى چېقىپ،شەھەرنى گۈزەل قىلسا، بۇنىڭ نېمىسى بولمايدىكەن؟ ئۆلۈككە گۆر تېپىلىدۇ، تىرىككە ئۆي. ھەممىمىزگە ئۆي بېرىپ، جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ئاندىن چاقىدۇ.شۇنىسى،قۇرۇلۇش پۈتكەندە يەنە قايتىپ كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇرالمايدىكەنمىز. بىر-بىرىنىڭ قازىنىدىن تۇز-تاماق يېگەنلەر قېرىنداشتىن چارى بوپقالغانلار ،تەرەپ-تەرەپلەرگە تارقىلىپ كېتىدىكەنمىز شۇ..

– ۋاي ... ئۇنى دېمىز، بۇنى دېمىز... يەنىلا بايلار،زېمىندارلار پايدا ئالىدۇ.سەن-بىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەرگە توخۇ كاتىكى تەگسە چوڭ گەپ! بايىقى مىسالىڭنىڭ ئاخىرى «بەزىلەرنى ئەزىز ياراتتىڭ،بەزىلەرنى خار»ئەمەسمۇ؟ – دېدى بىرسى. كۆپچىلىك جىمىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى مەلۇم چېكىت – نۇقتىلارغا تىكىلىپ قېتىپ قالغانىدى. مىنۇت ئۆتەر- ئۆتمەي بىرسى گەپ باشلىدى:

– ئالىم خىيال ئېسىڭلاردىمۇ؟ ئاجايىپ غەلىتە نېمىدە، ئۇ؟ ھەممە خەق مۇشۇ شەھەردە پۇل تېپىۋاتسا، ئۇ ساراڭ پۇل تاپمەن ،ئوقۇيمەن،دۇنيا كۆرۈپ نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتىمەن... ھە... يەنە نېمە قىلىمەن، بىرنېمە قىلىمەن، دەپ ئون يىلنى نىشانلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا دەمدۇ، تۈركىيە دەمدۇ... ياكى گېرمانىيە دەمدۇ... ئەيتاۋۇر بىر«يە»گە كېتىۋېدى،مانا ئون يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى،خەۋىرى يوق. ئۇنى ساقلىماقچى بولغان ۋاپادار يارىمۇ ساقلاپ-ساقلاپ، ئاخىرى ئەرگە تەگدى، بالىلىق بولدى، ئەمدى ئېرىدىن خېتىنى ئېلىپ جالاپ بولدى!

– غەيۋەت قىلىشمىساڭ قانداق؟ ئالىم يامان نېمە، ئۇ كېلىدۇ، تېخى ياش، ئەمدى 32لەرگە كىرگەندۇ،نى-نى قىزلارنى ئالالايدۇ ئۇ...

– بولدى-بولدى! ئۇ گەپنى دېيىشمەيلى... بۇ مەھەللىنى چاقمىز دېگىنىمۇ بەك ياخشى بولدى. ساپلا قەشقەرلىكلەر بېسىپ كەتكەن بۇ مەھەللىنى ! – دېدى بىرسى يەرگە تۈكۈرۈپ قويۇپ.

–ھەي – ھەي... يۇرتۋازلىق قىلما!

– راستقۇ؟ ئەمەلىيەتقۇ..

– ھەي خوتۇنتالاق!...

– جالاپ خوتۇنىڭ بالىسى!...

– تىللىماي گەپ قىل،ھەزىلەك!...

– سەن باشتا تىللىدىڭغۇ، شۈۋىكەش! ...

ئىككىسى بىردەمدىلا بوغۇشۇپ كەتتى. باشقىلار ئاجرىتىپ بولغۇچە، بىر-بىرىنىڭ ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلىشتى. ئاخىرى: «ئايرىلىپ كېتىمىزغۇ ئاخىر! بۇ مەھەللىمۇ چېقىلغۇدەك» دېگەن گەپ بىلەن، بىر-بىرىگە:«رازى بول جۇمۇ!»دېيىشىپ جودا بېسىلدى.

يىل ئۆرۈلدى. پۈتۈن مەھەللىنى نامىنى ئاڭلاپ باقمىغان بىر چوڭ شىركەت گۇرۇھى سېتىۋاپتۇ. ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ پىلانى بويىچە مەھەللىدىكىلەرگە ئۆي، يەر تەقسىم قىلدى ۋە دەرھال كۆچۈشنى ئۇقتۇردى. كىشىلەر غەمكىنلىك بىلەن كۆدە-كۆرپىسىنى توشۇغىلى باشلىدى. بۇ بىر چوڭ كۆچۈش بولۇپ، قىيا-چىيا،سۈرەن – چۇقانلار قۇلاق – مېڭىلەرنى يېرىۋەتكىلى تاس قالدى.بۇ ئۇلۇغ كۆچۈش، ئادەمگە«كۆچ-كۆچ» دەۋرىنى ئەسلەتتى. بەزى ئائىلىلەر سەرەمجانلىرىنى قىرىق كۈندە ئاران يۆتكەپ بولۇشتى.

– ۋاي دادا... سەن بىنا قىلغان ھويلا - ئارامىلار قېنى؟!

– ۋاي ئانا ... سەن سۇ قۇيغان گۈللەر، سەن سۈپۈرگەن يەرلەر قېنى؟!...

رازى بولماي جېدەللەشكەنلەرمۇ، خۇشال بولغانلارمۇ ئوخشاشلا كۆچتى. ھايت-ھۇيت دەپ بولغىچە بىرەر يۈزچە ئىشلەمچى كېلىپ، چېدىر تىكتى. ئۇ يەر-بۇيەرنى كولىغىلى تۇردى. يەر كولايدىغان ،توپا ئۇسىدىغان يوغان-يوغان

www.uyghurkitap.com

ماشىنىدىن ئىككى-ئۈچى كېلىپ گۈرۈلدەپ تۇرۇۋالدى. پۈتكۈل مەھەللە توپا-توزان، ۋاراڭ-چۇرۇڭ،قالايمىقانچىلىقلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى بۇ ،بۇنىڭ ئۈنىنى ئۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ھەممىلا ئادەم ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى،ئىككىنچى بىرسىگە قاراشقا ھالى يوق ئىدى. خۇددى قىيامەت كۈنىدىكىدەك.

— ۋۇي ... مەمەتخان ئۇستام، نېمە ئالامەت بۇ؟!

— ۋاي...ي... توختاخۇن ئاداش، نېمە ئالامەت بولماقچىدى؟ بۇ مەھەللىمۇ چېقىلغۇدەك!

— ۋادەرىخا! شەھەر بويىچە ھەممىدىن كونا- ئېسىل بىر مەھەللە ئىدى،شەھەرنىڭ كۆركى ئىدى. ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا ئىدى... دۇنيادا، بۇنداق مەھەللىدىن يەنە بىرىنى تاپقىلى بولمايتتى.قىسقىسى، نەق ئۇيغۇر دۇنياسى ئىدى-دە! ئىسىت، ئىسىت...

مەھەللە مىڭ يىللىق خارابىگە ئايلىنىپ قالدى. ھەممە ئادەم غايىب بولدى. بەجايىكى بىر مەدەنىيەت دەۋرى ئاياغلاشقانىدى...

ئۆيلەر چېقىلىپ تۈگىدى. ئاندا-ساندا ساقلىنىپ قالغان يالغۇز دەرەخلەرمۇ قۇرۇلۇش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن كېسىپ تاشلاندى. مەھەللىنىڭ دوقمۇش تەرىپىدە قۇرۇلۇشقا ھازىرچە بەك دەخلى يەتكۈزەلمەيدىغان ،ھۆكۈمەت بىلەن «قېرىشىپ» تۇرۇۋالغان ئۈچ قورۇ ئادەملا قالدى. ئۇلار سۇ، توك ۋە ئۆتەر يولنىڭ ئاۋارىچىلىقلىرىنى تارتىشقا رازى ئىدى. ئەمما بۇ قورۇ ئۆيلەر يىراقتىن قارىغاندا، بەئەينى ئەسكى مازارلىققا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدىلا ئوتتۇز نەچچە قەۋەتلىك بىر ئالىي مېھمانسارايىنىڭ ئۇلى جىددىي قوپۇرۇلماقتا ئىدى...

مەن كۈندە بىر قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ، بىرەر سائەتچە تۇرۇۋېلىپ ئاندىن كېتىدىغان بوپقالغانىدىم. بۇرنۇمغا پۇراۋاتقان توپا،شاماللاردا ئۇچۇپ يىراق-يىراقلارغا توزۇپ كېتىۋاتاتتى. شامالنىڭ غۇرقىراشلىرىدىن:«سېنىڭ رىزقىڭ، سېنىڭ قەبرەڭ مۇشۇ توزۇپ، ئۇچۇۋاتقان توپىدا! شامال ئۇنى ئۇچۇرۇپ،توزۇتۇپ نەگە ئاپىرىپ قوندۇرسا، شۇ يەر سېنىڭ مەنزىلىڭ! سېنىڭ تاللاش ھوقۇقۇڭ يوق! ھەممىنى باشتىن باشلايسەن، ئۇنىڭغىچە مۇشۇ توپىدەك سورۇلىسەن،توزۇيسەن، ئۇچىسەن... بىلدىڭمۇ! سەن ماھىيەتتە ئەرگىنە قۇندىن چىقتىڭ!!!» دېگەنلەرنى سەزگەندەك قىلاتتىم.

بىر كۈنى بىرسى:«قارا» دېگەندەك قىلدى. شۇنداق قارىسام، كۆرۈشمىگىلى ئۇن يىل بولغان ئالىم خىيال تۇرىدۇ. ئۇ، مەھەللە خارابىسىغا قارىغىنىچە قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يارىشىملىق بۇرۇتى بىلەن چىرايلىق قوي كۆزلىرى ـيۈز يىلدىن كېيىن كۆرسەممۇ دەررۇ تونۇپ ئالالايمەن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدىم.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، — ئۇ ماڭا ئېتىلدى. بىز قۇچاقلىشىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ ئۇزايىدىن ئەتىر پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. قىسقىچە تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئۇ غەمكىنلىك بىلەن سورىدى:

— نېمە ئىش بۇ؟

— چېقىلدى،ئاداش...

— خۇددى پۈت - قولۇمنى ئۇرۇپ چىقىۋەتكەندەكلا بوپقالدىم.

— مەنمۇ شۇنداق... ئاز-ئازدىن چېقىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئېشىپ قالغىنىنى، مانا، بىراقلا چاقتىغۇ.

ئالىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى.

— چېقىلغۇدەك، چېقىلغۇدەك...دەۋاتاتتى... ئاخىرى...

— يىغلىما، — دېدىمەن، — سەن يىغلىساڭ،مەنمۇ يىغلىۋېتىدىغاندەكلا قىلىمەن...بولغۇلۇق ھامان بولاتتى. بالدۇر بولغىنى ياخشى بولدى. نېمە دەيمىز؟ نى-نى ئادەملەر بىر-بىرىگە خوش دېمەيلا كېتىپ قالدىغۇ؟

ئۇ يەرگە تىزلاندى. قولىدىكى كىچىك قول سومكىسىنى تاشلاپ قويۇپ، يەرگە ـ ئاشۇ توپىغا مەڭزىنى سۈركىگىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئاقىرىپ، پارقىراپ،سۈپسۈزۈك بوپقالغان چىرايى توپا بولدى. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، يولدىن ئۆتۈۋاتقانلار قەدەملىرىنى ئاستىلاتتى. بېشىغا قالپاق كىيىۋالغان پاكار-پاكار ئىشلەمچىلەرمۇ بىزگە، بولۇپمۇ ئالىمغا ھەيران بولۇپ قاراشتى، بەزىلىرى كۈلۈشتى...

بارا-بارا ھاڭۋاقتىدىن ئۇن-يىگىرمىسى چۆرىمىزگە ئولاشتى.

— مەن بۇ مەھەللىنى قانچىلىك سېغىنغانىدىم ـ ھە؟! ـ دېدى ئالىم، ـ قېنى مېنىڭ مەھەللەم؟ قېنى، بىزدە يۈكسەك غايىلەرنى يېتىلدۈرگەن بىر پارچە زېمىن؟... مەسچىت چېقىلدىمۇ؟

— ياق. مەسچىت قۇرۇلۇشقا تاقاشمىغۇدەك.

— بىراق ئۇنىڭغا كىرىدىغانلار ھازىر نەلەرگە تاراپ كېتىشتى؟ ئەمدى بىزنىڭ مەھەللە مەسچىتىمىزئۆتكەن - كەچكەن ـ مۇساپىرلارنىڭ مەسچىتى بوپقالامدۇ؟

— ئۇنداقمۇ بوپكەتمەس!

— ئاداش... مەھەللىمىز چېقىلىپتۇ...بىلەمسەن؟! قەلبىمدىكى مەھەللەم مەڭگۈ چېقىلمايدۇ...

— ئەلۋەتتە شۇنداق، ـ دېدىمەن ۋە بىردەم تۇرۇۋېلىپ، گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرغۇم كەلدى-دە، ـ كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ ئەتە-ئۆگۈن قەلبىمىزدىكى مەھەللىمىزنىمۇ چېقىلغۇدەك، چېقىلغۇدەك دەپ قوپامدۇق تېخى؟! - دېدىم، بىراق ئالىم خىيال كۈلمىدى،ھەتتا كۈلۈمسىرەپمۇ قويمىدى.

تۇيۇقسىز قېشىمىزدا مۇسا ئۇستام پەيدا بولدى.

— ۋۇي... ئالىم خىيالغۇ سەن؟! نېمە قىلىۋاتىسەن، سەجدە قىلىپ؟! ـ دېدى ئۇ ئادەم.

— كۆڭلۈم يېرىم،ئاكا... بۇ مەھەللىمۇ چېقىلغۇدەك، ـ دېدى ئالىم.

— نېمە دەۋاتىسەن،ئۇكا ھوي... ھېلىمۇ چېقىلىپ بولدىغۇ ئەنە! ـ مۇسا ئۇستام ھەيران بولغانىدى. ئالىم خىيال ماڭا قاراپ قويۇپ بىردەم تۇرۇۋالدى-دە، مۇنداق دېدى:

— ياق، بۇ ھېساب ئەمەس تېخى.ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن چېقىلغۇدەك.

ئالىم خىيالنىڭ بۇ گېپىنى مۇسا ئۇستام ئەمەس، ھەتتا مەنمۇ چۈشىنەلمەي قالدىم...

2001-يىل 19-ماي، ئۈرۈمچى

رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز

ئاپتور: مەدىكار(M1)



# خىيال ۋە رېئاللىق ئارىسىدا

(ھېكايە)

**ئەزىز ھاشىم**

مۆجىزىلىك ئىشلار بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ دۇنيادا نېمە ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ، دەيسىز؟ يەنە كېلىپ، بۈگۈنكى ھەممە نەرسە سېھىرلىنىپ قالغاندەك، ئېلىم-پەن ھەربىر نەرسىنى نۇرغۇن بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، سۇنئىيلەشتۇرۇپ چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىۋاتقان دەۋردە تېخىمۇ شۇنداقتە.

«تاغدىن-باغدىن» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىدىن ئادەمنى تاشقى پلانىت ئادەملىرى يارىتقانلىقى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئاتوم بومبىسى زەربىسىدە ھالاك بولغانلىقى، پەرىشتىلەرنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە تاشقى پلانىت ئادەملىرىنىڭ ماشىنا ئادەملىرى ھەققىدىكى بايانلارنى ئوقۇغىنىم. ئەمدى بۈگۈن مانا ئاغىنىمىز تۇرسۇننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، خۇدانىڭ قۇدرىتىگە ھەيران قالدىم. نېمىلا دېگەنبىلەن خۇدا دېگەن يەككە-يېگانە ۋە بۈيۈك، ھامان ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئازغۇن بەندىلىرىنى ئازغۇنلۇق پاتقىقىدىن چىقىرىپ، ئېزىۋاتقان بەندىلىرىنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلايدۇ-دە.

ئۇ، بۇ گەپنى تۈنۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ئېيتىپ بەرگەن، ئۇمۇ بۇنى قايسىدۇر بىر ژۇرنالدىن ئوقۇپتىكەن، بىراق قايسى ژۇرنالدىن ئوقۇغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. ئېنىقلىسا، غەلىتە ئىشلارغا ئامراق، بىر كۈندىلا تۈيۈقسىز يۇقىرى ئىقتىدارلىق ياكى مال-دۇنيالىق بولۇشنى ئويلايدىغان ھەۋەسكارلار كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقاندا، ئەلۋەتتە شۇنداق گەپلەرنى باسىدىغان بىر ژۇرنالنىڭ بولۇشى ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەستە.

ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ژۇرنالغا مۇنداق دەپ بېسىلغانىكەن:

«ئىنسانلار ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئىلاھىي كۈچ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى بىلگەندىن بۇيان ئاشۇ يېگانە كۈچنى دۇنياغا ئادالەت ئورناتقۇچى دەپ بىلىپ‹ تەڭرى› دەپ ئاتاپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد، ئىبادەت قىلىپ كەلگەندى. بىراق يۇقىرى ئىلىم-پەن بىلىملىرىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، داۋاملىق يوسۇندا ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن يارىتىپ، كېيىنچە ئىنساننىڭ پىكىر

قىلىش ئۇسۇلىغا سىڭىپ كەتكەن گۇمانىزىم ئىدىيىسى ئۇلارنى خۇدانىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن، ئۆزىنىڭ شۇنداق بىر كۈچ، شۇنداق بىر ئالاھىدە ئىقتىدارلارنىڭ بىرىكمىسى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىدىغان قىلىپ قويىدى. تەڭرى ئىنسانلارنى ياراتقان ۋە ئانا بالىسىغا مۇھەببىتىنى بېغىشلىغاندەك چەكسىز مۇھەببىتىنى بېغىشلىغان بولغاچقا، يېقىندىن بۇيان ئەۋج ئالغان قانداقتۇر تاشقى پلانىت ئادەملىرىنىڭ ئادەمنى ياراتقانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىلەرگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادى، تەڭرى ئەڭ دەسلەپتە توپىراقتىن ياراتقان ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تىرىلدۈرۈپ، ئىنسانىيەتكە ئىبرەت قىلماقچى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈپ، ئىنسانلارنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلىماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن خۇدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تىرىلدۈرگەن. بىراق كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ھەيران قېلىپ ۋە ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئېگىز بويىنى پاكارلاتقان (چۈنكى كىشىلەردە، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە ئۆزىدىن قابىلىيەت جەھەتتە ئارتۇقراق ئادەمنى كۆرسىلا ئۇنىڭغا ئورا كولاش قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ئادەتكە ئايلانغان ـ دە) ، پەقەت كىشىلەرنىڭ ئىشەنمەي قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ھەۋۋا ئانا يارىتىلغان سول قوۋۇرغىسىدىكى بىر تال قوۋۇرغىنى ئۆز پېتى قالدۇرغان.

ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ھەرقايسى جايلارغا ، بولۇپمۇ ئازغۇنلۇق ئەۋج ئالغان جايلارغا بېرىپ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى دېگەن. كىشىلەر دەسلەپتە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ئۇنى 〈ساراڭ ـ مەجنۇن〉 دەپ تىللىغان بولسىمۇ، بىراق كېيىنچە يۇقىرى پەن-تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىرتال قوۋۇرغىسىنىڭ كەملىكىنى سېزىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ۋە نۇرغۇن كىشىلەر ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلغان. لېكىن ئۇ مۇشۇخىزمەتلەرنى جىددىي ئىشلەۋاتقاندا بىر قىيىنچىلىققا يەنى قورساققا نېمە يېيىش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەن. چۈنكى نۇرغۇن خىمىيىلىك تەركىبلەر قوشۇلغان تاماقلار ئۇنىڭ ئاشقازىنىنى بۇزغان، بۇلغانغان ھاۋا ئۇنىڭ نەپەسلىنىش ئەزالىرىنى كاردىن چىقارغان. ئاز ھەرىكەت ئۇنىڭدا زىيادە سەمرىپ كېتىش ۋە يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئۇ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان ۋە داۋالانغاچ سەھرادا دەم ئېلىپ بىر ئاز ياخشىلانغان بولسىمۇ، دوختۇرنىڭ خىمىيىلىك دورىلىرىغا خۇمار بولۇپ قېلىپ، دورىدىن ئايرىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان. كېيىنچە تۇرمۇشنى كۆزىتىپ، ئىنسانىيەت ئارىسىدا خۇدانى ئۇنتۇشلا ئەمەس، يەنە گۇمانخورلۇق، ئىشەنچسىز-لىك، نامەردلىك، ئىتتىپاقسىزلىق، ئەجدادىنى ئۇنتۇش قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ تەبىئەتتىن ـ ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىغان بۇ ئانىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قاتتىق ئازابلانغان ۋە 〈تەبىئەتكە قايتىڭلار، خۇدانى تېپىڭلار!〉 دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. دوختۇرلار ئۇنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆسۈملۈك ۋە يېمەكلىكلەر تەركىبىدىكى ئوغۇت ۋە خىمىيىلىك دورىلار تەسىرىدىن پەيدا بولغان مېڭە ئۆسمىسى تۈپەيلىدىن ۋاپات بولغانلىقىنى ئېنىقلىغان. ئۇ تۇنجى قېتىم دۇنياغا كەلگەندە، ھازىرقىنىڭ 500 ھەسسىسىچىلىك ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، ئۇنى خۇدانىڭ سوۋغىسى دېيىش كېرەكمۇ ياكى تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتى دېيىش كېرەكمۇ؟

ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپتە يارىتىلغان ئاتىسى كەتتى، بىزمۇ ھەم كېتىمىز، بىراق ئەۋلادلىرىمىز ياشايدۇ. بۇ زېمىن، بۇ ھاۋا، بۇ تاغ-دەريا ئۇلارغا قېلىشى كېرەك. بۇلاردا ئۇلارنىڭمۇ ھەققى بار. بىز ئاشۇ ئىنسانغا، ئاتا ئىنسانغا ماتەم بىلدۈرۈۋاتقان بۇ كۈندە ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئاستا پىچىرلىماقتىمىز: 〈تەبىئەتكە قايتىڭلار، خۇدانى تېپىڭلار! 〉 (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ دەپ بەرگەنلىرىگە ئاساسەن رەتلەندى) » .

ئۇ، بۇ گەپلەرنى ماڭا تۈنۈگۈن ئېيتقان، مانا بۈگۈنگىچە ئۇلار كاللامدىن چىقىپ كەتمەيۋاتىدۇ. بالكوندا ئولتۇرۇپ شۇلارنى خىيال قىلغاچ پەسكە قاراپ، ماشىنىدىن چىقىۋاتقان گازلارنى كۆرۈپ، مەنمۇ زەھەرلىنىپ ئۆلمەي، دەپ بالكوننىڭ ئىشىكىنى چىڭ يېپىۋېتىپ ئۆيگە كىردىم-دە، توڭلاتقۇنى كۆرۈپ ئەرۋاھىم ئۇچتى. چۈنكى ئۇنىڭ گازىمۇ ئوزون قاتلىمىنى بۇزۇپ، ئادەمنى ۋاستىلىك كېسەل قىلىدۇ-دە.

توڭلاتقۇنىڭ توكىنى ئۈزۈۋېتىپ، بىرەر باغچىغا ماڭاي دەپ تۇراتتىم، تۇيۇقسىز يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بايا ئوغلۇمنى: «تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلەپ بولالمىساڭ سىرتقا چىقمايسەن» دەپ ياتاق ئۆيگە سولاپ قويغانلىقىمنى ئەسلەپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئەسلىدە بالام تاپشۇرۇقنى ئىشلىيەلمەي يىغلاۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ دەپتىرىگە قاراپ قېتىپلا قالدىم. چۈنكى ئۇ كالىنى «يىرتقۇچ ھايۋان» دەپ يېزىپتۇيۇ، بۆرىنىڭ قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي يىغلاۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىم تۇمانلىشىشقا باشلىدى. ئاشۇ دەقىقىدە: «تەبىئەتكە قايتىڭلار، ياراتقۇچىنى تېپىڭلار! » دېگەن ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە ئەكس سادا قايتۇرۇپ ياڭرىغاندەك بولدى.

2001-يىل ئاپرېل، خوتەن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە چودا يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە پراكتىكانت ئوقۇتقۇچى (M1)

www.uyghurkitap.com



# «غەربكە ساياھەت»كە ماڭغانلارنىڭ غەيرىي رەسمىي تەرجىمھالى

(فېلىيەتون)

ھېيت مۇسا

ئەلقىسسە، بۈيۈك تاڭ خاقانىنىڭ يارلىقى ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇشى بىلەن، ئۆز زامانىسىدا ئالىي مەلۇماتى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان راھىب تاڭ سىڭ بۇددا دىنىنىڭ تاۋاپگاھى بولغان ئەنەتكەككە قاراپ يولغا چىقتى. خاقان تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە ئەلنىڭ ئۈمىدىنى ئۆز زىممىسىگە يۈكلىگەنلىكىنى ھېس قىلغان بۇ راھىب ئالدىدا جاپا-مۇشەققەتلەر، توسالغۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى. ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە پېشانىسىنىڭ ئوڭلۇقى بىلەن، يولدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئات، سۈن ۋۇكۇڭ، شاسىڭ، جۇباجېي قاتارلىق ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇشكۇللىرى تېخىمۇ ئاسان بوپكەتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئون كۈن ماڭغاندىن كېيىن، بۈيۈك تاڭ خاقانىنىڭ يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالدى:

## يارلىق

خانلىقىمىزدىكى مەكتەپلەرگە، تەتقىقات ئورۇنلىرىغا «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن كىرىم توپلاش» ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلدى. مەكتەپ دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولسا، ۋەزىپىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تاڭ سىڭ قاتارلىقلار ھەركۈنى نوپۇس بېشىغا 5000 سەردىن جەمئىي 25000 سەر پۇل تېپىشى شەرت. تاڭ سىڭ قاتارلىقلار ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ ئادىمى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەغرىپ ئىقلىمىدا ئالتۇن كۆپ. شۇڭا، بۇ ۋەزىپىنىڭ كۈنىگە 1000 ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇنلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز!

– خان ئالجىپتۇ! – دېدى سۈن ۋۇكۇڭ، – سەپەر ئۇزاق دەپ خىراجەت بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن. . .

– ئاتمۇ پۇل تاپامدىكەن؟! – دېدى جۇباجېي سەكرەپ.

– شاگىرتلىرىم، ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ. بىرلىكتە چارە تاپايلى، – دېدى تاڭ سىڭ سالماقلىق بىلەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار سەپەر جەريانىدا پۇل تېپىشقا كىرىشتى: سۈن ۋۇكۇڭ بارغانلا يېرىدە ئادەم يىغىپ، خىلمۇ خىل ماھارەت كۆرسىتىپ پۇل تاپتى. جۇباجېي يىغىلغان كىشىلەرگە قىياپىتىنى كۆرسىتىپ پۇل تاپتى. تاڭ سىڭ يىغىلغان كىشىلەرگە نوم تەپسىرى قىلىپ بېرىپ پۇل تاپتى. شاسىڭ بىلەن ئات بۇ ئۆچەيلەننىڭ يۈك-تاقىنى كۆتۈرۈشۈپ، تامىقىنى ئېتىش، نەرسىلىرىگە قاراپ بېرىش بەدىلىگە ھەق ھېسابلاپ، ئۇلاردىن پۇل يىغدى. ئامال قىلىپ ۋاقىت چىقىرىپ، ئارام ئالماستىن كىراكەشلىك قىلىشنى نومۇس ھېسابلىمىدى.

بۇ بەشەيلەن: «تېزراق ماڭساق، كۈن سانى

ئازىيىپ، تاپىدىغان پۇلمۇ ئاز بولىدۇ» دېگەن مەسلىھەتكە كېلىشتى. تاڭ سىلك ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇردى. قالغان ئۇچەيلەن موللاق ئېتىپ، ئۇچۇپ تېز مېڭىش ئۈچۈن بار ماھارىتىنىڭ ھەممىسىنى چىقاردى. يول ئويلىغاندىكىدىنمۇ تېز ئاۋۇدى. بىراق پۇل تېپىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى.

يەنە ئون كۈن ئۆتكەندە، ئۇلار بۈيۈك خاقاننىڭ يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالدى:

يارلىق

1. نومغا ماڭغانلار چەت ئەلگە چىقىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسىي تەربىيىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىشى زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەركۈنى ۋاقىت چىقىرىپ، مۇنتىزىم سىياسىي ئۆگىنىش قىلىشى، ئۆگەنگەنلىرى ئاساسىدا ھەركۈنى 5000 خەتلىك تەسىرات ۋە ئىرادەنامە يېزىشى كېرەك. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە خانلىق سىياسىي مەھكىمىسىدە سىياسىي-نەزەرىيە ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ. ماقالىسىنى قوشۇپ تاپشۇرىدۇ.

2. نومغا ماڭغانلار ھەر بىر ئۆتكەلدە قاتناش ھەققى تاپشۇرىدۇ. پىيادىلەر كۈنىگە 50 سەردىن، ئاتلىقلار كۈنىگە 500 سەردىن، ئۇچۇپ ماڭغانلار كۈنىگە 5000 سەردىن، يۈك-تاقىنىڭ ھەر كىلوگراممىغا كۈنىگە ئىككى سەردىن پۇل تاپشۇرىدۇ. تاپشۇرمىسا ياكى كۆز بوياmچىلىق قىلسا، ھەسسىلەپ جەرىمانە تۆلەيدۇ. (ئالاھىدە ئىزاھات: يارلىق دەخلىسىزدۇر!)

ئازراق تالاش-تارتىش بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار كونا-يېڭى يارلىقنى تولۇق ئىجرا قىلىپ، پۇل تېپىش، سىياسىي ئۆگىنىش قىلىش، تەسىرات ۋە ئىرادىنامە يېزىشنى چىڭ تۇتۇپ، سەپەرنى داۋاملاشتۇردى. قاتناش ھەققىنى تاپشۇرۇپ تۇردى. قاتناش ھەققىنى كېمەيتىش ئۈچۈن ھەممەيلەن پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق ئات. . .

ئىلگىرى يول ماڭغاندا، جۇباجىي بادالڭ قورسىقىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ بولالماي ئارقىدا قالاتتى. ھازىر سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قەدەملىرى كىچىك بولغاچ، ھەممىنىڭ ئارقىدا قېلىپ كۆلكىگە قالاتتى، شۇڭا تېخىمۇ تىرىككەك بوپكەتكەنىدى.

- ئاتمۇ قاتناش ھەققى تاپشۇرۇدىغان بولغاندىكىن، مىنسەك بولمامدۇ؟ - دېدى بىر كۈنى جىلە بولغان سۇن ۋۇكۇڭ.

- ئۇنداقتا، ئاتلىق ئىككى بوپقالىدۇ، - دېدى تاڭ سىلك قاپىقىنى تۈرۈپ.

- ئەممىسە، ئاتنى ھەيدىۋېتەيلى، بۇنداق قىلغاندا كۈنىگە تاپشۇرۇدىغان 5500 سەر پۇلنىڭ ھەم ئۇنىڭغا تەسىرات ماقالىسى يېزىپ بېرىشنىڭ ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلىمىز. . .

«چاڭ» قىلىپ تەگكەن تەستەكتىن جۇباجىيمۇ جىمىدى. ھازىر تاڭ سىڭنىڭ ئىلگىرىكى مۇلايىملىقى يوقاپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ئېشىپ، خانلىق چۈشۈرگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە ھەمراھلىرىنىڭ سىياسىي ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش، سىياسىي پوزىتسىيىسىنى كۆزىتىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بۇيرۇقلارنى ھەيۋەتلىك چۈشۈرەتتى. بويسۇنمىغانلارنى تەكشۈرۈشنامە يېزىشقا، مەسىلە تاپشۇرۇشقا قىستايتتى. خىزمەت مىقتارى ئارتۇق بولغاچ، ئىنتايىن چېچىلغاق بوپكەتكەنىدى.

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. بىراق يۈرۈش سۈرئىتى ئاستىلاپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈنلۈك ئىشلىشى ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئۇزارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەسىرات ماقالىسى سېلىنغان بوغچىلار كۈندىن كۈنگە ئېغىرلاپ كەتكەنلىكتىن كۆتۈرۈش قىيىن بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەق ئېلىنىدىغان ئېغىرلىق ئاشقانلىقتىن، پۇل تېپىش ۋەزىپىسى ئېشىپ كېتىۋاتاتتى. جىسمانىي ۋە روھىي بېسىم ئاشقانلىقتىن، ئۇلار بەك چارچاپ كېتىۋاتاتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلگىرىكى پۇل تېپىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن سىرت، يېڭى كىرىم مەنبەسىنى تېپىۋالدى: تاڭ سىلك چىرايلىق ناملار بىلەن بېرىلگەن يارلىقلارنى رەت قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تەمە خالتىسىنىڭ ئېغىزىنى چوڭ ئېچىۋەتتى. خېنىملار پۇل بەرسىلا ئۇ قېچىپ يۈرمىدى. قالغانلار ماھارەتلىرى بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلىش، يۇقىرىلارنى قاقتى-سوقتى قىلىشنى باشلىۋەتتى. بىراق جىن-شەيتانلارغا ئۇچرىسا، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا قورقۇنچ پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى يوقىتىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئاستا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. . .

ئۇلار يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئاخىرى ئەنەتكەكتىن ئەكەلگەن نوملىرى بىلەن يولدا توپلىغان پۇللىرىنى مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا تاپشۇردى. بىراق ئۇلارنىڭ قىلمىقلىرى ۋە قىياپىتى ھەممىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى: ئېلىنغان سىياسىي ئىمتىھاندىن ھېچكىم ئۆتەلمىدى. تەسىرات ماقالىسى بىلەن نوم پۈتۈكلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قايسىسى نوم پۈتۈكلىرى، قايسىسى تەسىرات ماقالىسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئايرىپ بېرەلمىدى. ھېچقايسىسى نوم توغرىسىدا ئىككى ئېغىز تەپسىر قىلىپ بېرەلمىدى! تاڭ سىلك خىزمەتنىڭ جىددىيلىكىدىن راھىبلارنىڭ چېچىنى قىردۇرۇپ يۈرۈش ئادىتىنى ئۇنتۇپ، چاچ-ساقاللىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمىغانىدى. ئەيدىن كېسىلىنىمۇ يۇقتۇرۇۋالغانىدى تېخى! جۇباجىي ئورۇقلاپ، قورساقلىرى ئەسكى خالتىدەك ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. سالپاڭ قۇلاقلىرى ۋە تىلى تېخىمۇ ساڭگىلاپ، ھەجۋىي تۇسكە كىرىپ قالغان بولۇپ، خوتۇنلارنى كۆرسە يىراقتا قاچىدىغان بوپقالغانىدى! ئات ئورۇقلاپ، قوتۇر بېسىپ، تاۋۇتقا ئوخشاپ قالغانىدى. ئېغىر-بېسىق شاسىلك ئىنتايىن جىمغۇر بوپكەتكەن بولۇپ، بىر يەرگە قارىسا كەچكىچە ھاڭۋېقىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. سەپرا مىجەز، ناھەقچىلىك يۈز بەرگەندە ئەمەلدار، پۇقرا دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدىغان، بىرلا موللاق ئېتىپ 18 مىڭ ئالەمنى كېزىدىغان سۇن ۋۇكۇڭ بارلىق ئەۋلىيالىق ماھارىتىدىن قېلىپ، ئاندا-ساندا چىرقىراپ قويۇدىغان، گەپمۇ قىلالمايدىغان، ئاران-ئاران ئۆمىلەپ ماڭىدىغان قېرى مايمۇنغا ئۆزگىرىپ قالغانىدى!

---

ئاپتور: باي ناھىيە سايرام يېزا قاراقاش مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

(M1)



# لۇگۇچياۋ ئىلھاملىرى

(ئەدەبىي خاتىرە)

## مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

لۇگۇچياۋ!

ئەي پەخىرلىك تارىخىي ئابىدە! سەككىز ئەسىرلىك بوران - چاپقۇن، كەلكۈن - قىيان، يەر تەۋرەشلەر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ساڭا ئوخشاش مىسلىسىز ھەيۋەت بىلەن سوزۇلۇپ ياتقان تاش ئەجدىھادىن پۈتكۈل مەملىكەتتە نەچچىسى باردۇ؟ پۈتكۈل ئالەمدىچۇ؟

1189-يىلىنىڭ قايناق تومۇز پەسلىدە يۇندىڭخې دەرياسى[1] قىرغىقىدا تۆرەلمە ھالىتىدە پەيدا بولغىنىڭدىن تارتىپ، 1192-يىلىنىڭ باش باھارىدا قەددىڭنى رۇسلىغىنىڭغا قەدەر قانچىلىك جاننى ئۆزۈڭگە سىڭدۈرۈپ بولغانسەن؟ قانچەمىڭلىغان قۇرغۇچىنىڭ روھ - ئەرۋاھى ئۇستۇڭدە ئۇچۇپ - لەيلەپ يۈرۈدىغاندۇ؟

2418 كۋادرات مېتىر زېمىننى باغاش ئېتىپ ياتقان 260 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئەي تاش ئەجدىھا، سېنىڭ بەش جۈپ تاش پۇتۇڭ - تۆۋرۈكۈڭ نەقەدەر مەزمۇت، نەقەدەر ھەيۋەتلىك - ھە! ھەر قەدەمدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان جۈپ - جۈپ تاش شىرلىرىڭچۇ تېخى!

گەجگەڭدە مەن، ئەي تاش ئەجدىھا! شىمالدىن سوققان نويابىر شاماللىرى ئاستىڭدىكى ئېقىنسىز دەريا قۇملىرىنى قەيەرلەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتمەكتە، يۈز - قۇلاقلىرىمنى سوغۇققىنا چېقىپ ئۆتمەكتە. قەلبىمدە بولسا بىر ئىللىق سېزىم، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئۇتلۇق ئىلھاملار.

ئېيتقىنا، پاك ۋەتىنىڭگە ناپاك قەدەم تاشلىغان مۇتتەھەم باسمىچىلاردىن يىرگىنىدىغان قايسىبىر ھەقىقىي ئىنسان ساڭا چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بىلەن باقمىغان؟ شەرەپلىك نامىڭ بىلەن قولغا قەلەم ئالغان قايسى شائىر تومۇرلىرىدا ئىلھام دەرياسى ئۆركەشلەپ ئاقمىغان؟ بىزنىڭ مۆھتەرەم ئۇستازىمىز، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ داڭدار ۋەكىللىرىدىن بىرى مەرھۇم نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى داموللا سايرامىي ھەزرەتلىرى سېنى «بۈيۈك جۇڭگو» ناملىق سىياسىي لىرىكىسىدا مۇنداق كۈيلىگەن ئەمەسمىدى:

«بوش كەتمىدى كۆكنى يېرىپ لۇگۇچياۋدا ئېتىلغان توپ،  
سەندىن بۇيرۇق بولدى بىزگە:  
قارشى تۇرغىن، قوزغالغىن، قوپ!»

ئۇنىڭ زوق - شەۋق بىلەن كۈيلىگىنى ئار-نومۇس كۆچىدىن چاك - چاك بولۇپ كەتكەن باغرىڭدىن 1937-يىل 7-ئىيۇلدا پارتلاپ چىققان قانلىق قىساس ئوتلىرى ئەمەسمىدى؟ بۇ ئوتتىن يارالغان ئالەمچە گۈلخانلارنى ۋە ئۇنىڭ تۈمەن مىليونلىغان پەرۋانىلىرىنى بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلابىي شائىرىمىز، ھۆرلۈك - نىجاتلىق كۈيچىسى لۇتپۇللا مۇتەللىپ مەڭگۈ ئۆچمەس يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن تەرىپلىگەن، مەدھىيىلىگەن ئەمەسمىدى؟

«ياز!  
كۈرەش مەنبەسى دۈڭبېي، لۇگۇچياۋنى ،

[1] تيەنئەنمېننىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەريا.

ياز!
ۋەتەنپەرۋەر، جەسۇر
ياش ئەسكەرلەرنى،
ياز! ئارسلانلارنى،
ياناس كۆكۈللۈك پارتىزانلارنى.»
(«جۇڭگو»، 1938-يىل سېنتەبىر، غۇلجا)

«پاكار قانخور بۇنىڭ بىلەن توختىمىدى، چوڭ كۆزۈرۈك - لۇگۇچياۋدا يەنە بىردىنلا ئوت ئاچتى، زەھەر - ئۆلۈم چاچتى. شىر ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۆزىدە تاغدەك كۈچ سېزىپ، پولاتتەك مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، كۈرەش ئۈچۈن تۆمۈر قەسەم بەرگەندە، پاكار ئەجدىھا ئۇنىڭغا چىۋىندەك كۆرۈندى...» («ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق»، 1943-يىل، ئۈرۈمچى)

ئەي لۇگۇچياۋ، ساڭا تەلپۈنگەن، سېنى سۆيگەن، سېنى تەرىپلىگەن داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر شائىرلىرىمىز ئازمۇ؟ سېنى كۈيلىگەنلىكى، ئەركىنلىك - نىجاتلىقنى سۆيگەنلىكى تۈپەيلىدىن ۇشتتەك بېشىغا تاغدەك ئېغىر قىسمەتلەرچۈشۈپ، 'رمان بىلەن دۇنيادىن ئۆتكەن تۆھپىكارلىرىمىز زمۇ؟ شانلىق نامىڭدىن كۈچ - دەرمان ئېلىپ، چىش . تىرنىقىغىچە قوراللانغان ياۋۇز دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلىشىۋەتكەن قەھرىمان يىگىت - قىزلىرىمىز ئازمۇ؟ دەل شۇنداق قەيسەر جەڭچى يىگىتتىن بىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولماقتا، يالقۇنلۇق يۈرەك خىتابىنى ياڭراتماقتا:

- ياز، ئىنىم، ماڭا ئوخشاش نىجاتلىق تەشنالىرىغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن قەھرىمان لۇگۇچياۋنى ياز!...

ئەنە، قان بىلەن يىلىكنى شوراپ تۈگەتكۈچى سۇ تۈرمىسىنىڭ چىدىغۇسىز ئازاب - كۈلپەتلىرى تۈپەيلى قولتۇق تاياققا چۈشۈپ قالغان بىگۇناھ مەھبۇس ھوشۇق ئەتراپلىرىنى ئېچىرقاپ كەتكەن قېرى قاۋاندەك غاجاۋاتقان ئېغىر كىشەن - زەنجىرلەرنى شاراقلاتقان ھالدا سەھنىگە قاراپ كەلمەكتە، تامدەك تاتارغان بىچارە جاۋابكار ھالىتىدە ئەمەس، غالىب سوراقچى قىياپىتىدە مەغرۇرانە ئۆرلىمەكتە. يان-يېنىدا شىتىكلىك مىلتىق تەڭلەپ كېلىۋاتقان بىر-بىرىدىن بەدرەڭ ئالتە چېرىك. زالنىڭ تۆت بۇرجىكىدە ئاغزىدىن ئەجەل مۆلدۈرى ياغدۇرۇشقا تەييار تۇرغان تۆت پىلىموت. پۈتكۈل زال تاپتىن چىققان چېرىك - چېرىك كاتتىۋاشلىرى، ئوردا خەير - ئېھسانلىرى ۋە ھارام پوشكاللار بىلەن سەمرىپ كەتكەن ئىككىيۈزلىمىچى موللا - ئاخۇنلار، قولىدىن قان تېمىپ تۇرغان جاللات - چوماقچىلاربە. لەن لىق تولغان. تولۇق ھەربىي فورما كىيگەن، كەڭ يەلكىلىك، تەكەببۇر شەخس قىزىل مىس غاڭزىسىدىن قارا تۈتەك چىقارغان ھالدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرمەكتە. ئۇ، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ئەشەددىي زالىم ھۆكۈمرانى، ھەربىي قوماندانى جۇڧاڭگاڭ!

- قانداق؟ قورقۇۋاتامسەن؟ - دېپ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىدى ئۇ، - تاتىرىپ كېتىپسەنغۇ؟ يۈرىكىڭ پوكۇلداۋاتامدۇ؟ پېيىڭ سىرقىراۋاتامدۇ!؟

- قورقۇۋاتقان مەن ئەمەس، دەل ئۆزۈڭ! - دېدى مەھبۇس ۋەھشىي تىمساقتەك ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان قەبىھ جاللاتنى قىلچە مەنسىتمەي، - قورقمىغان بولساڭ، يۈرىكىڭ پوكۇلدىمىغان، پېيىڭ سىرقىرىمىغان بولسا، بىر تال قومۇشتىن ياسالغان ئاددىيغىنە قەلىمىمنى تارتىۋالاتتىڭمۇ؟ نەشتەردەك تىككىلىشلىرىمىزدىن، شىردەك نەرە تارتىشلىرىمىزدىن قورقمايدىغان بولساڭ، كۆزىمىزنى ئوياتتىڭمۇ؟ تىلىمىزغا پىچەت سالاتتىڭمۇ؟ ئادەملىك قەدىر - قىممىتى بىلەن ياشاشنى تەلەپ قىلغان ماڭا ئوخشاش گۇناھسىزلارنى تۇتقۇن قىلاتتىڭمۇ؟ دەھشەتلىك قىيىن-قىستاقلىرىڭدا ناكار بولغان پۇتقا 16 جىڭلىق ئىشكەل سالاتتىڭمۇ؟ بىز ئەمەس، سەن قورقىسەن. ھەربىر قەدەملىرىمىزدىن، نەپەسلىرىمىزدىن، ئارزۇ-ھەۋەسلىرىمىزدىن قورقىسەن!...

- ھەي مەيمەيتىمىڭ، ئاغزىڭنى يۇم!

- ھەي چۇفەنگەن، مۇنچە كۆرەڭلەپ كەتمە! - دېدى مەردانە مەھبۇس ئۆز رەقىبىنىڭ نام - نەسەبىنى قەستەن بۇزۇپ، پەسلەشتۈرۈپ.

- مېنىڭ ئېتىمنى تېخىچە بىلمەمسەن؟ - دېدى جۇڧاڭگاڭ ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا، - مېنىڭ ئېتىم باشقىچە ئەمەس، توپتوغرا جۇ... ڧاڭ... گاڭ!

- ھەي چۇ... فەن... گەن، سەنمۇ مېنىڭ ئېتىمنى تېخىچە بىلمەمسەن؟ - دېدى تىز پۈكمەس مەھبۇس، - مۆھتەرەم ئاتام تاڭسەھەر پەيتىدە دۇئا - تەكبىرلەر بىلەن قويغان خاس ئىسمىم - شەرىپىم، قانداقتۇ مەيمەيتىمىڭ ئەمەس، مۇھەممەدئىمىن، بىلىپ قال، مۇھەممەد - ماختالغۇچى، مەدھىيىلەنگۈچى، ئەمىن - تىنچ-خاتىرجەم، سەمىمىي، ئىشەنچلىك دېگەن بولىدۇ. مۆھتەرەم ئاتامنىڭ مۇبارەك ئىسمىم - شەرىپى توختىنىياز، يەنى تەڭرى يولىغا سەدىقە قىلىنغان ئوغۇل، بۇنىمۇ بىلىپ قال: ئەدەبىي تەخەللۇسۇم - سوزۇك! پاك، مۇقەددەس نام - نەسەبىمنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمىساڭ، ئىپلاس تىلىڭنى چايناپ يۇرمە!

1920-يىلى چىرا ناھىيىسىدە ئوقۇمۇشلۇق ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1929-يىلدىن بۇيان يەكەندە تۇرۇۋاتقان، چارەك ئەسىرلىك ھايات مۇساپىسىنى ئەمدىلا بېسىپ تۈگەتكەن بۇ ساداقەتمەن مائارىپچى يىگىتنىڭ پەخىرلىك نام-شەرىپى، راست، مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز، ئەدەبىي تەخەللۇسى «سوزۇك» ئىدى.

ئەي لۇگۇچياۋ! تۇمەن - تۈمەن مىڭ يول يىراقتا، قاتمۇ - قات ئازاب - كۈلپەت ئىسكەنجىسىدە تۇرۇۋاتقان بۇ ئۇيغۇر يىگىتمۇ باغرىڭدا گۈمبۈرلىگەن توپ - زەمبىرەك ئاۋازلىرىغا پۈتكۈل زېھنى بىلەن قۇلاق سالغان ئەمەسمىدى؟ خەقنىڭ ۋەتىنىگە

www.uyghurkitap.com

شىر-يولۋاستەك ھەيۋە بىلەن ھېسسىپ كىرگەن ھەرقانداق ياسىمچىنىڭ ھامان بىر كۈنى نىمجان قۇرت - قوڭغۇزدەك ئۆمىلەپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەن پاك ئېتىقادلىق بۇ يىگىت بۈيۈك ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن قولىغا قەلەم ئالغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ، ئۆزى يازغان بۇ جەڭگىۋار خىتابقا جان-دىل بىلەن سادىق ئەمەسمىدى؟

«قەلەمنى تۇلپاردەك چاپتۇر، يۈگۈرۈك قىل،
تەپەككۇر ئەۋجىگە ئۇنى تۇۋرۇك قىل.
قەلەمگە سىياھ قىل يۈرەك قېنىڭنى،
ۋەرەقنى قان بىلەن بېزە - گۈللۈك قىل!»

ئۇنىڭ مەردانە ئاۋازى، ھەققانىي سوئال - سوراقلىرى زەربىدىن دىرىلدەشكە باشلىغان بۇ زوراۋان تەلۋىلەرچە ۋارقىراش - جارقىراش يولى بىلەن ئۆز مەغلۇبىيىتىنى ياپماقچى، توزغاقتەك توزۇپ كېتىۋاتقان سۇر-ھەيۋىسىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى-دە، كۆپ قېتىم بازارغا سېلىنغان ئەسكى ماتانى يېڭىچە بوياق بىلەن يايمىغا يايدى:

- سەن تېخىچە بىلمەمسەن؟ مانا بۇ خىسلەتلىك ئۈچ خەتتىن تۈزۈلگەن «جۇ-فاڭ-گاڭ» دېگەن ئىسمنى سېپىل دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدىغان بولسام، مىڭ باشلىق جىن - ئالۋاستىلارمۇ يەكەن قەلئەسىگە يېقىنلىشىشقا پېتىنالمايدۇ؛ ھېمىتنىڭ سېپىغا ئېسىپ قويىدىغان بولسام، چەكسىز ساي - جەزىرىلەر جىن - ئالۋاستىلار تەھدىتىدىن ئۈزۈل - كېسىل خالاس بولىدۇ! . . . ئەي ئاسىي - گۇناھكار، ئەنە شۇنداق خىسلەتلىك نام - نەسەبىم يېزىلغان لەۋھە ئالدىدىلا ئەمەس، دەل مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى تېخىچە بىلمەمسەن؟! قاچانغىچە ھوشۇڭنى تاپمايسەن! ؟

ئەي لۈكچۈپچياۋ، ئەي پەخىرلىك تارىخىي ئابىدە، تىز پۈكمەس ئۇيغۇر ئوغلانىنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ جاھانغا پاتماي قالغان ئاشۇنداق بىر تەكەببۇر جاللاتنى سېنىڭ مۇقەددەس نامىڭ بىلەن يېڭىپ، رەسۋايى ئالەم قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ مەشھۇر نامىڭنى پۈتكۈل يەكەن زېمىنىدا قانداق تەنتەنە قىلدۇرغانلىقىنى بىلەمسەن؟

ئۇ، بىگىزدەك قادىلىپ، قەستەن سورىماقتا:

- ئۆزۈڭنى ئەمەس، ئاشۇ ئۈچ خەتلىك ئېتىڭنى ئېسىپ قويساڭ، پۈتكۈل قەلئە - شەھەر، ساي-جەزىرىلەردىكى جىن - ئالۋاستىلار مىڭ يول، تۈمەن مىڭ يول يىراققا قېچىپ كېتىدۇ، بۇ گېپىڭ راست - ھە؟

- ئەلۋەتتە! شۇنداق دەپ قانچە - قانچە قېتىملاپ جاكارلىغانمەن، سەندەك ئاسىي - گۇناھكارلارنى ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرغانمەن!

- ئۇنداق بولسا، ئاشۇ مۆجىزىلىك ئېتىڭنى نېمىشقا لۈكچۈپچياۋغا ئېسىپ قويۇپ بۈيۈك سەددىچىن ئۈستىگە ئېسىپ قويۇپ، ياپون ئالۋاستىلىرىنى قوغلىۋەتمەي، بۇ يەرگە قېچىپ كېلىۋالغان؟ بىزدە: «لاپ ئۇرغىلى ياقايۇرت ياخشى» دېگەن گەپ بار. بۈيۈك سەددىچىن، لۈكچۈپچياۋدەك ئالەمگە مەشھۇر ئابىدىلەرنى بىنا قىلغان، سەككىز يىلدىن بۇيان قان تۆكۈپ، جان بېرىپ جەڭ قىلىۋاتقان قەھرىمان خەلقتىن يۈز ئۆرىگەن ئەي شەرمەندە ئاسىي، دەپباقىنە، بۇ يەر سېنىڭ لاپ ئۇرۇش سەھنەڭمىدى؟! بارچە گۇناھ ئۆزۈڭدە تۇرۇپ، مېنى: «ئاسىي - گۇناھكار» دەيسىنا تېخى!

- تىلىڭنى تارت! - دەپ خىرقىرىدى جۇفاڭگاڭ قانلىق قىساس پەنجىسى تويماس كېكىردىكىنى مەھكەم قىسىۋاتقاندەك تىپىرلاپ.

- يەنە بىر دەپباقىنە! - دەپ قىستاپ كەلدى قولتۇق تاياقلىق مەھبۇس يىگىت، - سېنىڭ ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئىسمىڭنى كۆرگەن جىن - ئالۋاستىلار تۈمەن مىڭ يول يىراققا قاچقان يەردە، ياپون ئالۋاستىلىرى يىرگىنچلىك ئەپتىڭنى كۆرسە، پۈتكۈل شەرقىي شىمالدىن ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قاچقىنىچە ئۆزىنى ياپون دېڭىزىغا ئېتىپ، بىراقلا تۈگەشمەسمىدى؟! نېمىشقا ئالدىنقى سەپتىن قېچىپ كېلىۋالدىڭ، ئەي شەرمەندە ئاسىي! ؟

. . . . . . .

لۈكچۈپچياۋ، ئەي پەخىرلىك تاش ئەجدىھا! قىساس زەمبىرەكلىرىنىڭ باغرىڭدا گۈمبۈرلىگىنىگە توپتوغرا 60 يىل، يوقىرىقى ۋەقەنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە نەق 50 يىل تولغان بۈگۈنكى كۈندە مەن دەل سېنىڭ ئۈستۈڭدە يېڭىۋاشتىن ھاياجانلانماقتىمەن، ئىلھاملانماقتىمەن. يۈرەكنىڭ قات-قېتىدىن ئۇرغىغان ئىلھام دۇردانىلىرى ھۆرمەت چاچقۇسى بولۇپ چېچىلماقتا:

ئەنە، ئاستىمدا لۈكچۈپچياۋ، كۆز ئالدىمدا ئايان تارىخ،
تەۋرەرۈك مويسىپىت تارىخ، ھاياتبەخش نەۋقىران تارىخ.
كىشىلىك ئەركىنىڭ گۈستاخ، ھاياسىز دۈشمىنى ھەرئان
ياسايدۇ مىڭ ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن يالغان - يامان تارىخ.
كىشەن - زەنجىرگە بوي بەرمەس غۇرۇرلۇق، قەھرىمان مىللەت،
ياراتقاي ئاخىرى شانلىق، پەخىرلىك قەھرىمان تارىخ! . . .

1997-يىل نويابىر، بېيجىڭ - ئۈرۈمچى
رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز

## ئىزاھاتلار

*جۇ فاڭگاڭ 1953-يىلى باستۇرۇلغان.

*پېشقەدەم مائارىپچى، تەۋرەنمەس شائىر مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز (سوزۇك) ئەپەندى 1992-يىلى يەكەندە ئالەمدىن ئۆتكەن.

* بۇ ۋەقەنى ماڭا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يەھياجان ئاكا (ئۆزبېك) 1989-يىلى مايدا قەشقەر 2-دوختۇرخانا كادىرلار ياتىقىدا سۆزلەپ بەرگەن.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ 1-دەرىجىلىك ئىجادىيەتچىسى (M2)

www.uyghurkitap.com



# مەدەنىيەت ـ سەنئەت گېزىتى

## 2001 ـ يىل 4 ـ سان، ئومۇمىي 32 ـ سان

## ـ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۇچۇرلىرى

## (2001 ـ يىل مايدىن ئىيۇنغىچە)

● يېتىلىۋاتقان ياش ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى كېرىمجان ئابدۇرېھىم ئۆزئىزدىنىشلىرىنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى 100 مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئىسىملىكى» ناملىق ماقالىسىنى «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 2 ـ سانىدا ئېلان قىلدى. بۇ 100 پارچە ئەسەرنىڭ توققۇز پارچىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىل 2 ـ سانىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردۇر. ئۇلار (كېرىمجان تىزغان رەتىپ بويىچە) تۆۋەندىكىچە: «مەختۇمسۇلا»، (پوۋېست، ئاپتورى ئىلدە ئىسرائىل، 1995 ـ يىل 2 ـ سان)، «كەلكۈن» (پوۋېست، ئاپتورى مۇھەممەت باغراش، 1993 ـ يىل 5 ـ، 6 (قوشما) سان)، «كەچكۈز» ، پوۋېست، ئاپتورى زوردۇن سابىر، 1990 ـ يىل 1 ـ، 2 (قوشما) سان)، «ئايئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى» (ھېكايە، ئاپتورى مۇھەممەت باغراش، 1989 ـ يىل 1 ـ سان)، «قوش مەسچىت» (ھېكايە، ئاپتورى مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، 1987 ـ يىل 2 ـ سان)، «قەشقەردىكى يەرشارى» (داستان، ئاپتورى ئادىل تۇنىياز، 1995 ـ يىل 5 ـ، 6 (قوشما) سان)، «سادا» (نەسر، ئاپتورى ئەخمەت ئىمىن، 1996 ـ يىل 3 ـ سان)، «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» (ئەدەبىي خاتىرە، ئاپتورى ئەختەم ئۆمەر، 1994 ـ يىل 1 ـ، 2 (قوشما) سان)، «موسكۋا خىياللىرى» (ئەدەبىي خاتىرە، ئاپتورى نەبىجان تۇرسۇن، 1998 ـ يىل 5 ـ، 6 (قوشما) سان) دىن ئىبارەت.

**ـ رىسالەت مۇھەممەت**

● 8 ـ ماي كەچتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى مەدەنىيەت ئالاقە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر قويغان ئويۇن رۇسىيىنىڭ سانكت پېتېربۇرگ شەھىرى مۇزىكا زالىنى لەرزىگە سېلىپ قالتىس ئالقىشلاندى.

مۇزىكا زالى جۇڭگولۇقلار، سانكت پېتېربۇرگ ئوبلاستى ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، 37 دۆلەتنىڭ سانكت پېتېربۇرگدا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى بىلەن تولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى «تەخسە ئۇسسۇلى» ئوينالغاندا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراپ ئارتىسلارنىڭ قۇچاقلىرى دەستە ـ دەستە گۈللەرگە تولدى.

**ـ چېن يەن**

● 13 ـ ماي كەچتە پېشقەدەم سەنئەتكارلار «داۋان ئاشقانلار سەنئەت كېچىلىكى» ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى.

ئويۇن باشلىنىپ، جىگەررەڭ دۇخاۋا پەردە ئېچىلىش بىلەن تەڭ سەھنىدە نامايان بولغان سەنئەت پېشىۋالىرىمىزنىڭ سىماسى تاماشىبىنلار قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قەدىردانلىرىغا ئۇزاقىچە ھۆرمەت ئالقىشى ياڭراتتى. كوللېكتىپ ئورۇندالغان تۇنجى نومۇر «بىزنىڭ ناخشىمىز» ھەربىر تاماشىبىننىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتتى...

«داۋان ئاشقانلار» ناملىق سەنئەت كېچىلىكى «تۈگىمەس ناخشا»، «كۆپ ئەجىردىن مىڭ داستان»، «سالام ئۇستازلار» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. سەنئەت كېچىلىكىدە پاشا ئىشان، ئايتىللا قاسىم، ھۆسنەجان جامىي، مۇساجان روزى، زەينەپ سىددىق، خەمىت ئىسھاق، سالى بوربۇش، زەينەپ سابىت، مەريەم ناسىر، مۇھەممەت داۋۇت قاتارلىق سەنئەت پېشىۋالىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ياڭراق ناخشا، جاراڭلىق ساز، نەپىس ئۇسسۇللىرى بىلەن تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلسا، ئەينى يىللاردا «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسىدا رول ئالغان مۇھەممەت شېرىپ، ھەنىپە ئىسمائىل، ئاپرېل سەمەت، قادىر قۇتلۇق، زۇنۇنقىز ئېلاخۇن، ماھىرە زاكىر، ئەبەيدۇللا تۇردى، مەتىمىن نورۇز قاتارلىقلار «ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى» ناملىق ئېتوتنى ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنى ئەينى چاغدىكى ئاشىق ـ مەشۇقلار دۇنياسىغا باشلاپ كىردى... سەنئەت كېچىلىكىدە گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ۋە سەھنىگە چىقىپ گۈل تەقدىم قىلىدىغانلار ئۈزۈلمىدى.

**ـ مېھرىئاي ياقۇپ**

● تونۇلغان ياش فوتوگراف ئادىل ئىسمائىل 2001 ـ يىل 15 ـ مايدىن 20 ـ مايغىچە بېيجىڭدا ئۆز خىراجىتى بىلەن «ئۇيغۇر فوتوسۈرەت كۆرگەزمىسى» ئاچتى. كۆرگەزمىگە ئادىل ئىسمائىلنىڭ فوتوگرافىيە ساھەسىگە قەدەم قويغان 15 يىلدىن بۇيانقى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرىدىن 150 پارچىسى قويۇلدى.

ئادىل ئىسمائىلنىڭ ھازىرغىچە 1500 پارچىدىن ئارتۇق فوتوسۈرەت ئەسىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «ئۆزىمىز يول تاپايلى» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996 ـ يىل 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. ـ مۇھەررىردىن)، «ئۇستاز مېھرى» قاتارلىق بەدىئىيلىكى يۇقىرى، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، ئۆزگىچە رەڭ ۋە خاسلىققا ئىگە فوتوسۈرەتلىرى كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان. ئادىل ئىسمائىل ئۇيغۇر فوتوگرافلىرى ئىچىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن بېيجىڭدا فوتوسۈرەت كۆرگەزمىسى ئاچقان تۇنجى فوتوگراف ھېسابلىنىدۇ.

**ـ نىجات ئەخمەت**

● 23 ـ مايدىن 28 ـ مايغىچە ياپونىيە پايتەختى توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن «ئاسىيا تىنچلىق سەنئەت بايرىمى» غا جۇڭگوغا ۋاكالىتەن شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ داڭلىق سازەندىلىرىدىن داۋۇت ئاۋۇت،

ئەكرەم ئۆمەر، ياسىن ياقۇپ، مەشھۇر ئۇسسۇلچى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان قاتارلىق سەككىز ئارتىس قاتنىشىپ شۆھرەت قازاندى.

بۇ قېتىمقى سەنئەت بايرىمىغا جۇڭگو، تۈركىيە، ئىران، قىرغىزىستان، ياپونىيە سەنئەتچىلىرى قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار سەنئەت بايرىمىدا بىرلەشمە ئويۇن قويدى. كېچىلىكتە شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ئارتىسلىرى ئۈچ كىشىلىك قىزلار ئۇسسۇلى «كۆسەن ئۇسسۇلى»نى، داۋۇت ئاۋۇت راۋاب بىلەن «يارۇ» مۇزىكىسىنى، ئۈچ كىشىلىك قىزلار ئۇسسۇلى «خۇشاللىق»نى، ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى. ئۇلار توكيو، ئوساكا قاتارلىق جايلاردا 15 مەيدان ئويۇن قويدى.

كېچىلىكتە بىرلىشىپ ئوينالغان «يېڭى ئەسىر دوستلۇق كۆيى» ناملىق نومۇر ئالاھىدە ئالقىشقا ئېرىشتى. تاماشىبىنلار ھاياجىنىنى باسالماي، دەستە-دەستە گۈللەرنى سەھنىگە ئېتىپ ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى بىلدۈردى.

شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ سازەندىلىرى سەنئەت بايرىمىغا قاتناشقان باشقا دۆلەتلەرنىڭ نومۇرلىرىغا مۇزىكا تەڭكەش قىلىپ بېرىپ، كېچىلىكنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزۈلۈشىگە تۆھپە قوشتى.

- ئامىنە ئابدۇرېشىت

●شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى 24-ماي ئۈرۈمچى «بوستان» رېستورانىدا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارغا تون كىيگۈزدى ۋە يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمىلەر بولۇپ ئۆتتى.

ئاتاقلىق يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار «ئىلى دولقۇنلىرى»، «ھايات سىرى»، «يىراقتىكى كىشىلەر»، «ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى»، «كەچۈرمىنى نازاكەت»، «ئادەملەر ماڭا رەھىم قىلماڭلار» قاتارلىق رومان-پوۋېستلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك تەسىر ۋە ئورۇنغا ئىگە.

- ئىلغارجان سادىق

●جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو مۇزىكىچىلىقى تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن قوڭغۇراق مۇكاپاتى»نى باھالاشنىڭ نەتىجىسى مايىنىڭ ئاخىرىدا خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لاڭفاڭ شەھىرىدە ئېلان قىلىندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتى تاللاپ ئەۋەتكەن، مىللىي چالغۇلار بىلەن ئورۇندالغان سىمفونىيە «كۆسەن كۈيلىرى» (جۇجى مۇزىكىسى)، ناخشا «ئەللەي ناخشىسى» (نۇسرەت ۋاجىدىي مۇزىكىسى) ئايرىم-ئايرىم ھالدا سىمفونىيە ۋە ناخشا تۈرى بويىچە مىس مېدالغا ئېرىشتى.

«ئالتۇن قوڭغىراق مۇكاپاتى» جۇڭگو مۇزىكا ساھەسىنىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى ھېسابلىنىدۇ.

- ئۆز خەۋىرىمىز

●جۇپ-جۇپ ماھىر، بۇدرۇق قوللارنىڭ كارامىتىدىن نەپىس ۋە كۆركەم چالغۇلار مانا مۇشۇ يەردە بىر-بىرلەپ مەيدانغا كەلگەن. . .

«جۇڭگونىڭ شىنجاڭ مىللىي چالغۇلار كەنتى»- قەشقەر ۋىلايىتى كونىشەھەر ناھىيىسى ئوغۇساق يېزىسىنىڭ تۆۋەن ئوغۇساق كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر مىللىي چالغۇلارنى ياساش بويىچە نەچچە يۈز يىللىق ئەنئەنە ۋە تارىخقا ئىگە.

بۇلتۇر ئىيۇندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ياردىمى ئاستىدا بۇ يېزا مەبلەغ سېلىپ، ئوغۇساق يېزىلىق كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپنى قۇرۇپ چىقىپ، ئاساسلىق مىللىي چالغۇلارنى ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش، چالغۇلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرىنى ياساش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتكۈل يېزا تەۋەسىدىكى 12 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالىدىن 370 نى قوبۇل قىلدى. يېزا رەھبەرلىكى باش بولۇپ ئۇستا تەكلىپ قىلىپ، بالىلارغا دەرس ئۆتكۈزدى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ مەكتەپتە 27 تۈر بويىچە 50 خىل چالغۇ ياسىلىدىكەن. بۇ چالغۇلار دۆلەت ئىچى ۋە چەتئەللەردىكى خېرىدارلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، يەنە كىشىلەر تەرىپىدىن قىممەتلىك سوۋغات بۇيۇمى سۈپىتىدە يىغىپ ساقلانماقتا.

- ئۆز خەۋىرىمىز

●قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا ئۇلۇغ مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 120 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 25-مايدا يېڭىسار ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىي تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ يىغىننى تەبرىكلىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى تەبرىك تېلېگراممىسى، تەبرىك خەت ۋە ۋەكىل ئەۋەتىپ، بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ سەنئەت ھاياتى ۋە تۆھپىسى ئەسلەپ ئۆتۈلدى. سەنئەت ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپ ۋە ئاخبارات-نەشرىيات ئورۇنلىرىدىن كەلگەن تەتقىقاتچى، ئەدىب، يازغۇچى ۋە مۇزىكانتلار تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى ياد ئەتكەن ئاساستا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى، تولۇقلىنىشى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈستىدە كۆزقاراشلىرىنى شەرھلىدى، شائىرلار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا جۈملىدىن تۇردى ئاخۇن ئاكىغا ئاتاپ يازغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى.

- ئېزىزجان توختىھاجى

●4-ئىيۇندا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تەنتەنىلىك مەرىكە ئۆتكۈزۈپ تابىلدى ھوشۇر، مەدەلىخان، ئىسمائىل ئەزىز، ئاتىكە زەمىرىي قاتارلىق تۆت نەپەر تاجىك ئەدىب-ئەدىبەگە ۋە مەرىپەتپەرۋەر ياش تاجىك خۇسۇسىي كارخانىچى ماھىرجانغا تون كىيگۈزدى. ئىككى كۈن داۋام قىلغان بۇ مەرىكە ۋە ئىلمىي مۇھاكىمىدە بۇ تۆت نەپەر تۆھپىكار ئەدىب-ئەدىبەنىڭ ئىجادىغا يۇكسەك باھا بېرىلدى. جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو خەلق ئېل ئەدەبىياتى جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى، دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەت، سەيپىدىن ئەزىزىيلەر تېلېگرامما، تەبرىك خەتلەر يوللاپ يىغىننى مۇبارەكلىدى.

- دىلنۇر سەئىدۇللا (تاجىك)

● شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 20-ئىيۇن چۈشتىن بۇرۇن يىغىن ئېچىپ، ياپونىيىلىك دوست ئەرباب كوجىماياسنورىي (شياۋداۋكاڭيۇ) ئەپەندىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. كوجىما ياسنورىي ئەپەندى يىغىندا دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېرىلگەن «مەدەنىيەت ئالاقىسىگە تۆھپە قوشقۇچ مۇكاپاتى»نى تاپشۇرۇۋالدى.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىن

www.uyghurkitap.com

ئېچىلىشتىن بۇرۇن كوجىما ياسنورىي ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ لىجۇەن بىلەن ئابلەت ئابدۇرېشىت كوجىما ياسنورىي ئەپەندىنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. كوجىما ياسنورىي ئەپەندى شىنجاڭغا كۆپ قېتىم كەلگەن، ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەلىرىدىكى ئالاقىسىنى كۈچەيتىش يولىدا نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، بولۇپمۇ نىيا خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ۋاڭ لىجۇەن ۋە ئابلەت ئابدۇرېشىت كوجىما ياسنورىي ئەپەندىنىڭ شىنجاڭدا يەنىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە، شىنجاڭدىكى خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىت تەبرىك سۆزى قىلدى. يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋۇدۇنفۇ، مەتىمىن زاكىر ھەم ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شەنبىن شىنشىڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

كوجىماياسنورىي ئەپەندى يىغىندا مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن مەن ياپونىيە ـ جۇڭگوخەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشىمەن.

«كوجىما ياسنورىي ۋە شىنجاڭ» ناملىق فوتوسۈرەتلەر كۆرگەزمىسى ھەم «چەتئەللىك دوستنىڭ جۇڭگوغا بولغان مۇھەببىتى» ناملىق سۈرەتلەر توپلىمىنى تارقىتىش مۇراسىمى 20 ـ ئىيۇن چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

ـ ۋاڭ خۇخۇيې

● 2001 ـ يىل 20 ـ ئىيۇن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئاجايىپ خاسىيەتلىك بىركۈن بولدى ـ ئەدەبىيات ئاشىناسى، سېخىي ـ مەردانە ئوغلان ـ ئاۋات ناھىيىسىدىكى دېھقان تىجارەتچى مامۇتجان داۋۇتنىڭ ساخاۋىتى بىلەن «يېڭى ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزار مۇكاپاتى» مەيدانغا كەلدى.

مەزكۇر مۇكاپات مامۇتجان داۋۇتنىڭ 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مۇشۇ مۇكاپات ئۈچۈن ئاتىغان 500 مىڭ يۈەننى تىجارەتكە سېلىپ، ئۇنىڭ پايدىسى ھېسابىغا يىلدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە 50 مىڭ يۈەن نەق پۇل بېرىدىكەن، بۇ پۇلنىڭ 80 پىرسەنتى شۇ يىللىق مۇكاپات سوممىسى قىلىنىدىكەن، 20 پىرسەنتى باھالاش ـ مۇكاپاتلاش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش راسخوتى قىلىنىدىكەن.

«گۈلزارمۇكاپاتى» «تۆھپىكار مۇكاپاتى» ۋە «مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدىكەن. «تۆھپىكار مۇكاپاتى» ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان، ئەسەرلىرى جەمئىيەتنىڭ ياخشى ئىنكاسى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە ھايات ئەدىبلەرگە بېرىلىدىكەن. «مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى» يېڭى ئەسىر كىرگەندىن بۇيان مەملىكەت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ ئېلان قىلىنغان( باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پروزا، پوئېزىيە، ئەدەبىي تەنقىد ئىچىدىكى مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان نادىر ئەسەرلەرگە بېرىلىدىكەن. ھەر يىلى مۇكاپاتلاش ئېلىپ بېرىلىدىكەن. بەزى يىلى بىر تۆھپىكار، بەزى يىلى ئىككى پارچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتلىنىدىكەن.

ـ مەن بۈگۈن بىر ئۆمۈر كۈتكەن ئارزۇ مەنزىلىگە يېتىپ ئۈچۈن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمەن، ـ دەيدۇ ساخاۋەت ئىگىسى مامۇتجان شۇ كۈنكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مايىلان بىلەن سۆز ئېلىپ، ـ چۈنكى بالىلىقىمدا چۈشكەن ئەدەبىيات ئىشقى تاكى بۈگۈنگىچە ـ ئەدەبىيات توغرىسىدىكى گۈزەل ئارزۇيۇمنى مۇشۇ ئۈنۈملۈك يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىچە مېنى كۆيدۈرۈپ كەلگەنىدى. مانا بۈگۈنلا بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى.

مەن سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆستۈم، دېھقان بالىسى تارتىدىغان بارلىق دەرد ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتىم، ئاجايىپ ئېغىر قىسمەتلەرگە يولۇقتۇم. يوقسۇللۇق، ئېغىر مۇشەققەت زەربىسىدىن ئىڭراپ ئولتۇرغانلىرىمدا، غېرىبلىق دەردىدە يىغلاپ يۈرگىنىمدە ماڭا تەسەللىي بېرىپ، روھىمغا مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلىدىغان ھەمراھىم ئەدەبىيات بولغانىدى. ئەدەبىيات ئىشقى ۋۇجۇدۇمغا ئۆچمەس ئوت بولۇپ تۇتاشقانىدى. . . ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى. لېكىن، ئەدەبىياتقا بولغان مۇھەببىتىم بىر كۈنمۇ سۇسلاشمىدى. تالاي ـ تالاي رومانلارغا ماتېرىيال بولغىدەك قىسمەتلىرىم بەدىلىگە ئۆزۈممۇ سەزمەيلا بىر تىجارەتچىگە ئايلىنىپ قالدىم. ئەدەبىيات ئىشقى كۆيدۈرگەنېرى مۇشەققەت كۆزۈمگە كۆرۈنمىدى. شۇنداقتىمۇ تىرىشتىم، بىراق يازغۇچى بولالمىدىم.

تىجارەت ئەمەلىيىتىمدىن بىرمۇنچە «ئەسەر» لەرنى يېزىپ قالدۇردۇم. بۇ ئەسەرلەر ئۆز خەلقىم ۋە تۇپرىقىمغا قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىم سۈپىتىدە پۈتۈپ چىقتى. دېمەك، مەن قەلەم ئارقىلىق ئەمەس، جىسمانىي مېھنەت ۋە پاراسەت قەدەملىرى بىلەن ساخاۋەت ئەسىرى يازىدىغان يازغۇچى ئىكەنمەن!

يېقىنقى 20 يىل مابەينىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بىرمۇنچە نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. لېكىن، ئەدىبلەرنىڭ جاپاسىغا يارىشا، ئۇلارغا بېرىلگەن ماددىي ياردەم ۋە مەنىۋى رىغبەت تولىمۇ ئاز بوپقالدى. مەن بىر ئەدەبىيات ئاشىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مۇشۇ خىل ئەھۋالغا قاراپ تۇرالمىدىم. شۇڭا، تاپقىنىمنىڭ تايىنى يوق بولۇشىغا قارىماي، جاپاكەش قەلەمكەشلەرگە ئاز ـ تولا يار ـ يۆلەكتە بولغۇم، ئىجادىيىتىگە ئىلھام بەرگۈم كەلدى. ئىشىنىمەنكى، مېنىڭ ئارزۇيۇم پۈتكۈل ئەدەبىيات جانكۆيەرلىرىنىڭ ئارزۇسى. ئارزۇ ئارزۇغا قوشۇلسا گۈلخان بولۇپ يانغۇسى. ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى بولغان مۇشۇ ئاددى مۇكاپات ئۆزىنىڭ ئاددىيلىقىغا قارىماي، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر خىل تۈرتكىلىك كۈچ بوپقالسا ئەجەب ئەمەس. (گۈلدىراس ئالقىشلار) .

ئۇقۇشىمىزچە، بۇ يىل «تۆھپىكار مۇكاپاتى» باھالاپ چىقىلىدىكەن.

ـ رىسالەت مۇھەممەت

● 2001 ـ يىلى 22 ـ ئىيۇن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان بىر قۇتلۇق كۈن، قەدىمكى يۇرت ئەزىزانە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ خۇشاللىنارلىق بىر كۈن بولدى. دۆلەت ئىچىدىكى يۈزلىگەن ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ فوتو ئاپپارات، تېلېكامىرالىرىنىڭ، مىليونلىغان خەلقنىڭ كۆزى «قەشقەر تۇنجى نۆۋەتلىك ئەنئەنىۋى دارۋازلىق سەنئىتى بايرىمى» نىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئېسىل نومۇرلىرىغا تىكىلگەنىدى.

بۈگۈن قەشقەر «خەلق» مەيدانى ھەرخىل پلاكاتلار، رەڭگارەڭ بايراقلار بىلەن ناھايىتى كۆركەم بېزەلگەن بولۇپ، شادلىققا چۆمگەن كىشىلەر توپى بىلەن قوشۇلۇپ بايرام تۈسىگە كىرگەنىدى. ئەتىگەن سائەت يەتتىدە، رىياسەتچى قەشقەر تۇنجى نۆۋەتلىك ئەنئەنىۋى دارۋازلىق سەنئىتى بايرىمىنىڭ رەسمى باشلانغانلىقىنى جاكارلىغاندا،

2001 كەپتەر زەڭگەر ئاسمانغا قويۇپ بېرىلدى. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ يېقىملىق، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مېلودىيىسى بىلەن تەڭ خەلق ھاياجانلاندى، قەدىمكى شەھەر لەرزىگە كەلدى. . . كىشىلەرنىڭ ئالقىش سادالىرى، شادلىق چۇقان-سۈرەنلىرى ئىچىدە سەككىز ئويۇن كۆرسىتىش ئەترىتى مەيدانغا كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار خەلققە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر سەنئەت نەتىجىلىرىنى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ مىللىي سەنئەت جەۋھەرلىرىنى نامايان قىلدى. شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى ئويۇن كۆرسىتىش ئەترىتىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئارغىماققا مىنىپ كېلىۋاتقان باھادىر يىگىت رەئىس سەھنىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە خەلق گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە تەشەككۈرىنى بىلدۈردى. ئۇ دەل ئىككى قېتىم دۇنيا يېڭى جىننىس رېكورتى يارىتىپ ۋەتىنىمىزگە، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە شان-شەرەپ كەلتۈرگەن پەخىرلىك ئوغلانىمىز — «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر ئىدى.

بۇ يىل 22-ئىيۇن ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتكەنلىكىنىڭ تۆت يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى. ئۇ دەل مۇشۇ كۈننى قەشقەر دارۋازلىق سەنئەت بايرىمى قىلىپ تاللىغاندا ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى، مىللىي سەنئىتىمىزنى مەملىكەت ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

قاينام تاشقىنلىققا چۆمگەن قىزغىن كەيپىيات، ئالقىش سادالىرى «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنى 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پولات ئارقان ئۈستىگە ئاچىقتى. بۈگۈن ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى. ئۇ، پولات ئارقان ئۈستىدە ناھايىتى بىمالال ماڭاتتى، بىردەم يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭسا، بىردەم كۆزىنى تېڭىپ خەتەرلىك ھەرىكەتلەرنى ئىشلەيتتى. ئاخىرىدا، پولات ئارقان ئۈستىدە كەينىچىلەپ مېڭىپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

قىزىقارلىق شۇنداقلا خەتەرلىك دارۋازلىق ئويۇنىدىن كېيىن چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل باشلاندى. ئون ئىككى مۇقامدىن تاللانغان گۈزەل، يېقىملىق پارچىلار، «قەشقەر سەنەمى»نىڭ سالماق ئۇسسۇل قەدەملىرى، مەكىت دولان مەشرىپىدىكى قىزغىن، جۇشقۇن ھالەت، تاجىكلارنىڭ «بۈركۈت ئۇسسۇلى»دىكى مەردانىلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مېھمانلارغا ئۇيغۇر ۋە تاجىك سەنئىتىنىڭ غايەت زور سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلدى. ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى — ناخشىچىلىرىمىزدىن رەيھان ئابلىز، تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان، ئايتۇرسۇن نىيازلار گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرۈپ لەرزان ئۇسسۇلى، يېقىملىق ناخشىلىرى بىلەن بۇ مۇبارەك كۈننى — بايرامنى تەبرىكلىدى.

ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان مول مەزمۇنلۇق بايرام كونسېرتى ئاخىرلاشتى. 80 كىشىلىك مۇزىكا ئەترىتىنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن 400 كىشىلىك خور ئەترىتى «كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى» دېگەن ناخشىنى ئېيتقاندا، پۈتكۈل مەيدان تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. 60 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى لەپىلدەۋاتقان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئاستىدا دەۋر مېلودىيىسىنى ياڭرىتىپ ۋەتەنگە، خەلققە شۇنداقلا كومپارتىيىگە بولغان چەكسىز مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.

بۇ كاتتا بايرام 24-ئىيۇنغىچە داۋاملاشتى.

— ماھىرە مەمتىمىن

● 30-ماي كەچتە شىنجاڭ «خەلق» سارىيى ئاجايىپ تەنتەنىلىك كەيپىياتقا چۆمدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 80 يىللىق شانلىق مۇساپىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كومپارتىيىگە بولغان تەشەككۈرىنى ئىپادىلەيدىغان چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت كېچىلىكى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جانابىل، جۇشېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، ئىسمائىل تىلىۋالدى، يۈلىنشياڭ، چېن دېمىن، ئابدۇرېھىم ھامىد، ۋۇدۇڭفۇ، جاڭ شيۇمىڭ، جاڭ چىڭلى، جۇيۈەن، ياڭ گاڭ، نۇربەكرى قاتارلىقلار 3000 غا يېقىن ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە سەنئەت كېچىلىكىنى كۆردى.

بۈگۈنكى سەنئەت كېچىلىكى «شەرق قىزاردى»، «بارچە مىللەت چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە»، «باھاردىكى ھېكايە»، «يېڭى دەۋرگە يۈزلىنىش» تىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن. جۇشقۇن مۇزىكا ساداسى ئىچىدە قىسقا، ئەمما مېغىزلىق قىلىپ ئوقۇلغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىغا تەقدىم» ناملىق دېكلاماتسىيە بىلەن چوغدەك قىزىل پەردە ئاستا-ئاستا ئېچىلىپ، كوللېكتىپ خور «كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى» ئېيتىلىشى بىلەنلا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى زالنى لەرزىگە كەلتۈردى. كېچىلىكنىڭ «بارچە مىللەت چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە» دېگەن 2-قىسمى باشلانغاندا، سەھنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ماۋزېدۇڭ بىلەن قۇربان تۇلۇمنىڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقان سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ، پايانسىز يايلاق تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۈسكە كىردى. 100 گە يېقىن ئۆسمۈر «شىنجاڭدا باھار» نى ئورۇندىدى، ئارقىدىنلا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ناخشا-ئۇسسۇللىرى ئورۇندىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كومپارتىيىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. كېچىلىكنىڭ «باھاردىكى ھېكايە» دېگەن 3-قىسمى باشلىنىشى بىلەن سەھنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە 2-ئەۋلاد رەھبەر — دېڭ شياۋپىڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە قىلغان غەمخورلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان چوڭ سۈرەت پەيدا بولدى. سەھنىدە ئىشتىن سىرتقى ناخشىچىلارنىڭ كومپارتىيىنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشىلىرى ياڭرىدى. «يېڭى دەۋرگە يۈزلىنىش» دېگەن ئاخىرقى قىسىمدا يولداش جياڭ زېمىننىڭ سىماسى پەيدا بولدى ھەم «غەربىي رايوننى ئېچىشنىڭ مۇقەددىمىسى» ناملىق كوللېكتىپ خور زالنى يەنە لەرزىگە كەلتۈردى. ئاخىرىدا كۆپچىلىك «يېڭى دەۋرگە يۈزلىنىش» نى بىرلىكتە ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئىپادىلىدى.

بۈگۈنكى كېچىلىكنى يەنە لى فېڭزى، خەلچەم ئىسلام، جاڭ خېڭ، خوجىخان ھاكىموف، ماجيەنگو، ئەركىن ئۆمەر باقى، مەمتىمىن زاكىر، ئابدۇقادىر نەسرىددىن، ليۇيى، لى دۇڭخۇي، بېكمۇقاممەت مۇسا، جاڭ گۇيتىڭ، پاشا ئىشان، جاڭ يۈجۇڭ، قۇربان ئەرشىددىن، چېن شىباۋ، ۋاڭ جيەنجىن، مەمتىمىن ئابدۇرېھىم قاتارلىق رەھبەرلەر ھەمدە قوراللىق ساقچى قىسىمدىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەر، ھاۋا ئارمىيە قىسىمى جەڭچىلىرى كۆردى.


بۈگۈنكى كېچىلىكنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى، كارخانا خىزمەت كومىتېتى، ئالىي مەكتەپلەر خىزمەت كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان. پۈتكۈل سەنئەت كېچىلىكىنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى نەق مەيداندىن كۆرسەتتى ھەم ئاڭلاتتى.

— مەۋلان سابىت (M2)

ئۇيغۇر كىتابخانىسى
www.uyghurkitap.com

ئەسەر ۋە ھاسىلات

# ئۇ تىلەمچى ئەمەس، مېنىڭ سۆيگىنىم!



ئابدۇراھمان مەتتۆمۈر

مۇھەممەت باغراش ئاكىنىڭ «زەيتۇنە» ناملىق پوۋېستىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزۈمچىلا قولۇمغا قەلەم ئالغۇم كەپقالدى. مەن ھازىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارىمۇ، تۇرۇپلا داڭلىق شائىر-يازغۇچى بولۇشنى چۈشەيدىغان ھاماقەتمۇ ئەمەس. چۈنكى مەن «كۈلەلمىگەن نىمەڭگە ھېجايما» دېگەندەك قاملاشمىغان كۈلكىنىڭ باشقىلارغا يېقىمسىز ئاڭلىنىدىغانلىقىنى، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا زورۇقۇپ خەقنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشتىن ئۆتە ھاماقەتلىكنىڭ يوقلىقىنى ئوبدان بىلىمەن.

شۇنداق ئەمەسمۇ؟ قۇشقاچ سويسىمۇ قاساپ سويسۇن-دە! شۇنداق، مەنمۇ بىر چاغلاردا ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىپ باققان، ئۆزۈمچە قاملاشسۇن-قاملاشمىسۇن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىغا تەقلىد قىلىپ غەزەل-مۇخەممەسلەر بىلەن خاتىرە دەپتىرىمنى تولدۇرۇۋەتكەنىدىم. كىچىك بىر پارچە ماقالەم «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغىنىدا قانچىلىك خۇش بولۇپكەتكىنىمنى ھازىرمۇ تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن باشلاپ ئەدەبىياتتىن رايىم يېنىشقا باشلىدى. چۈنكى مەن ئۇ چاغلاردا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تولىسىنى ماۋزۇسىنى ئوقۇپلا مەزمۇنىنى، بېشىنى ئوقۇپلا ئاخىرىنى قىياس قىلالايدىغان بولۇپقالغانىدىم. مەن كۆرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپلىرى ۋەقەلىكى، تىلى ئوخشىمىغىنى بىلەن، مەزمۇنى ساپلا بىر خىل، ئىدىيىللاشتۇرۇلغان، ھېسسىياتى سۇنئىي، «دېھقان ئاكام باي بولدى، قازان-چۆمۈچى ماي بولدى»، «موتسىكلىت مىنىدىغان بولدۇق، تېلېۋىزور كۆردۇق» دېگەندەك ياسىما، قېلىپلاشقان، سەۋەب-نەتىجىلىك يازمىلار ئىدى. بۇنداق ئەسەرلەردىن ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئازاب ۋە خۇشاللىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغانسېرى «يازغۇچى - شائىر دېگەنلەر خاسلا ماختاش ۋە ئەيىپلەشنى كەسىپ قىلىۋالغان ھەزىلكەش، خۇشامەتچىلەر ئوخشىمامدۇ!؟» دەپ ئەدەبىياتتىن سەسكىنىدىغان بولۇپقالغانىدىم. شۇڭلاشقا، توپتوغرا بەش يىل ئەدەبىي ئەسەر دېگەننى ئوقۇمىدىم. مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈدىغان يىلى ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىل 1-، 2- (قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغان «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» دېگەن ئەسىرى پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى زىلزىلىگە سالدى. ساۋاقداشلارنىڭ زورى بىلەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىمغا شۈكرى. مېنى بۇ ئەسەرنى ئوقۇشقا زورلىغان دوستلارغا رەھمەت. بۇ ئەسەر

يۈرەك تارىمنى تىترىتىپ، تۇنجۇققان قەلب بوستانىمغا بوسۇپ كىرىش ئارقىلىق، كۆڭۈل ئېكرانىمغا ھەقىقىي يازغۇچىنىڭ سىماسىنى سىزىپ بەردى. مېنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قارىشىم تۇنجى قېتىم ئۆزگىرىشكە باشلىدى. كېيىن شىنجاڭ ئۈن-سىن نەشرىياتى نەشر قىلغان «پىغان» ناملىق قاپلىق ئۈن ئالغۇ لېنتىسىدىن مۇشۇ ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئاڭلاۋاتقىنىمدا، تومۇرۇمدىكى قانلار قاتتىق كۆۋەجەپ قايىندى، كۆكرەك قەپىسىم قىسىلىپ نەپەس ئالالماي قالدىم، كۆز چاناقلىرىمدا ياش تامچىلىرى لىغىرلىدى. بەزى شېئىرلارنى ئاڭلاپ شۈكلەپ قالاتتىم. تۇرۇپلا بېشىم پىرقىراپ پۈت-قولۇم ئۆزۈمگە بويسۇنمايتتى. بەزى شېئىرلارنى يادقا ئېلىۋالاتتىم. ياتاقتا، سىنىپتا، نەگە بارسام شۇ يەردە ئاشۇ شېئىرلارنى ئۈنلۈك يادلاپ يۈردۈم. بەزى شېئىرلارنى ئوقۇۋاتقىنىمدا ئۆزۈمنى تۇتالماستىن قاھ-قاقلاپ كۈلۈپ كەتسەم، بەزىدە تۇرۇپلا بىر نۇقتىغا قاراپ تىكىلىپ قالاتتىم. بۇنداق چاغلاردا ساۋاقداشلىرىمنىڭ يۈزۈمدىن يۈزۈمگە: «قاراڭلار! ئابدۇراھمان ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەيدىغان بوپقاپتۇ. ئېلىشىپ قاپتىمۇ نېمە؟ ساراڭ بوپتۇ، ساراڭ!» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. توۋا، ساپساق - بىجىرىم بىر ئادەم ساراڭ بوپقالدىمۇ ئەمدى!؟ ئەدەبىياتنىڭ تۇرۇپلا ئادەمنى كۈلدۈرەلەيدىغان ھەم يىغلىتالايدىغان، ھەم ساراڭ قىلىۋېتەلەيدىغان مۇشۇنداق سېھرىي قۇدرىتى بارمىدۇ؟ مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىياتنى تېخى چۈشەنمەيۋاتقانلىقىمنى، ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئۆگىنىشىم لازىملىقىنى ھېس قىلىپ، قەلبىمدە ئەدەبىياتقا بولغان ھۆرمىتىم باشقىدىن بىخ سۈرۈپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، زوردۇن سابىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، مەمتىمىن ھوشۇر، روزى سايىت، نۇرمۇھەممەت توختى، ئەختەم ئۆمەر ئاكىلار يازغۇچى-شائىرلىرىمىز ئىچىدىكى مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان ھۆرمەت ئىگىلىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئەدەبىياتقا بولغان قارىشىم ئۆزگەرگەندىن كېيىن بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ كونا سانلىرىنىمۇ تېپىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ توپلاملىرىنى كۆرۈۋېتىپ، مۇھەممەت باغراش ئاكىنىڭ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1993-يىل 5-، 6 (قوشما) سانىغا بېسىلغان «كەلكۈن»، 1994-يىل 3-سانىغا بېسىلغان «شوپۇرنىڭ چۈشى»، 1994-يىل 4-، 5 (قوشما) سانىغا بېسىلغان «زەيتۇنە» ناملىق پوۋېستلىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. بۇ ئەسەرلەر شۇنداق ياخشى يېزىلغانىكەنكى، خۇددى مەن دېمەكچى بولغان ئەمما دېيەلمىگەن گەپنى باشقا بىرسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغاندەك شۇنداق خۇش بوپكەتتىم. ئەپسۇسكى، «زەيتۇنە» ناملىق پوۋېستنى ئوقۇپ بولۇپ بىردىنلا قاتتىق ئازابلىنىپ كەتتىم. ئەگەر مۇھەممەت باغراش يېنىمدا بولغان بولسا، گېلىنى نەچچىنى سىقىۋەتكەن، «مېنىڭ مەھبۇبەمنى تېپىپ بەر!» دەپ ياقىسىغا ئېسىلغان بولاتتىم. چۈنكى مەن ھازىر زەيتۇنەگە تەلۋە ئاشىق ئىدىم. ئىلگىرى دۇنيادا ئۆزۈمنى بىر سانايدىغان، ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدىغان ھاكاۋۇر - مەنمەنچى يىگىتلىكىمدىن مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە بىرەر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىش تۇگۇل، تەلەپ قويۇپمۇ باققان ئەمەسمەن. شۇنچە گۈزەل - لاتاپەتلىك قىزلار كۆز تاشلىسىمۇ، كۆز قىرىمنىمۇ سالماي غادىيىپ ئۆتۈپ كەتكەندىم. بۇ مېنىڭ يۈزۈمنىڭ تۈۋەن، تىلىمنىڭ گاللىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆتۈپ كەتكەن ھاكاۋۇرلۇقۇمدىن ئىدى.

ھاياتىمدا نەچچىلىگەن «زەيتۇنە» لەر بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلار ماڭا سۆيۈنۈپ مەندىن سۆيگۈ تەلەپ قىلسىمۇ، پەرۋا قىلماي يۈرۈۋەرگەنتىم. بەزىدە ئۆزۈمدىن ئۆزۈم ئەنسىرەپمۇ قالاتتىم. شۇنچە لاتاپەتلىك - گۈزەل قىزلاردىن بىرەرسىمۇ كۆزۈمگە ئىز كۆرۈنمىسە، جىن-ئالۋاستىغا ئاشىق بوپقالدىممۇ نېمە؟ دەپ ئويلاپمۇ قالاتتىم. توۋا خۇدايىم، ئەسلىدە مەن ئاددىي بىر قىزغا - يەنە كېلىپ بىر تىلەمچى قىزغا ئاشىق ئىكەنمەن ئەمەسمۇ!؟ بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟ «تاللاپ-تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ» دېگەن گەپ راست مۇشۇمۇ ئەمدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىنتىزار بولغىنىم كىمكىن دېسەم، ئەسلىدە بىر تىلەمچى ئىكەنغۇ؟! مەيلى ئۇ كىم بولسۇن، مەن ھازىر ئۇنىڭغا ئاشىق، تەلۋىلەرچە ئاشىقمەن. يۈرىكىم «زەيتۇنە، زەيتۇنە» دەپ توختىماي سوقۇۋاتىدۇ. ئەمدى مەن كېچىسى ئۇيقۇدىن، كۈندۈزى ئويۇن-چاقچاقتىن قالدىم. زەيتۇنەنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاۋارىمەن. مەقسىتىمگە يېتەلمەي ھەسرەت-نادامەت ئىلكىدە پۇچۇلانماقتىمەن. مېنى يىگىرمە نەچچە يىل تەلمۈرتكەن، ساقلاتقان مېنىڭ مەھبۇبەم قېنى؟! سەن نەدە؟! نەچچە كېچىنى مۇشۇنداق ئەسەبىي نىدا بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئېسىمگە كېلىپ، مەن ئاشىق بولغان ئۇ قىزنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى زەيتۇنە ئەمەس، بەلكى مۇھەممەت باغراش ئاكىنىڭ قەلىمىدىن تامغا سىياھ ئىكەنلىكىنى، تېپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبرازنىڭ رېئاللىقتىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا ئاچچىق ئەلەمدىن توۋلاپ تاشلىدىم. ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس! يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن، يۈرىكىمنىڭ قات-قېتىدىن ئىنتىزار بولغان سۆيگۈنۈمنى ئاران تاپقاندا ئۇنىڭ تاڭ سەھەردىكى شېرىن چۈشتەك غايىب بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ مەن قاتتىق ئازابلاندىم. بىر ئۆمۈر گۆھەر ئىزدەپ ئۇنى ئاران تاپقاندا يەنە يىتتۈرۈپ قويغان ئادەمدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك ئازابلاندىم. ئەمدى مەن ئۇيقۇدىن بىدار، كۈلكىدىن بىزارمەن. ئەمدى مەن مۇڭلانغان - دەردلىك بىچارىمەن. شۇ يېشىمغىچە ھېچقانداق دەرد كۆرمەي، ھېچكىمگە بوي بەرمەي ياشاپ كېلىۋاتقان مەندەك مەغرۇر يىگىتنى شۇنچە دەردلەرگە مۇپتىلا قىلالىغان زادى قانداق كۈچ-قۇدرەت ئۇ؟ ئۇ زادى كىم؟ ئۇ، مۇھەممەت باغراش ئاكا. شۇنداق، مۇھەممەت باغراش ئاكا مېنى شۇ دەردلەرگە مۇپتىلا قىلدى. مەن يىگىرمە نەچچە يىل ئىزدىگەن مەھبۇبەمنى ئالدىمغا «پوككىدە» تاشلاپ قويۇپ، يەنە تارتىۋالدى. مەن ئۇنىڭ كاچىتىغا ئۇرايمۇ؟ گېلىنى سىقايمۇ؟ ياق، مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. ئۇ ماڭا مەن نەچچە يىل ئەمەس، بىر ئۆمۈر ئىزدىگەن سۆيگىنىمنى تېپىپ بەردى. گەرچە قولۇمغا «پوككىدە» تۇتقۇزۇپ قويمىغان بولسىمۇ، مەن ئىزدىگەن قىزنىڭ قانداق سىياقتا، قانداق جاسارەت، قانداق ئەخلاقتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، ئۇنىڭ سىماسىنى ماڭا سىزىپ كۆرسەتتى. ئەمدى مەن ئۇ سۆيگىنىمنى بىمالال تاپالايمەن. شۇڭلاشقا مەن مۇھەممەت باغراش ئاكىغا مىڭ مەرتە رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك. گەرچە ئۇ مېنى دەردكە قويغان بولسىمۇ.

دۇنياغا مەشھۇر بىر ئەدىب: «يازغان ئەسەرلىرى ئوقۇرمەنلەرنى كۈلدۈرەلىگەن، مۇھىمى يىغلىتالىغان يازغۇچىلا ھەقىقىي يازغۇچىدۇر» دېگەنىكەن. شۇڭلاشقا، مەن مۇھەممەت باغراش ئاكىنى بىزدىن چىققان ھەقىقىي يازغۇچى، دەپ

www.uyghurkitap.com

تووۋلاشقا ھەقلىقمەن.

مۇھەممەت باغراش ئاكا: ئەسىرىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. سىز «مۇخبىر يىگىت»نى مۇساپىرچىلىقتا بىر ساھىبجامال گۈزەلگە ئۇچراشتۇردىڭىزھەم يىگىتنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدىڭىز. ئاندىن ئارىدىن نەچچە سائەت ئۆتمەي ئۇ يىگىتكە شۇ قىزنى قەلەندەر سىياقتا كۆرۈشتۇردىڭىز. مۇبادا ئۇ يىگىتنىڭ ئورنىدا مەن بولسام، ئۇ قىزنىڭ يۈزىگە نەچچىنى تۈكۈرگەن ھەتتا بىر-ئىككى شاپىلاق سىلىۋەتكەن، چېكەتومۇرلىرىمنىڭ كۆپۈپ چىققىنىدىن كەپمۇ قىلالماي خۇدۇمنى يوقىتىپ قويار ئىدىم. قىزىقارلىقى، سىز ئۇ يىگىتنى ھەممىگە قىزىقىدىغان، سىر بىلىشقا ماھىر ئادەم قىلىپ قويغىنىڭىز ئۈچۈن، ئۇ تەپتارتماستىن شۇ قىز بىلەن سۆزلەشتى. ئەڭ كۈلكىلىكى شۇكى، ئۇ تېخى ئاشۇ تىلەمچىنىڭ مېھماندارچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، خىجىل بولماستىن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاشخانىدا تاماق يېدى. ئۇ ئىش ئېغىمغا ھېچ سىغمايدىغان بىر ئىش بولدى. بۇنى مەنلا ئەمەس، نامدار قەلەمكەشلەرمۇ ئېڭىغا سىغدۇرالماسلىقى تۇرغانلا گەپ. دېمىسىمۇ، بىر تىلەمچى قىز ئالىي مەلۇماتلىق بىر زىيالىي يىگىت بىلەن كۆپكۆندۈزدە ئاشپۇزۇلدا بىللە ىزالاندى دېسە، بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟ كىم بۇ ئىشنى ئېڭىغا ىغدۇرالايدۇ؟ تەسەۋۋۇرغا سىغمىغان ئىشنى قەغەز يۈزىدە پادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ-دە. لېكىن سىز ئۇنى تەسەۋۋۇر ىلدىڭىز. ھېچكىم يېزىش تۈگۈل ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان تېمىنى يازدىڭىز. بۇلار سىزنىڭ ئىستېداتلىق قەلەم ساھىبى، ماھىر سەنئەتكار ئىكەنلىكىڭىزنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭ بىر ئاز غەلىتە ھېس قىلغىنىم شۇكى، زەيتۇنە سوغۇق كېچىدە ئاپتوبۇس بېكىتىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي دۈگدەرەپ تۇرغىنىدا، ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن قىزنى ئىزدەپ تاپالماي قايتىپ كەلگەن بىر ئادەم ئۇنىڭغا پوككىدە ئون كوي پۇل تەڭلەپ دۇئا قىلىپ قويۇشنى سورايدۇ. مەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىمدا قىزىقارلىق كىنو كۆرۈۋېتىپ ئېكراندا «لاپ» قىلىپ تېتىقسىز بىر كۆرۈنۈش چىقىپ ئۆتكەندەك ھېس قىلدىم. چۈنكى ئۇ ئادەم يوقاپ كەتكەن يۈرەك پارىسى ـ ئامراق قىزىنى ئىزدەپ ئۇرۇمچىگە چىقىپ، قىزىنى تاپالماي يۈرىكى پارە-پارە ھالەتتە قايتىپ كەلگەندە، شۇنچە قەھرىتان سوغۇقتا ئۇستۇۋېشى يېلىڭ، ئەمما ئوماق بىر قىزنىڭ تۈگۈلۈپ تۇرغىنىنى كۆرىدۇ. ئۇنداق ئەھۋالدا ،يەنە كېلىپ پەرزەنت دەردىدە يۈرىكى پۇچىلانغان بىر ئاتا قانداق قىلار؟ مېنىڭچە، ئۇ نورمال ئادەم بولسا، يۈگرەپ كېلىپ ئۇ بالىنى باغرىغا بېسىپ يۇم-يۇم يىغلىشى، ئۇنىڭ مۇساپىر ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە:«مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇڭ، يوقاپ كەتكەن قىزىمنى كۆرگەن كۆزدە كۆرەرمەن» دېيىشى مۇقەررەرغۇ؟ (بۇ گەرچە ماقالە ئاپتورىنىڭ كۆز قارىشى بولسىمۇ. ـ مۇھەررىردىن) يا بىز خەقلەردە خوتۇن-قىزلار كوچىغا چىقىپ قالسا، ئەرلەر بۇنى پۇرسەت بىلىپ پۇل تەڭلەيدىغان، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئادەم تىلەمچى بولۇپ كەتسىمۇ، ھېچكىم چۆچۈمەيدىغان، بۇنىڭدىن نومۇس قىلمايدىغان قەلەندەرلىك، بېقىندىلىق پىسخىكىسى پېتىلىپ قالدىمۇ؟! غورۇرۇمغا تېخىمۇ قاتتىق تەگكىنى، زەيتۇنەنى قەلەندەرگە چىقىرىۋەتكىنىڭىز بولدى. مەن بۇ ھاقارەتكە چىداپ تۇرالمايمەن. چۈنكى زەيتۇنە مېنىڭ سۆيگىنىم. ئۇ مېنىڭ يىگىرمە نەچچە يىل زارىقىپ كۈتكەن مەھبۇبەم. ئەسىرىڭىزنى ئوقۇپ بەتتە-پولۇ يىگەندەك ھوزۇرلىنىپ، بۇرتۇمنى مايلاپ ئولتۇرسام، سىز تۇساتتىن قەلەندەرگە باھا بېرىشكە باشلىدىڭىز. پولۇ يەپ، ئارقىدىن دەشنام يېگەن ئادەمدەك شۈمشىيىپ قالدىم. سىز قەلەندەرگە باھا بەردىڭىز، بۇ ئارقىلىق سىز نېمە دېمەكچى؟ زەيتۇنە قەلەندەرلەرنىڭ ياخشىسى، ئىنسابلىقى، دۇنيادا مۇشۇنداق ئالىيجاناب قەلەندەرمۇ بار، دېمەكچىمۇ سىز؟! مەن سىزگە دەپ قوياي: زەيتۇنە قەلەندەر ئەمەس، ئۇ مېنىڭ ئەڭ ئامراق مەھبۇبەم!

مەن تىلەمچىگە بەكمۇ ئۆچ. ئەگەر ئالدىمغا تىلەمچى ئۇچرىسا سىنچىلاپ قارايمەن-دە، مېيىپ ـ بىقۋۋۇل، ئاجىز بولسا موچەن ئەمەس، بىر نانىنىڭ پۇلىنى ـ بىر كوي ئۇتقۇزۇپ قويىمەن. بۇ ئىشىمنى كۆرگەنلەر:«مائاداش چوڭچىلىق قىلىپ ئۆزىنى كۆرستىۋاتىدۇ» دەپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويىدۇ. مېنىڭ ئۇنداقلارغا ئۈنلۈك قىلىپ: «بىلەمسىلەر؟ بۇلار نان تىلەۋاتىدۇ-نان!» دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ. بەزىدە ئالدىمغا ئۇچرىغان تىلەمچىلەرنىڭ كېيىدىن سىقىپ، كۆتىگە نەچچىنى تېپىۋەتكۈم كېلىدۇ. بۇنداقلار ياپپاش ـ تەندورۇس، يەتتە ئەزايى ساق تىلەمچىلەردۇر. بەزى تىلەمچىلەر ئۇچرىسا غەزەپلەنگىنىمدىن چېكە تومۇرلىرىم كۆپۈپ، ساراڭدەك بوپقالىمەن. كۆزۈم تورلىشىپ يىغلىغۇم كېلىدۇ. ئۇنداقلار چىرايىدا ئوماقلىقى، سەبىيلىكى چىقىپ تۇرغان باللار ـ بىز ئۈمىد باغلىغان، ئىستىقبالى ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتقان ئىز باسارلىرىمىز بولۇپ چىقىدۇ. بۇ چاغلاردا مەن: بۇ قىسمەتلەرگە نېمە دېگۈلۈك؟ دەپ خىيالغا پاتىمەن. شۇڭا مەن تىلەمچىلەرنى نان تىلەيدىغان موھتاجلار ۋە قان شورايدىغان چۈسا-كۈمۈتلار، دەپ ئىككىگە ئايرىپ، ئالدىنقىسىغا ھېسداشلىق قىلىمەن، كېيىنكىسىدىن نەپرەتلىنىمەن. لېكىن زەيتۇنە نان تىلەيدىغان تىلەمچىمۇ ئەمەس، قان شورايدىغان تىرىكتاپ تېخىمۇ ئەمەس. ئۇ، قەۋمىمىزنىڭ پەخرى، مېنىڭ سۆيگىنىم، زامانىمىزدىكى نوزۇگۇم. ئۇ ئىككى جاننى، ياق، ئۈچ جاننى ـ قەۋمىمىز ئۈچۈن ئۈچ ئىز باسارنى تەربىيلەپ، بېقىپ، ئوقۇتتى، قاتارغا قوشتى. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق قىلمىغان بولسا، قەۋمىمىزدىن يەنە ئىككى بالا تىلەمچى ياكى ئوغرى ـ يانچۇقچى يېتىشىپ چىققان بولاتتى. مىللىتىمىزنىڭ ئىككى ئەزاسىنى ئاشۇ پاجىئەدىن ساقلاپ قالغان شۇ زەيتۇنە ئەمەسمۇ!؟ ئۇنىڭ تىلىگىنى نان ئەمەس، قانمۇ ئەمەس، بەلكى بېقىمسىزلانغان ـ تىرىك يېتىملەرنىڭ بېرىلىشكە تېگىشلىك ھەققىغۇ ئاخىر؟! ئاشۇ بىچارىلەرنىڭ ھەققىنى سورىغىنى ئۈچۈن ئۇنى«قەلەندەر ـ تىلەمچى»گە چىقىرىۋەتسەك ئادىللىق بولارمۇ؟! ئۇنى ئۇلۇغ خۇدامۇ راۋا كۆرمەس. شۇڭلاشقا، زەيتۇنە تىلەمچى ئەمەس، ئۇ مېنىڭ ئەڭ پاك سۆيگىنىم، ئۆمۈرلۈك مەھبۇبەم!

زەيتۇنە ئاتا-ئانا مېھرىدىن مەھرۇم بولغان ئىككى بالىنى باقتى، ئوقۇتتى، قاتارغا قوشتى. ئۇ كىم؟ بىلسەك، ئۇ تېخى يۈزى ئېچىلمىغان بىر قىز بالىغۇ، ئاخىر. زامانىمىزدا 18 ياشلىق قىزلار تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن سەبىي قىزچاق ھېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇ سەبىي قىزچاق قىلغان ئىشنى قېنى قايسىمىز قىلالايمىز؟ مۇشۇزامان، مۇشۇ ماكاندا بىر سەبىي قىز ـ 18 ياشلىق بىر ساھىبجامال ياشلىقىنى ئىككى بالا ئۈچۈن قۇربان قىلدى، دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ ئۆزىنى گۈزەل، ئالىي مەلۇماتلىق، مەدەنىي سانايدىغان بەزى قىز-چوكانلىرىمىز: «ئوھۇش، بالا بېقىپ نېمە كەپتۇ، قىزىلگۈلدەك ياشلىقىمىزنى پوق-سۈيدۈكلەرگە تېگىشىمىزمۇ؟» دەپ ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ،

دىماقلىرىنى قېقشلىرىنى پات-پات ئۆچرىتىپ قالىمەن. بۇ نېمە گەپ؟ قانداق قىلىق ئۇزى؟ ئەۋلادلىرىمىزنى قوغداشتا ئىت-مۈشۈكچىلىكمۇ بولالمىدۇق ئەمدى؟ ئەسلىدە نەسلىمىز يولۋاستەك ئاز بولغىنى ئۈچۈن، يولۋاس بالىسى - ئارسلاندەك ئەتىۋارلىق بولۇشىمىز كېرەك ئىدى. مىڭ ئەپسۇس، بۇ خوتۇن-قىزلىرىمىزغا نېمە بالا تەگدىكىنتاڭ؟

دەرىخا! ئۇلار تېخى تۇغۇلمىغان باللىرىدىن تېنىۋاتىدۇ، سەسكىنىۋاتىدۇ. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بالا بېقىشقا ئېرىنچەكلىك قىلغان شۇ چوكان - خېنىملىرىمىزنىڭ بەزىلىرى تېخى ئاۋستراليە، گېرمانىيەلەرنىڭ پېستە-كۈچۈكلىرىنى ئەتىۋارلاپ نەچچەمىڭ سومغا سېتىۋېلىپ بېقىۋاتىدۇ. ئانىلىق مەسئۇلىيەت ئېگى تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەمدى نېمە قىلىق؟ بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئاشۇ ئىتچىلىكمۇ قەدىر-قىممىتى يوق ئىكەن-دە؟!!! بۇ قانداق ئازغۇن-گۇمراھلىق؟! قەيەرلەردىن قوبۇل قىلغان «ئالىي مەدەنىيەت» بۇ؟ غەربتىن؟ توغرا، غەربنىڭ ھەممە نېمىسى ياخشى، ھەتتا ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۇسۇرۇقىمۇ ئەتىر پۇرايدۇ ئەمەسمۇ (مۇھەررىردىن)؟ غەربلىكلەرنىڭ چېقىر كۆزلىرى، سېرىق چاچلىرى بىزنىڭ قاپقارا قوي كۆزلىرىمىزدىن، قۇندۇزدەك بوستان چاچلىرىمىزدىن، ئۇلارنىڭ يېرىم يالىڭاچلىقى بىزنىڭ گۈزەللىك ۋە ھايانى بەلگە قىلغان كىيىم مەدەنىيىتىمىزدىن، ھەتتا ئىتلىرىمۇ بىزنىڭ باللىرىمىزدىن ياخشى، شۇنداقمۇ؟ يۈرەك پارىمىز باللىرىمىزنى كۆتۈرۈشكە نومۇس قىلدۇقىيۇ، چاچلىرىمىزنى ئالا-تاغىل بوياپ، قاپاقلىرىمىزنى كەستۈرۈپ، ئەۋرەتلىرىمىزنى ئالقانچىلىك لاتا بىلەن يېپىپ قويۇپ، كۆتىمىز ئۇچۇق ھالدا تېخى ئىتنى كۆكسىمىزگە تېڭىپ يۈردۇق. مانا بۇ بەزى خانىم-قىزلىرىمىزدىكى يېڭى يۈزلىنىش - مودا!

1960-يىللاردىن باشلاپ «ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتسىز، ئۇيغۇرلار قالاق، ئۇيغۇرلار نامرات ھەم مەينەت» دېيىلىۋەرگەنلىكتىن، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىز بارغانسېرى ئاجىزلاپ، ئۆزىمىزگە بولغان ئىپتىخار تۇيغۇمىز ئۆلۈشكە باشلىدى. «مەدەنىيەتسىز» دېگەن مۇشۇ سېسىق نامدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تالاي سىلكىنىپ، كۆپ قېتىم «قاسراق» تاشلىدۇق. لېكىن بىز يەنىلا «مەدەنىيەتلىك» بولالمىدۇق. ئادەمنى ئويغا سالىدىغىنى شۇكى، «مەدەنىيەت» دېگەن زادى نېمە؟ ئەسلى بىزدە مەدەنىيەت بارمۇ-يوق؟ بىز نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچىلىك مەدەنىيەتلىك سانالمايمىز؟ خەق قىلغانىنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەتنىڭ جۈملىسىدىنمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ باقماستىن ئۆز-ئۆزىمىزدىن سەسكەندۇق. ئۆزىمىزدىن يىرگىنىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئىنكار قىلدۇق. مانا ئەمدى ساپ قېنىمىزدىن يۇغۇرۇلۇپ، باغرىمىزنى يېرىپ چۈشۈدىغان باللىرىمىزنى - بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى چەت ئەلنىڭ ئىتلىرىغا تېگىششكە باشلاپتىمىز.

مانا بۇ بىزنىڭ بەزى ئاياللىرىمىز، بىزنىڭ قىزلىرىمىز - بىزنىڭ ئەتىكى ئانىلىرىمىز. ئۇلار ھازىر مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى تېگىششكە رازى. ئۇلار ھازىر مەدەنىيەت سارىڭى. ئۇلار ھازىر مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن تېلېۋىزورلاردا نېمە كۆرسە شۇنى دورايدىغان، رادىئو- ئۈنئالغۇلاردا نېمە ئاڭلىسا، شۇنىڭغا خۇداغا ئىشەنگەندىنمۇ بەكرەك ئىشىنىدىغان ماشىنا خوتۇنلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمدى ئەتىمىز قانداق بولار؟ بۇ، ئۇلۇغ ئاللاغا ئامانەت. ئى خۇدا! خوتۇن - قىزلىرىمىزغا

ئەقىل-پاراسەت، ئىمان - ئىنساب ئاتا قىلغايسەن!

تو ۋا خۇدايىم، قىز-ئاياللىرىمىزغا باھا بەرگۈچىلىك مەن قانچىلىك ئادەم ئىدىم. دۇنيادا ئۆزىنى بىر چاغلايدىغان مەندەك مەنمەنچى يىگىتنىڭ ھالى زادى قانچىلىك؟ مېنىڭ ھالىمغا ئېچىنمۇ ۋاي. مەن ئاشۇ سەبىي قىز - 18 ياشلىق زىيتۇنەدەك ئىككى بالىنى بېقىپ قاتارغا قوشالايمەنمۇ!؟ بۇ - مەن ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش. مەن ئاللىقاچان 26 - 27 ياشلارغا كىرىپ قالغان، ئايدا ئالتە-يەتتە يۈزكوي مائاش ئالىدىغان ئالىي مەلۇماتلىق بىر يىگىت. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە ئاتا-ئانامنى شۈلۈپ يەيمەن. تولا ئىتتىگەنلىرى ئانامنىڭ كۆزىگە بېزىرىپ قاراپ تۇرىمەن. ئانام يانچۇقۇمنى تومىلىسا «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دەپ خىزمەتكە ماڭماي ئەركىلەيمەن. ئانام بىر ئامال قىلىپ قولۇمغا 10-20 كوي تۇتقۇزغاندىن كېيىن خۇشياقمىغاندەك خىزمەتكە ماڭىمەن. مائاشلىق تۇرۇپ ئۆز جېنىمنى تۇزۇك جان ئېتەلمەيۋاتقان مەندەك چوكچى يىگىتنىڭ ناتونۇش بىر شەھەردە يانچۇقىدا بىر تىيىننىڭ سۇنىقى يوق ئەھۋالدا ئۈچ جاننى باقالىشىنى ھەرگىز ئەقلىمگە سىغدۇرالمايمەن. تېخى شۇ ھالىمغا مەن بىر ئوقۇتقۇچى. توغرا، مەن بىر ئوقۇتقۇچى. مەن ئەتراپىمغا يىغىلغان شىرنە يىغقۇچى ھەسەل ھەرىلىرىدەك ئوقۇغۇچىلارنى قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقىدەك خۇشبۇي ھىد بىلەن ئۆزۈمگە جەلپ قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى مەكتەپتىن بەزدۈرۈدىغان سوغ نەپەس، توڭ قاپاق ئوقۇتقۇچى. مەن ئوقۇغۇچىلارغا مەستىنىڭ قانداق كەيپ سۈرۈدىغانلىقىنى، خەققە كويچەن تۆكۈل، موچەن پۇلى ئۆتۈپ قالسا، شۇ موچەن ئۈچۈن قانداق گال سىقىشنى ئۆگەتكەن ئەخلاقسىز، بىرەھىم ئوقۇتقۇچى. ئوقۇش پۇلى، ئالۋاڭ-ياساق پۇلى تاپشۇرمىدىڭ، دەپ نامرات - بىچارە ئەۋلادلارنىڭ بەختىنى قارا قىلىپ، ئۇلارنىڭ گېلىنى سىقىپ مەكتەپتىن تەزدۈرۈۋەتكەن ئاچكۆز - بەدنىيەت ئوقۇتقۇچى. چاغلىق پۇل ئۈچۈن ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن سەبىي - گۈدەك ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گېلىنى سىقالىغان مەندەك «ئوقۇتقۇچى» زەيتۇنە قىلغان ئۇلۇغ ئىشنى قانداقمۇ قىلالىسۇن؟ ئەمما زەيتۇنە قىلغان ئىشنى قىلالمىغان بىلەن، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ گېلىنى سىقالايمەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ گېلىنى سىقىشقۇ ئەسلىدە مېنىڭ سەھۋەنلىكىم، ئىختىيارىممۇ ئەمەس. مەندە نېمە ئامال؟ ئەگەر مەن ئاشۇ مۆلدۈرلەپ تۇرغان قارا كۆزلەرنىڭ گېلىنى سىقىپ پۇل ئالمىسام، كاسسىر مېنىڭ مائاشىمدىن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ مېنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن ئالالمىغانلىقىم بىلەن كارى يوق. مەنغۇ پالانى نامرات، ھازىر قولىدا نەق پۇل يوق، بۇغداي، پاختىسى چىققاندا سېتىپ بېرەر دەپ خېلى كەڭ قورساقلىق قىلىمەن، لېكىن كاسسىر مائاشىمنى تۇتقاندا ئۆيدە سەي-كۆكتات، ئۇن-ماي ئاز قالغاندۇ، ئوقۇتقۇچىلار مائاش ئالمىغىلىمۇ ئىككى ئايغا يېقىن بوپقالدى، كېيىنرەك تۇتايلى، دەپ رەھىم قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. لېكىن يەنە ئۇنىڭغىمۇ ئامال يوق، چۈنكى ئۇ تۇتمىسا، ئۇنىڭكىنى تۇتىدۇ. بۇ دېگەن تۈزۈم!؟! بىزنىڭ مىڭنى قاقشىغىنىمىز، ۋايىسىغىنىمىز بىكار. پۇل تېپىش ۋەزىپىسى يۇقىرىدىن چۈشكەن، بۇ پۇلنى ئوقۇغۇچىلاردىن ئالىدىغان گەپ، ئەگەر تاپشۇرمىسا، سىزنىڭ مائاشىڭىز تەييار، شۇنىڭدىن تۇتۇۋېرىدۇ. مائاشىڭىز - بۇ يەردە سىزنىڭ كىرىمىڭىز ئەمەس، بەلكى سىزنى باشقۇرۇشتىكى، پات-پات بۇرنىڭىزنىڭ «بېزى» نى ئېلىپ تۇرۇشتىكى بىر دەستەك.

شۇ سەۋەبتىن مەنمۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆز پۇلۇمنى ھەرقانداق قىلىپ يۇلۇپ ئالمسام بولمايدۇ. بۇ چاغدا مەن

www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچىغا ئەمەس، قەرز يىغقۇچىغا ئايلىنىپ قالىمەن.تۇخۇم ئەكېلىپ بەرسىمۇ ئالىمەن، بىرموچەن،ئىككى موچەن ئەكېلىپ بەرسىمۇ ئالىمەن... ماڭا نېمە ئامال! مەنمۇ ياشىشىم كېرەك، توي قىلىشىم ـ ئۆي-ئوچاقلىق بولۇشۇم كېرەك، ھەممىگە پۇل كېتىدۇ. مېنىڭ ئارانلا شۇ مائاشىم بار. شۇڭلاشقا، مېنىڭ مەكتەپتە يۈرۈشۈم،كېچىكمەي كېلىشىم، دەرسنى ۋاقتىدا ئۆتۈشۈم،تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشۈم،ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشىم ھەممىسى پەقەت ۋە پەقەت مائاشىمنى ساق ئېلىش، مائاشىمنى ھەرخىل«تۇتۇپ قېلىش» لاردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن. لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەرئايدا بىرنېمىلەرنى دەپ تۇتۇپ تۇرىدۇ،بىزمۇ كۆنۈپ كەتتۇق. ھازىر پۇل تۇتمىسا،سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىدىغانمۇ بوپقالدۇق.

مەن قىسىق كۆز بوغالتىرنىڭ يۈزكويلاپ تۇتۇشلىرىغا چىدىغان بىلەن، ئوقۇغۇچىلىرىم مېنىڭ بەش-ئون كويلاپ تۇتۇشىمغا چىدىمىدى. ھازىر ھەر كۈنى بالا يىغىشقا ماڭىمەن. مەن مۇئەللىمچىلىك قىلىۋاتقان بەش-ئالتە يىلدىن بۇيان مەكتەپتە ئوقۇتۇش باش ۋەزىپە ئەمەس، بالىلارنىڭ تولۇق كېلىشى، ئۇلارنى تۇراقلاشتۇرۇش باش ۋەزىپە.لېكىن ھازىرغا قەدەر بۇ ئەمەلگە ئاشقىنى يوق.

بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلىرىمنى يىغقىلى كېتىۋېتىپ، ئېتىزلىقتا بىر كىچىك بالىنىڭ بىر قوپۇپ،بىر ئېڭىشىپ بىر نەرسە تېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم-دە، چاقىرىۋېدىم،مېنى كۆرۈپلا پارتىدە قاچتى. مەن قوغلىدىم. ئاخىرى ئۇنى ۋىرانە-ئەسكى تاملىق بىر ئۆيدە تۇتىۋالدىم. ئۇنىڭغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتىم. بۇ بالا دەل مەن «گېلىنى ھەممىدىن قاتتىق سىقىۋەتكەن» ئوقۇغۇچۇم ئىدى. ئاتا-ئانىسىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمەن، دەپ تۇرسام، بالىنىڭ سۆزلىرى مېنى ھەيكەلدەك قاتۇرۇپ قويدى:

ـ مۇئەللىم، خۇش بوپقالاي، مېنى مەكتەپكە ئاپارماڭ. جېنىم مۇئەللىم خۇش بولاي، سىزنىڭمۇ ئانىڭىز باردۇ، مۇئەللىم... مېنى مەكتەپكە ئاپارماڭ، ـ بالا يىغلاپ كېتىۋاتاتتى.

ـ نېمە؟ ـ ئۆپكەم ئۆرۈلدى، كۆكرەك قەپىسىم سىقىلىپ نەپەس ئالالماي قالدىم. نېمە گەپ بۇ؟!يا مەن ئۇنى دارغا ئاسقىلى ئېلىپ ماڭمىسام!؟ مەكتەپنىمۇ مۇشۇنداق قورقۇنچ بارمۇ؟!

ـ بالام، مۇئەللىمگە بېرىدىغان پۇل بولمىسىمۇ، مەكتەپكە بېرىۋەرگىن بالام، مۇئەللىمنى خاپا قىلما، ـ ئۆي ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ بەكمۇ زەئىپ ئاۋازى ئاڭلاندى. بالىغا قارىدىم.

ـ ئۇ مېنىڭ ئانام، مۇئەللىم، ئۆيگە كىرسىلە، ئانام قوپالمايدۇ.

ئىچكىرىگە كىردىم. ئۆي ئىچى قاراڭغۇ ھەم شۇنداق سوغۇق ئىدى. قارىسام، نە مەش، نە تام ئوچاق كۆرۈنمەيتتى. بۇلۇڭدىكى قاراڭغۇلۇقتا بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـ تۆرگە ئۆتسىلە مۇئەللىم، ئالدىلىرىغا چىقالمىدىم، خاپا بولمىسىلا.

بىردەمدىن كېيىن كۆزۈم قاراڭغۇلۇققا ماسلىشىپ،ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئېنىق كۆردۈم. تېزلىك بىلەن ئۆي ئىچىدىكى مال-بىساتنى ھېسابلاپ چىقتىم. بارلىق بىسات جىق ھېسابلىغاندىمۇ 90كويغا ئاران يارايتتى. ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرۈڭ: بۇ بالىنىڭ ماڭا تۆلەشكە تېگىشلىك قەرزى 157كوي تۆتمو بىر پۇڭ ئىدى. ئۆينى مىڭبىر جاپادا ئاران تاپقاندا ئۈچ يىللىق ئوقۇش پۇلى،كىتاب پۇلى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پۇللىرىنى بىراقلا ھېسابلىشىپ،ئۆيدە نېمە بولسا شۇنى ئەپكېتەرمەن، دەپ تۇرسام، قىرىشقاندەك قەلەندەرنىڭ ئۆيىگە كەپقاپتىمەن-دە! ھەي ئىست.

ـ تۆرگە ئۆتسىلە، مۇئەللىم.

بۇ ئۆينىڭ نەرىگىمۇ ئۆتەرمەن،تۆرگە دېگىنىنى تېخى. بىر پارچە پالازدىن بۆلەك ھېچ نەرسە يوق تۇرسا، يەنە بىر پارچە كونا كىگىزگە كىرلىشىپ سارغىيىپ كەتكەن كۆرپىنى سېلىپ، ئۆي ئىگىسى ئايال ئۆزى يېتىۋالغانىدى.

ـ خاپا بولمىسىلا مۇئەللىم، ئالدىلىرىغا چىقالمىدىم.

ـ يوغسۇ، نېمە كېسەل ئاچا سىلى؟

ـ باللارنىڭ ئالدىدا دېگىلى بولمايدۇ. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا تۇغۇتتىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلغان، قارىسىلا مۇئەللىم. شۇنىڭدىن بېرى يېتىپ-قوپۇپ يۈرۈپ، مانا ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرالماس بوپقالدىم.

ـ باللارنىڭ ئاتىسىچۇ،ئاچا؟

ـ ئۇ ئادەم بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن كىرىپ كەتكەن. ھەپتىدىن ئېشىپ كەتتى. نېمە ئىش بولدىكىن قايتمايۋاتىدۇ. ئادەتتە ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر كېلىپ تۇراتتى.

ـ نېمە دېدىلەئاچا؟ خاتالاشمىسام،بۈگۈن 12-ئاينىڭ 2-كۈنىغۇ دەيمەن، بۇنداق قەھرىتان سوغۇقتا...

ـ ئىككىنچى قېتىملىق مۇھىم باسقۇچ ئۆتۈپ كەتسە ، يېقىندا قايتىپ كەلگۈدەك.

ـ ھە، سىلىگە كىم قاراۋاتىدۇ؟

ـ مۇشۇ ئوغلۇم بىلەن ئاۋۇ سىڭلىسى قاراۋاتىدۇ، مۇئەللىم.

ـ ھازىر قارىسام،بۇ بالا ئېتىزلىقتا ئويناۋاتامدۇ؟

ـ ياقەي مۇئەللىم. ئۆيدە ئوتۇن قالماپتىكەن، ئېتىزلىقتىن قالايدىغان ئانچە-مۇنچە تەمەچ تېرىپ كېلىشكە مەن ئەۋەتكەن.سىڭلىسى ئوتۇن يوق قازان ئاسالماي ئولتۇرىدۇ ئەينا.

بىر بۇلۇڭدا ئۇن تاسقاپ ئولتۇرغان قىزغا كۆزۈم چۈشتى. تولىمۇ چىرايلىق - ئوماق بۇ قىزچاققا قاراپ، نېمىشقىكىنتاڭ ئىختىيارسىز يېنىغا بېرىپ قالدىم.

ـ تاسقاۋاتقىنىڭىز نېمە، سىڭلىم؟

ـ كېپەك.

ـ نەچچە قويۇڭلار بار؟

ـقوي يوق.

ـ بۇ كېپەكنى ئەمسە نېمىگە تاسقايسىز؟

ـ ...

ـ مۇنداق گەپ، مۇئەللىم. ئۇن تۈگەپ كەتكەن. يەكشەنبە كۈنى ما بالام بازارغا بېرىپ ئازراق كېپەك ئەكەپتىكەن، شۇنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ،ئىسسىق ئىچىۋاتىمىز. داداڭلار قايتىپ كەلسە،شورپا سېلىپ بېرىدۇ-ھە، باللىرىم! ـ ئانىنىڭ ئاۋازى تىترەپ،يىغلامسىراپ چىقىۋاتاتتى.

ـ ...

ـ ... مە... مەن.

نېمە بولدۇمەنۇي، مەن نېمە بولدۇم! قورقماي خەقنىڭ ھەتتا نارەسىدىلەرنىڭ گېلىنى سىقالايدىغان بىر نوچى يىگىت ئىدىم. ئەجەب بىر ئايالنىڭ ئالدىدا بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ، تىللىرىم كالۋالىشىپ قالدىيا. بۇرنۇم تارتىشىدىغان كېسىلىمغۇ يوق ئىدى. ئەجەب بىر قىسىما بوپقالدىما؟ بۇرنۇمنىڭ ئىچى قوڭغۇز ماڭغاندەك قىمىرلاۋاتىدۇ. كۆزۈم تورلىشىپ ،مەيدەم قاتتىق ئېچىشىپ، مېنى بىئارام قىلىۋاتاتتى.

بۇ ئۈيدىن قانداق چىقىپ مەكتەپكە قانداق كەلگىنىمنى، يول بويى خىيالىمغا نېمىلەر كەچكىنىنى بىلمەيمەن. لېكىن كۆزى قىيسىق بوغالتىرنى ئويلىدۇم. ئۆتكەن ئايلىق مائاشىمنى ئالىدىغان چاغدا ئۇ ماڭا پۇل بەرمەكتە يوق،«مائاشىڭ خېلى ئۇستۇن تۇرسىمۇ، قەرزىڭگە يەتمەيۋاتىدۇ،تېزرەك پۇل تاپ، دەپ ۋارقىراپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى بۇ بالا بېرەلمىگەن 157كوي تۆتمو بىر پۇڭ پۇل ئۈچۈن يەنە مائاشىمنىڭ تۆتتىن بىرىنى تۇتىدىغان بولدى» دېگەنلەرنى ئويلىدۇم، ھەم:« بۇ بوغالتىرنىڭ سەت تەلەتىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن چاقىرسىمۇ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا ھەرگىز كىرمەيمەن، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ كېلىنىمۇ ھەرگىز سىقمايمەن» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. بىر-ئىككى ھەپتىكىچە بوغالتىرنى كۆرمەي كۆڭلۈم خېلى ئارام تېپىپ قالدى. بۈگۈن يەنە ئوقۇتقۇچىلار مائاش ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراش ھالدا بوغالتىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.مەن مائاشىمنى ۋاكالىتەن ئاچىقىشنى خىزمەتداشلىرىمنىڭ بىرىگە ھاۋالە قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن پەشتاقتىلا ئولتۇرۇپ تاماكا تۇتاشتۇردۇم.ھەي ئېسىت بىچارىلەر: قىزىلگۈلدەك كىرىپ كەتكەن خانىم – قىزلارنىڭ چىرايىدىن بوران ئۇچۇپ، كۆزلىرى ياشلانغانىدى. شۇنچە سالاپەتلىك ئەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلەتى شۇنداق سەتلىشىپ كەتكەنىدىكى، ئۇلارنىڭ يۈزىدە نە قان، كۆزىدە نە تىرىكلىكنىڭ ئالامىتى قالمىغانىدى. مەن ھەرنېمە بولسا،كىرمىگەنىكەنمەن، شۈكرى خۇدايىم. مانا ماۋۇ ئىمام قىزىق كۈلۈپلا يۈرۈدىغان قىزىقچى، ھەر ئىشقا ئېپى بار سالاپەتلىك مۇئەللىم ئىدى.بۈگۈن نېمە بولدىكىن، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى ئۆزى تولا ئوينايدىغان توپتەك كۆپۈپ كېتىپتىيا!؟ ئاخىرى چىدىماي ئىشخانىغا كىردىم. تۆت-بەش ئوقۇتقۇچى تاماكا چېكىپ ئولتۇرغانىكەن. «مائاشىڭلاردىن بەك كۆپ تۇتۇۋېتىمسەكەندۇ؟ » دەپ ھال-ئەھۋال سوراي دەپ تۇرسام، ئىمام قىزىق ئىشكىنى تېپىپلا كىردى-دە، «نېمىدەپ ئوقۇتقۇچى بولغان بولغىيتتىم؟ نەچچە يىل ئىشلەپ خوتۇن ئالالمايمەنما؟» دەپ قايناپلا كەتتى ۋە بوسۇغىدىلا ئولتۇرۇپ:«نېمىشقا دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان بولغىيتتىم؟ زادى نېمىشقا؟ بەش يىل خىزمەت قىلىپ، مانا ئەمدى ئۆيلىنەي دەپ بىر قىزنى كەلتۇرۇپ، ئۆيىدىكىلىرىنى‹ ئاققۇ› رېستورانىغا تەكلىپ قىلىپ قويغانىدىم. قىرىشقاندەك، ئايلىقىمنى بىر تىيىن قويماي تۇتۇۋالغىنىنى ئاز دەپ تېخى يانچۇقۇمدىكى 19كوي ئىككى مو پۇلنىمۇ كەملىگەن قەرزگە تۆلىتىۋالدى. ئەمدى قانداق قىلىمەن؟!» دېدى ئەلەم بىلەن ھاسىراپ تۇرۇپ.

بىز بەش يىگىت بىر-بىرىمىزگە قاراشتۇق. خۇددى كېلىشىۋالغاندەك ھەممىمىز تەڭلا يانچۇقلىرىمىزنى كولاشقاندۇق، ھەممىنى يىغساق بارى-يوق 439كوي بەش مو بەش پۇڭ پۇل چىقتى. مائاشنى ھازىرلا ئالغان بەش ئوقۇتقۇچىنىڭ يانچۇقىدىن 500كوي پۇل چىقمىدى. نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكىلى بولمايدىكەن، بىز پۇلنى سۆزسىز ھالدا ئىمام قىزىققا تۇتقۇزدۇق. بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلاردا مائاش ئالغان كۈنى خۇشلۇقتىن ئەمەس، ئاچچىق ئەلەمنى بېسىش ئۈچۈن ھاراق ئىچىدىغان ئادىتىمىز بار. بۈگۈنكى سورۇندىمۇ پاراڭ «مەن نېمىشقىمۇ پېداگوگىكا خاراكتېرلىك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ قالغان بولغىيتتىم» دېگەن گەپتىن باشلىنىپ، قايسى ئوقۇتقۇچىنىڭ بالا يىغىشقا بېرىپ دېھقانلاردىن قانداق تاياق يېگەنلىرى، مەكتەپ باللىرىنىڭ جۇل-جۇل، يىلىڭ ھەم كېلەڭسىز كىيىملىرى،ئۇلارنىڭ

مەكتەپتىن ئۈركۈپ قاياقلارغىدۇر قېچىۋاتقانلىقى، قايسى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايالىغا تۇغۇتىدا ئالتۇن بىلەيزۈك بىلەن خورۇم پەلتۇ ئېلىپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى ۋە قاسىم قاپلاننىڭ ئوقۇش ئۈچۈن پۇل يىغىمەن دەپ ئاخىرى خوتۇنىمۇ ئالالماي ھاراقكەش بوپكەتكەن قىزىق ئىشلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە مائاش ئەكىرەلمىگىنى ئۈچۈن ئايالىدىن ئاڭلىغان تىل-ئاھانەتلىرى سۆزلەندى-دە، گەپنىڭ ئاخىرى: ئانىمىزنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلەپ سالغان بولغىيمىدۇق بۇنداق كۈنلەرگە قالغىلى،دېگەندەك پۇشايمانلىق سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتى.ئاخىرىدا بىرسى:« راست، ئەپەندارچىلىق قىلماق ھەقىقەتەن تەس بوپقالدى. ئەر ئوقۇتقۇچىلارنى خوتۇنلىرى مائاشىڭنى تالادا قايسى بۇزۇققا خەجلەۋاتىسەن؟ دەپ ياقىسىغا ئېسىلغان، ئۆيلەنمىگەن ياش ئوقۇتقۇچىلارنى ئاتا-ئانىلىرى مائاشىڭنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىمسەڭمۇ؟ مائاشلىق ئەر كىشى تۇرۇپ يەنە بىزدىن پۇل ئېلىپ خەجلىگىلى نومۇس قىلمامسەن،دەپ ئەيىبلەۋاتقان. ھەممىدىن ئايال مۇئەللىملەرگە بەك ئۇۋال بولدى. ئۇلار ئەرلىرىنىڭ: مائاشىڭنى نېمىگە خەجلەۋاتىسەن؟ دېگەندەك تەنلىرىگە چىداپ تۇرالماي ئەلەمدىن يىرىلغۇدەك ھالغا كەپقالدى.بۇنداق دەرد-ئەلەملىك روھىي - ھالەتتە قانداقمۇ ياخشى دەرس سۆزلىگىلى بولسۇن؟!ھەي ئوقۇتقۇچى، ھەي جاپاكەش ئوقۇتقۇچى! روزى سايىت ئاكىغا ئۇلتىجا قىلساق، بىزگىمۇ‹ دېھقان باللىرىغا ئوقۇتقۇچى بولماق تېخىمۇ تەس › دەپ بىر شېئىر يېزىپ بەرسە بولغىدەك» دەپ ئولتۇرۇشنى خۇلاسىلىدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ھېچ ئىش بولمىغاندەك دەرسكە كىردىم. قارىسام، سىنىپتا بىرمۇ ئوقۇغۇچى يوق. ئاچچىغىمدا بازار ئارىلاپ يۈرسەم،بىر ئوقۇغۇچۇم كارنىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ نان سېتىۋېتىپتۇ، ئۇ مېنى كۆرۈپلا قاچتى. يەنە بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىدا قا يۇيۇۋاتقان ئوقۇغۇچۇممۇ يۇيۇۋاتقان قاچىسىنى تاشلاپ قاچتى. ئاۋۇ يەردە رېمونتچىغا شاگىرت بولغان ئىككى ئوقۇغۇچىمۇ مېنى كۆرۈپ ئامبۇر-كۈلۈچلىرىنى تاشلىشىپ ئالدى-كەينىگە قارىماي تىكىۋەتتى. مەن يا ئالۋاستى بولمىسام، ئوقۇغۇچىلار نېمىدەپ مەندىن قاچىدۇ؟ ئەسلىدە كۆڭلۈمدە ئاجايىپ ئارزۇ-ئارمانلىرىم،ئوقۇغۇچىلارنى قالتىس تەربىيىلىگۈم بار ئىدى. ئۈمىدسىزلىكتە،روھىم چۈشكەن ھالدا ئۆيگە كېتىۋېتىپ ئەمدى ھويلىغا كىرەي دەپ تۇرسام، ئاتامنىڭ ئانامغا:«ھوي، ماۋۇ بالاڭ دېگەن نانقىپىغا دەپ قوي، مەن ئۇنىڭدەك ۋاقتىمدا بەش بالىنى ئاتىدەك باققان. ئۇ بىرنېمەڭنى ئوقۇتۇپ كادىر قىلىپ قويسام، ھازىرغىچە تۇزۇك جېنىنى جان ئېتەلمەي،بىزگە تاپىنى ئارتىپ يۈرىدۇ. بولار ئەمدى، ئېغىرىنى شۇنچىلىك كۆتۈرگىنىمىز» دېگەن زەردىلىك گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بېشىمدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ، تۇرغان جايىمدا قېتىپلا قالدىم. ئەمدى نەگە باراي؟ تىجارەت قىلاي دەپ شەھەرگە كىرسەم قويمىچىلار قويىۋەتسە، ئوقۇتقۇچىلىق قىلسام ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەرزى گەدىنىمگە چۈشسە، ئۆيگە كىرسەم ئاتا-ئانام تاپا قىلسا، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟!

مەن ئەنە شۇنداق ئوقۇغۇچىلىرىنى قاچۇرۇپ قويۇپ لەلەڭلەپ يۈرگەن، شۇ ھالىمغا يەنە تېخى ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدىغان ھاكاۋۇر يىگىتمەن. ئاللىقاچان 26 – 27لەرگە كىرگەن تۇرۇقلۇق، ئۆز جېنىنى جان ئېتەلمەيۋاتقان«نوچى» يىگىتمەن. مەندەك مەنمەنچى يىگىتنىڭ ھالى ئەنە شۇ. ئالىي مەكتەپلەردە بۇزۇپ -چېچىپ كەيپ-ساپا سۈرۈۋاتقان، دوقمۇش-دوقمۇشتا جەڭگە-جېدەل قىلىۋاتقان ماڭا ئوخشاش

www.uyghurkitap.com

چوڭچى يىگىتلەرنىڭ ھالىمىز ئەنە شۇ. بىزدەك مەنمەنچى يىگىتلەرگە ئىككى بالىنى مەجبۇرىي باقسەن دەيدىغان بولسا، ھالىمىز نىمە بوپكېتەر؟ بىزنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى بىر سانايدىغان نى-نى نوچى يىگىتلىرىمىز قىلالمايدىغان ئىشنى 18ياشلىق سەبىي قىز زەيتۇنە قىلدى. قانداق قىلسا قىلىپ، مىللىتىمىز ئۈچۈن ئۆزى بىلەن ئۈچ ئىزباسارنى قاتارغا قوشۇپ بەردى. شۇڭا ئەمدى مەن زەيتۇنەگە ئاشىق دېگەن سۆزنى قىلىشقا خىجىل بولىۋاتىمەن. چۈنكى مەن بولسام، ئۆز جېنىنى تۇزۇك جان ئېتەلمەيۋاتقان يارىماس يىگىت، زەيتۇنە بولسا ئىككى ئىز باسارنى بېقىپ،ئوقۇتۇپ،تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلاۋاتقان گۆھەردەك بىر قىز،ئەزىمەت. مەن قانداقمۇ ئۇنىڭ لايىقى بولالايمەن؟ ياق، لېۋىگە سۆيۈشكە لايىق بولمىساممۇ ،مۇشەققەتتىن يېرىلىپ، ئاچچىق تەر پۇراپ تۇرغان پۇتىنى بولسىمۇ پۇراپ-پۇراپ سۆيۈشكە رازىمەن. چۈنكى مەن بىر تەلۋە ئاشىق.

زەيتۇنە بولسا دادىسى تەرىپىدىن پۇل،مال-دۇنيا، ئەمەل-مەنسەپ ئۈچۈن سېتىلىپ،يەتكۈچە خورلانغان، خورلاشلارغا باش ئەگمەي ئۈيدىن قوغلانغان بىر سەبىي قىز. 18ياشلىق شۇنچە ساھىبجامال بىر قىز كوچىدا قالدى.ئەگەر ئۇ قىز مۇھەممەت باغراش ئاكا ئېيتقاندەك ،ئىپپىتىنى سېتىپ جان باقسا ئۇنىڭغا قايسىمىز بىرنىمە دېيەلەيتتۇق؟ قېنى قايسىمىز ئۇنى ئەيىبلىيەلەيتتۇق!؟ئەلۋەتتە،ئەيىبلەشكە ھېچقايسىمىزنىڭ ھەققى يوق. چۈنكى بىزنىڭ مۇشۇ ئەمئىيىتىمىز ئۇنى كوچىغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ قويدى. لېكىن مېنىڭ مەھبۇبەم ئۇنداق قىلمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا قايسى يول قالدى؟ ئۆلۈم. لېكىن مېنىڭ مەھبۇبەم ئۇنى تاللىمىدى،يار لېۋىدە تۇرۇپمۇ چارە-ئامال ئىزدىدى. مال-دۇنيا، ئەمەل-مەنسەپ ئۈچۈن باش ئەگمىگەن ئىنساننىڭ قانچىلىك قەيسەر، ئۇلۇغ بولىدىغانلىقىنى مەن شۇ چاغدىلا چۈشەندىم. كىچىككىنە تۇرۇپ كوچىدا قالدى، ئەمدى قانداق قىلار؟ دەپ ئەنسىرىگەندۇق، لېكىن ئۇ ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ، يانچۇقىدا بىر تىيىننىڭ سۇنىقى يوق ھالدا قەشقەر كوچىسىدا ئۈچ جاننى بىر يىل باقتى. ئىككى ئىزباسارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتى. مۇشۇ زامان، مۇشۇ ماكاندا 18ياشلىق بىر سەبىي قىز-ھە! ئۇ بىز ئويلىغاندەك ئىپپىتىنى ساتقىنىمۇ يوق. ئەكسىچە ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ ھەممىمىزنى تاڭ قالدۇردى. مانا بۇ مەن يىگىرمە نەچچە يىل زارىقىپ كۈتكەن ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزى!

ئەمدى ئاشۇ زەيتۇنەنىڭ دادىسىچۇ، ئۇمۇ ئادەممۇ؟ ياق، ئۇ زادى قانداق مەخلۇق؟ ئۇ، پۇل-مال ئۈچۈن، ئەمەل-مەنسەپ ئۈچۈن قىزىنى ساتماقچى بولدى. بىر سەبىي قىزنى - ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋائانىنىڭ پۇشتىنى پۇل - ئەمەل ئۈچۈن ساتماقچى بولدى.قىزىنى يەتكۈچە خورلىدى. ئۇمۇ ئادەممۇ؟ ئۇ ئادەم يەنە كېلىپ بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بىرسى. جەمئىيىتىمىزدە ئەمەل-مەنسەپ ئۈچۈن قەۋم-قېرىنداش، دوست-يارانلىرىنى، ھەتتا خوتۇنىنى، ئاتا-ئانىسىنى سېتىشتىن يانمايدىغان قارائۈپكە مۇناپىقلار، پۇل-مال ئۈچۈن ئاتا-بالىنى ،بالا ئاتىنى ساتىدىغان ئادىمىي ھايۋانلار تولۇپ يېتىپتۇ. ئادەملىرىمىز ئۈچۈن پۇل-ئەمەل ئاتا-ئانىسى،ھەتتا يۈرەك پارىسى بولغان بالىسىدىنمۇ مۇھىم بولسا-ھە؟ پۇل - ئەمەل دېگەن زادى قانداق نەرسە؟ ئەمەل دېگەنگۇ ھېچكىمدە ئۇزاق تۇرمايدىغان ئۆتكۈنچى نەرسە. پۇل دېگەن ئەسلىدە دۇنيادا يوق نەرسە ئىدى، پەقەت ئادەم ،ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتتىن ئىبارەت ئۈچلا بىرلىك بار ئىدى. ئادەملەر ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەن مەھسۇلاتنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن پۇل دېگەن نەرسىنى ئىجاد قىلدى. ئەسلىدە ئادەملەر خوجايىن، قالغانلىرى ئادەم ئۈچۈن قۇل ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەقسەت ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ، پۇل خوجايىن، ئادەملەر قۇل بوپقالدى. ئادەملەر پۇلنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالدى. دۇنيادا ئۆزى ياسىغان نەرسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ئۆتە بىچارىلىك بولمىسا كېرەك! بىزنىڭ ئادەملىرىمىز نىمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى، دۇنيادا ھېچنىمە بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغان بارلىقىنى شۇلارغا تېگىشىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ ئادەملەرنى پۇل ھەركوي، ھەرسەنەملەرگە دەسسىتىپ ئۇسسۇل ئوينىتىدۇ؟

بىزدە پۇل يوق ئەمەس، توغرىسىنى ئېيتقاندا قىممىتىمىز يوق. پۇل دېگەنلىك - پايدىلىنىش ھوقۇقى، ئىمتىيازى دېگەنلىك بولىدۇ. بىزنىڭ قىممىتىمىز بولمىغاچ، ئۆزىمىز خالىغان كەسىپ، خالىغان ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيالمايۋاتىمىز. بىزمۇ چەت ئەللەردە ئوقۇيالايتتۇق.ھازىر ئىشقىلىپ «تېخنىكوم»نىڭ بولسىمۇ چاقىرىقى كەلسىلا جەننەتنىڭ چاقىرىقىنى تاپشۇرۇۋالغاندەك خۇش بوپكېتىمىز. گەپنىڭ ھاسىلى، قىممىتىمىز بولمىغاچ، ئادەملەرنىڭ گۈلى تۇرۇپ ئادەمدەك ياشىيالمايۋاتىمىز.

ئەختەم ئۆمەر ئۇيغۇر ھاجىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ1994-يىلىدىن 1996-يىلغىچە بولغان سانلىرىدا ئۇلاپ ئېلان قىلغان «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» دېگەن ماقالىسىدا (بۇ ئۇلانما ماقالىلەر يېقىندا «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» دېگەن نام ئاستىدا كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى. - مۇھەررىردىن) ئۇلارغا ئەڭ توغرا باھا بەردى. بەزى ھاجىلىرىمىز چەت ئەللەردە بىزنى سېتىپتى، ۋەتەندە بولسا بىز ئۇلارنى سېتىپتۇق. شۇنداق، ماڭا قويۇپ بەرسە يانچۇقىدا شۇنچە پۇل تۇرۇپمۇ ۋەتەن-مىللەتنىڭ يۈزىنى تۆككەن ئۇياتسىز ھاجىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن بوغۇۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ. چەت ئەللەردە قەلەندەرچىلىك قىلىپ بىزنى شەرمەندە قىلغان ئۇياتسىزلارنىڭ يۈزىگە نەچچىنى تۈكۈرۈۋالسام دەيمەن. لېكىن شۇنداقتىمۇ، چەت ئەللەرنىڭ كوچا-كويلىرىدا ، ئەخلەتخانىلاردا،ئادىدىي كەپىلەردە يېتىپ، ھەقسىز تاماق يېگەن بىچارىلەرگە تۇرۇپلا ھېسداشلىق قىلغۇم كېلىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار ئالىي رېستورانلاردا تاماق يېيىشى، ئالىي مېھمانسارايلاردا يېتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما شۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلالمايمىزكى، ئۇلار مىڭبىر جاپادا كەلگەن، كۆرمىگلىغان مۇسۇلمانلار ئىچىدىن بىرەر-يېرىمىغا مىڭ تەستە نېسىپ بولىدىغان ھەج پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆمۈر بويى ئىشلەپ تاپقان - تەرگىنىنى غەملەيدۇ، يەتمىسە بالا-چاقىرلىغا يېلىنىپ ،ئۇمۇ يەتمىسە ئۇرۇغ-تۇققان، قولۇم-قوشنا، ئەل - جامائەتنىڭ سوۋغا-سالاملىرىنىمۇ قوشۇپ، مىڭبىر جاپادا ھەج خىراجىتىنى تەقلەيدۇ. قىسقىسى، ئۆمۈر بويى تاپقان - تۈگكىنىنى، بار-يوقى ھەممىسىنى يۇدۇپ ھەج سەپىرىگە ماڭىدۇ. مىڭبىر رىيازەتلەر بىلەن ئۆمرىدە بىر ھەجگە كېلەلىگەن بىچارە ئادەم خەقنىڭ يۇرتىدا پۇلنى قانداقمۇ بۇزۇپ - چاچالىسۇن!؟ بېشىدا مىڭ خىل ئوت كۆيۈۋاتقان چاغلىق پۇللىرىنى خەقنىڭ يۇرتىدا سورۇۋەتسە، ئۆز يۇرتىدا كېيىنكى كۈننى قانداق ئالىدۇ؟ قەدىرسىز بىچارە ئىنسانلارنىڭ ئويلايدىغىنى مانا مۇشۇ. تۇرمۇشىنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان، جان باقمىقىنىڭ نەقەدەر مۇشكۈل-جاپالىق ئىكەنلىكىنى بەكمۇ چۈشىنىپ يەتكەن بۇ بىچارىلەر ئۇنى نېمىشقا ئويلىمىسۇن!؟ ئۇلار ئۆمۈرلۈك بىساتىنى چەت ئەلگە تاشلاپ قويۇپ كەلسە، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ «كىتاب پۇلى»، «ئوقۇش پۇلى»، «بەدەل پۇلى» ، «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ،ئىقتىسادچانلىق

بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پۇلى»، «ئىستراخۋانىيە پۇلى». .. قاتارلىقلارنى، كەنتكە تۆلەيدىغان«مائارىپ فوندى»، «مەجبۇرىيەت ھەققى»، «ھاشار ھەققى»، «ئۆستەڭ چېپىش ھەققى»، «سۇ ھەققى»، «بوزيەر ئېچىش ھەققى»، «جامائەت فوندى»، «كاپالەت فوندى»، «قۇرت جەرىمانىسى»، «پاختا جەرىمانىسى»، «توغۇت جەرىمانىسى»، «ئۆز ھويلىسىدىكى ئورماننى كەسكەننىڭ جەرىمانىسى»، «تۇياق بېجى»...قاتارلىقلارنى كىم تۆلەيدۇ!؟ سىزمۇ؟ مەنمۇ؟ ياق، يەنىلا ئاشۇ قەدىرسىز بىچارىلەر تۆلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارغا ئۇنداق تەلەپنى قويغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەج قىلىش پۇرسىتى ئۆمرىدە ئارانلا بىر كېلىدىغان بولغاچقا(ناۋادا نېسىپ بولۇپقالسا)، تاپقان-تۇتقىنىنى ئاشۇ يەردە خەجلەپ، ئۆمرىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ راھەت كۆرۈۋالسا، كېيىنكى ئىشلارنى خۇداغا ئامانەت قويسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. مىڭ ئەپسۇس، ئۆز يۇرتىدىمۇ قورقماي ئون كوي پۇل چىقىرىپ خەجلىيەلمەيدىغان، ئىچ يانچۇقىدىن پۇلنى ئالسىلا قاراقول ئالۋاستى ھەممىنى تارتىۋالىدىغاندەك قورقۇپ، شۇ يېشىغىچە تۈزۈك پۇل خەجلەشنىمۇ ئۆگىنەلمىگەن ئاشۇ ئىنسانلار خەقنىڭ يۇرتىدا چوڭ-چوڭ پۇللارنى چىقىرىپ بىمالال خەجلىيەلەيتتىمۇ؟! ئۆمرىدە كۆزى تويغۇدەك، ساناپ قولى تالغۇدەك پۇل كۆرۈپ باقمىغان ئاشۇ خەق پۇل خەجلەشنى نەدىن بىلسۇن!؟ ئۆمرىدە راھەت كۆرۈپ باقمىغان بۇ خەق راھەتنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلسۇن؟ راھەتلىنىشنى قانداق بىلسۇن؟ شۇنداقتىمۇ ئۆزى راھەتلىنىشنى خالىمىسىمۇ، بىزنى شەرمەندە قىلماسلىقى، مىللەتنىڭ يۈزىنى تۆكمەسلىكى، ئادىمىيلىك قىممىتىنى ساقلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۆمۈر بويى كەنت باشلىقى ،سېكرېتار، يېزا باشلىقى دېگەنلەرنىڭ ئىزا - ئاھانەت، ئېغىر ھاقارەت - دەشناملىرى ئىچىدە يۈرىكالدى بولۇپ، قولدەك ئىشلەش، جاپا-چېكىشنىلا ئۆگەنگەن، ئادىمىيلىك سېزىمىنى يوقاتقان ئۇ قەدىرسىز بىچارىلەر نېمىنىڭ ھاقارەت، نېمىنىڭ ئاھانەت،نېمىنىڭ نومۇس،نېمىنىڭ شەرەپ،نېمىنىڭ جاپا، نېمىنىڭ راھەت ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن تۇرسا، ئۇلار ئادىمىيلىك قەدىر-قىممەت،ئىنسانى يۈز-ئابروي، مىللەتنىڭ غورۇرى دېگەنلەرنى نەدىن بىلسۇن!؟ ئۇلارنىڭ يەلكىسىدىن ھىمالايايېغىدەك بېسىۋاتقان شۇنچە ئېغىرجاپا - مۇشەققەت ئاستىدىمۇ ئۆمىلەپ تىرىشىپ-تىرمىشىپ، جان تالىشىپ بىر ئامالىلارنى قىلىپ بۇ توخۇ كاتىكىدىن چىقىپ كەڭرى دالانى كۆرگىنى، ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋائانا سەيلى قىلغان بۇ ئەركىن زېمىننى كۆرەلىگىنى چوڭ ئىش ئەمەسمۇ؟ ئۆمرىدە بىرلا قېتىم،يەنە كېلىپ نەچچە مىڭ، نەچچە تۈمەن ئادەملەر ئىچىدىن ئاران بىر - ئىككىگە نېسىپ بولىدىغان پۇرسەتنىڭ ئۇلارغا نېسىپ بولغىنىدىن، «چوڭ ئىش»نى قىلغىنىدىن خەلقىمىز خۇرسەن بولۇپ ئۇلارنى«ھاجىم» دەپ چوڭ بىلىپ ھۆرمەت كۆزى بىلەن قاراۋاتامدۇ؟! دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ؟ ئۆمرىدە بىرلا كېلىدىغان بۇنداق پۇرسەت ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ-دە! دېھقانلىرىمىزلا ئەمەس، نى-نى كاتتا ئالىم - ئەھلى ئىلىملىرىمىز ئىچىدىمۇ ئۆمرىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي ئېغىر خۇرسىنىش، ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە ھەسرەت چېكىۋاتقانلار كۆرمەسكىلاپ تۇرغان يەردە ،ئاشۇ ئادىمىيلىك قىممىتىنى يوقاتقان بىچارە - ئاجىزلەرگە شۇنداق پۇرسەتنىڭ كەلگىنىگە بولسىمۇ خۇش بولساق بولىدۇ.ئۆمرىدە بىرەر قېتىم ناھىيە ئاتلاپ شەھەرگە كىرىپ قورقماي يۈز كوي ئەمەس ئون كوي خەجلەپ كۆڭۈل ئېچىپ باقمىغان،كۆڭۈل ئاچاي دېسىمۇ پۇرسەت ۋە ئارام تاپالماي جاپا ئۈستىدە تۇغۇلۇپ،جاپا بىلەن ياشاپ،مۇشەققەتتىن بەللىرى مۈكچىيىپ، «ئۇ دۇنيادا جەننەتتە بولسىمۇ راھەت كۆرەرمەن» دەپ ئۆز-ئۆزىنى بەزلەپ، قاراڭغۇ گۆرگە كىرىپ كېتىۋاتقانلار كۆرمىگىلاپ تۇرغان يەردە ،ئۆمرىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ دۇنيانى - ئەركىن زېمىننى كۆرۈپ،چوڭ-چوڭ تىنىپ، ئەركىن نەپەس ئالالىغان ئاشۇ ئادەملەرگە كۆپ رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ.

ئەگەر قۇربۇم يەتسە قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىدەك ياشاۋاتقان نادان خەلقىمنى ئۇچار كېمىگە ئولتۇرغۇزۇپ پۈتكۈل دۇنيانى ئايلاندۇرسام دەيمەن. ئەپسۇسكى، مەندەك «چوكچى» يىگىتتە نەدىمۇ ئۇنداق قۇدرەت بولسۇن!؟! مەن دېگەن ھەرماڭدامدا بىر ئاماكا تۇتاشتۇرۇپ،ئاچچىق ئەلەمدىن لەختە بولغان يۈرىكىمنى يەنە شۇ ئاچچىق ئىس بىلەن ئىسلاپ، ئاھ ئۇرۇشنىلا بىلىدىغان ئاجىز بىر بەندىمەن. ئارمانغا چۈشلۈق دەرمانىم يوق. ئاھ، خۇدا! بۇ بىچارە بەندەڭگە قۇدرەت - نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن.

ھالىمىز تايىنلىق بولسىمۇ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ياستۇق، «قۇتادغۇبىلىك»نى سىلىنچا،«ئون ئىككى مۇقام»نى يېپىنچا قىلىپ ئۇخلاۋاتقان بەكمۇ ئاجىز بىر قەۋممىز. ئىنئام،مۇكاپات،ئەمەل-مەنسەپ، پۇل-مال ئۈچۈن قەۋم-قېرىنداشلىرىمىزنى،گېزى كەلسە ھەتتا ئاتا-ئانا،خوتۇن-بالىلىرىمىزنى سېتىشتىن يانمايدىغان ئاچكۆز، ۋىجدان- ۋۇجۇدىمىز ئۆلۈۋاتقان ئادەملەرمىز. بىر ماختاشقا مىڭ ياڭزا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئەخمەقلەرمىز. ھازىرقى زامان رىقابىتىدىكى غالىبلار بۇرنىمىزنى قاياققا يېتىلىسە، شۇ ياققا كېتىۋېرىدىغان كونۇپكىلىق ماشىنا ئادەملەرمىز. پۇلنىڭ شەيتان زەنجىرىدىن ،ئەمەل-مەنسەپتىن ئىبارەت سېھرىنىڭ كۆرۈنمەس ھەم ئۈزۈلمەس زەنجىرىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىلا بۇ بىچارە ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتكىلى بولاتتى. بۇنى كىم چۈشىنىدۇ؟ يەنىلا ئاشۇ 18ياشلىق سەبىي قىز زەيتۇنە چۈشىنىدۇ. ئەگەر ئۇ دادىسىنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ، يېزا باشلىقى بىلەن توي قىلغان بولسا، ئەمەل-مەنسەپنىڭ تاجى مال-دۇنيانىڭ خوجايىنى بولغان بولاتتى. ئەپسۇس، ئ بۇلارنى رەت قىلدى. مال-دۇنيا، ئەمەل-مەنسەپنىڭ قۇل بولۇشنى خالىمىدى. قاتتىق خورلۇق،ئازاب-ئوقۇبەتلەرگ چىداپ ئوقۇش ئىرادىسىدىن يانمىدى. بۇ نېمە ئۈچۈن. چۈنكى ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئادەمنىڭ يۈرىكى بار. ئوقۇشقا، ئالىي مەكتەپلەردە ھەتتا چەت ئەللەردە ئوقۇشقا بولغان ئۈمىد-ئىشەنچ ۋە جاسارەت بار.پۈتكۈل دۇنيانى ئەركىن سەيلى قىلغان ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋائانىدەك ئەركىن ياشاش ئىستىكى بار. ئەۋلادلارغا بولغان ئوتلۇق يۈرىكى بار. مانا بۇ ھەقىقىي ئىسمى -جىسمىغا لايىق ئۇيغۇر قىزى - مېنىڭ مەھبۇبەم. مېنىڭ مەھبۇبەمنى زامانىمىزدىكى رادىئو - تېلېۋىزور،ئۈنئالغۇلار قاياققا شەرەت قىلسا شۇ ياققا كېتىۋېرىدىغان، كونۇپكىنى قانداق باسسا ، شۇنداق مۇزىكا چىقىرىدىغان ماشىنا خوتۇنلىرىمىز بىلەن قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ مەن ئەنە شۇ زەيتۇنەگە موھتاج، مەنلا ئەمەس، مېنىڭ خەلقىم تۈمەنلىگەن زەيتۇنەلەرگە موھتاج.

مۇھەممەت باغراش ئاكا، زەيتۇنەنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرسىڭىز،ئۇ ماڭا تەئەللۇق، چۈنكى سىز قەلەندەر توغرىسىدا كۆپ ئويلاندىڭىز، قەلەندەرگە باھا بەردىڭىز، ئاندىن ئۇزاق دىلغۇللۇقتىن كېيىن بىر قارارغا كەلدىڭىز. مەن بولسام تىلەمچى قىز ھېكايىسىنى تۈگەتكەن ھامان بىر قارارغا كېلىپ بولغان.يەنە كېلىپ، سىز قارارىڭىزنى ئۈنلۈك جاكارلاشتىن نومۇس قىلدىڭىز. مەن بولسام بارئاۋازىم بىلەن ،پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە شۇنداق جاكارلايمەنكى: «زەيتۇنە تىلەمچى ئەمەس! ئۇ مېنىڭ ئەڭ پاك مەھبۇبەم!»

1997-يىل دېكابىر، لوپ
2001-يىل فېۋرال، بېيجىڭ

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزىلەر

توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى

## «پېشانەڭنى سىلىۋېتىپ گەپ قىل» مىساك بولماس

خۇجىچۇەن

مەيلى قايسى ساھە، قايسى ئىدارە بولسۇن، بەش يىللىق، ئون يىللىق دېگەندەك «چوڭ توي» كۈنلىرىنى خاتىرىلەش ۋاقتىدا «خۇلاسە» يېزىشتىن خالىي بولالمايدۇ، شۇنداق «خۇلاسە» نى داقا-دۇمباقلار ياڭرىغان، نەغمە-ناۋالار كۆڭۈلنى كارامەت شادلاندۇرغان، ھەممە خۇشھال-خۇراملىققا چۆمگەن قىلىپ يازىدۇ. گېزىتلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن «خۇلاسە» يېزىشىدا شەك يوق. گېزىتنىڭ ئىلكىدە شۇنچە كۆپ ماھىر قەلەم ئىگىلىرى بولغاچقا، بىرەر «خۇلاسە» نى يېزىپ چىقىشى ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس.

لېكىن شۇنى بايقاپ قالدىمكى، جۇڭگودا بەزى گېزىتلەر ئۆزلىرىنىڭ يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان قىلغان ئىشلىرىنى «خۇلاسە» لەشتە بىر ئاز باش قېتىنچىلىققا قاپتۇ، بولۇپمۇ 1978-يىلدىن ئىلگىرى نەشر قىلىنغان بەزى گېزىتلەر ئۆز ۋاقتىدىكى «شەرەپلىك ئىش-ئىزلىرى» نىڭ ئاز دېگەندە يېرىمىنى تىلغا ئالاي دېسە خىجىل بولىدىكەن، تىلغا ئېلىپ قالسا يۈزى چىمىلداپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىكەن؛ شۇ «شەرەپلىك ئىش-ئىزلىرى» نى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىشكىمۇ پېتىنالمايدىكەن، چۈنكى ئەينى يىللاردىكى مۇشتىرىلەرنىڭ تولىسى ھازىر ھايات، شۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ ئېسىدە ھازىرقىدەك تۇرغانلىقىدا شەك يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ گېزىتلەر باشقىچە يول تېپىشقا مەجبۇر بولغان. مانا بۇ ئەھۋال قەلەم ئويىنىتىشقا ئۇستا بوپكەتكەن قەلەم ئىگىلىرىنى بىر ئاز باش قاتۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان.

ئانچە چوڭمۇ، كىچىكمۇ ئەمەس بىر گېزىتنىڭ بۇلتۇر ئۆزىچە زوقلىنىپ - ماختىنىپ، بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئاران بىرنەچچىلا ئىشچى-خىزمەتچىسى بارلىقىنى، ھازىر قانچىلىك كۆپەيگەنلىكىنى، ئىلگىرى ئەبجەق چىقىپ كەتكەن بىرلا باسما ماشىنىسى بارلىقىنى، ھازىر بىرنەچچە ھەسسە كۆپەيگەنلىكىنى، ئىلگىرى بەتلەرنىڭ قوغۇشۇن ھەرپ بىلەن ياسىلىدىغانلىقىنى، ھازىر بولسا كومپيۇتېر ئارقىلىق ياسىلىدىغانلىقى ۋە

## ئىبرەتلىك پاراڭلار

ھاكازالارنى يازغانلىقىنى ئوقۇپ قالدىم. بۇلارنى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى خەلقىنىڭ ۋىجدانى ۋە زوۋانى بولغىنى ھالدا راستى بىلەن توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى پەرز ھەم قەرزى بولغان گېزىت ئالدىدا قانداقمۇ «خىزمەت نەتىجىسى» دېگىلى بولسۇن؟ بۇلارنى ھەرقانچە قىلغان تەقدىردىمۇ پەقەت شۇ گېزىتنىڭ باسما زاۋۇتىنىڭ نەتىجىسى ھېسابىغىلا يېزىش مۇمكىن! بۇ ئەھۋال خۇددى بىر ساقچىنىڭ ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللىق خىزمىتىنى خۇلاسىلىغاندا، قانچىلىك ياخشى ئادەمنى قوغداپ قالغانلىقى، قانچىلىك يامان ئادەمنى تۇتقانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلماي، ئۆزقاتناش قورالىنىڭ ۋېلسىپىتتىن ئاپتوماشىنىغا، سىملىق تېلېفونىنىڭ «ئالەمگە ئۆتەر»- يانفونغا ئۆزگەرگەنلىكى توغرىسىدا ھوزۇرلىنىپ سۆزلىگەنلىكىگە ئوخشايدۇ.

گېزىت نېمە ئۈچۈن «پېشانىسىنى سىلىۋېتىپ» گەپ قىلمايدۇ؟ نېمىشقا «گەپنى ئەپقاچىدۇ؟» ئەسلىدە ئۇنىڭ «تىلى ئۇتۇق». ئەگەر قىلنى قىرىققا يارىدىغان بىرەر «چاتاق» چى ئادەم كۆتۈپخانىغا كىرىپ شۇ گېزىتنىڭ «مانچە ئون يىللىق توپلىمى» نى تېپىپ، 1978-يىلغىچە بولغان 30 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدىكى مەزمۇنلىرىغا كۆز يۈگرۈتۈپ چىقىدىغان بولسا، تاغار-تاغار يالغان گەپلەرنى، لاپ ئۇرۇپ ئاتقان ھەر-ھەرپۇ گەپلەرنى، كاتتۋاللىق بىلەن قىلىنغان «پىپەن»- تەنقىدلەرنى كۆرۈشى مۇمكىن! ئۇلار كىملەرنىڭ «ۋىجدانى»؟ كىملەرنىڭ «زوۋانى»؟ بۇنى خۇدا بىلىدۇ! دېمەك ئۇ گېزىتنىڭ «باسما ماشىنىسى»، «بەت ياساش» توغرىسىدىلا گەپ سېتىشىدا «گەپ بار»! ھەقىقەتەن ئىلاجىسىزلىقتىن شۇنداق قىلغان. مىسال بىلەن ئېيتايلى، ئۇ ئۆزىنىڭ 30 يىل ئىلگىرىكى ئاتالمىش «خىزمەت نەتىجىلىرى» قاتارىدىكى تۆۋەندىكىدەك ئىشلىرىنى ھازىرقى ئادەملەر ئالدىدا بايان قىلىشنى راۋا كۆرمىسە كېرەك:

1950-يىلى جۇمھۇرىيەت يېڭى قۇرۇلغان چاغدىلا «ۋۇشۇننىڭ تەرجىمھالى» ناملىق كىنو فىلىمى ۋە ۋۇشۇننىڭ ئۆزى قوپاللىق بىلەن تەنقىد قىلىندى.

1954-يىلى مەشھۇر ئالىم يۈپىڭبو ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش توغرىسىدا تەتقىقات» لىرى قاتتىق قامچىلاندى...

1955-يىلى خۇفېڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى توغرىسىدا باشقىچىرەك پىكىردە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاتالمىش «ئەكسىلئىنقىلابچىلار گۇرۇھى» قىلىنىپ، ھەدەپ «پاش» قىلىندى، ئۇلارغا «نەپرەت» ياغدۇرۇلدى.

1957-يىلى ئەمر-پەرمانغا بىنائەن پىكىر بەرگەن 550 مىڭ نەپەر زىيالىي بىراقلا «ئوڭچى ئۇنسۇر» دەپ ئېلان قىلىندى.

1958-يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئەسەبىيلىك بىلەن ماختاپ ئۇچۇرۇلدى، «بىر مو يەردىن 80 مىڭ جىڭ شال ئېلىندى» دەپ خەۋەر قىلىندى.

1959-يىلى «ئوڭ ئاغمىچىلىققا قارشى تۇرۇش».

1960-يىلى ئون مىليون ئادەم ئاچلىقتا ئۆلدى (بويىبونىڭ: «بىرنەچچە چوڭ قارار ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدا ئەسلىمە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىغا قاراڭ)، لېكىن گېزىتلەر بۇ ھادىسىلەرنى «كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدى».

1962-يىلى «سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى»...

1965-يىلى ياۋۋېنيۈەننىڭ «يېڭى يېزىلغان تارىخىي دراما( خەي رۈينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى ) غا باھا» سى ئېلان قىلىنىپ، ئۆكتەملىك ۋە تۆھمەت قىلىندى.

1966 - 1976- يىللىرى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار» تارتىپ چىقىرىلدى ۋە كۈرەشكە تارتىلدى؛ قوشۇن تازىلاندى؛ قانۇنچىلارغا باھا، كۆڭزىچىلارغا تەنقىد بېرىلدى؛ «ئوڭ ئاغمىچىلىق دېلوسىنى ئاغدۇرۇش» قا قارشى تۇرۇلدى؛ «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەقىقەتەن ياخشى!» دەپ كۆككە كۆتۈرۈلدى.

1977، 1978-يىللىرى «ئىككى ئومۇمەن»...

ئۆزىمىزنى توختۇتۇپ تۇرۇپ گەپ قىلىدىغان بولساق، گېزىتلەر شۇ نەچچە ئون يىل ئىچىدە بىرمۇنچە راست خەۋەرلەرنىمۇ بەردى. لېكىن مەسىلە «راست» بىلەن «يالغان» نىڭ نىسبىتى قانچىلىك ئىكەنلىكىدە ئەمەس. «بىر تال چاشقان مايىقى بىر قازان ئاشنى بۇلغايدۇ» دەيدىغان ماقال بار. شۇنداق «چاشقان مايىقى» توپتوغرا 30 يىلدەك بىر ياكى ئىككى تال ئەمەس، تاغارلاپ، كۇرلەپ پەيدا بولدى. شۇ قازاندىكى ئاشنى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئەلا سورتلۇق ئەترە بىلەن قايناتسىمۇ، ئۇنىڭدىكى بەتتام يوقالماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن دىڭدۇڭ ئەپەندىنىڭ «20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى جۇڭگو گېزىت-ژۇرناللىرى» توغرىسىدىكى مۇھاكىمىسىدە شۇنچە كۆپ داڭقى چىقىپ كەتكەن چوڭ گېزىت-ژۇرناللارنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ پەقەت ئۈچ ئايلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان، فېئودال «قانداشلىق نەزەرىيىسى» گە باتۇرلۇق بىلەن دەككە بەرگەنلىكى سەۋەبلىك «مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى» دىكى چې بىنيۈ تەرىپىدىن مەنئىي قىلىنىپ پېچەتلەنگەن «ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت ئىنقىلابى گېزىتى» ناملىق بىر كىچىككىنە گېزىتنى «تولىمۇ شان-شەۋكەتلىك» دەپ ئالىي ھۆرمەت بىلەن تەرىپلىگەنلىكى ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەس (يۈلوۋېن: «مېنىڭ ئائىلەم»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتىنىڭ 2000-يىل ماي نەشرى). ئالىملارنىڭ نەزىرى ئەنە شۇنداق كارامەت بولىدىكەن.

بەزىلەر: بۇلارغا، ئاساسەن گېزىت چىقارغان ئادەملەر جاۋابكار ئەمەس، بەلكى «سىنىپىي كۈرەش» لەرنى كەينى-كەينىدىن قوزغىغان «يۇقىرى» جاۋابكار، دەيدۇ. دەرۋەقە شۇنداق. لېكىن شۇ ئىشلارنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى كېيىنكى

ئەۋلادلار نەدىن بىلسۇن؟! ئۇلارنىڭ كۆرۈدىغىنى «ئىبقى قەغەز، قارىسى سىيا» بولغان دەستە-دەستە گېزىت. ئۇلارنىڭ «تەسىرات»لىرى پەقەت ئەنە شۇ ئۇزۇن ياكى قىسقا ماقالىلار، سۈرەتلەردىن كېلىدۇ. ئەگەر گېزىت بىر نۇسخىلا بولۇپ، مەلۇم بىر كۇتۇپخانىدا ساقلىنىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭدىكى مەزمۇننى ئۆزگەرتىشكە ھېچقانچە كۈچ كەتمەيدۇ. يامان يېرى شۇكى، گېزىت ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ چېتىگىچە، ئۆيمۇ ئۆي تارقالغان، ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېلىش ماھال گەپ.

شۇ 30 يىللىق گېزىتلەر «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئاخباراتچىلىق تارىخى»نى ھەقىقەتەن بىر ئاز خىجالەتكە قالدۇردى. بۇ خىجالەتچىلىك ئۇخشىشىپ كېتىدىغان يەنە بىر ئەھۋالنى ئېسىمىزگە سالىدۇ:

1998-يىلى - مەشھۇر بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 100 يىل بولغان يىل. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى-سىرتىدا شۇنىڭغا بېغىشلاپ نەشر قىلىنغان، ئېلان قىلىنغان كىتاب ۋە خاتىرە ماقالىلار ھەددى-ھېسابسىز كۆپ بولدى. قىزىق يېرى شۇكى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىختا ئۆتكەن مۇدىرلىرىنى قىزغىن ئەسلەپ يېزىلغان ماقالىلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئالدىنقى 50 يىل ئىچىدە ئۆتكەن سەي يۈەنپى، فۇسىنيەن، خۇشى... لار تىلغا ئېلىنىدى. گەرچە بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئۇلار «سىياسىي جەھەتتە توغرا» ئەمەس ئادەملەر بولسىمۇ، كېيىنكى 50 يىلدىن بۇيانقى مۇدىرلار بولسا، گويا كىشىلەر «ئۇنتۇپ قالغان» دەك، ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنىدى. يىراقلاپ كەتكەنلىرى ناھايىتى ئېنىق ئەسلەندى، يېقىندىكىلىرى توغرىسىدا بولسا، ئەكسىچە قىلارغا گەپ تېپىلمىغان. ئەجەبا، بۇ ئەھۋالمۇ «بايان قىلغۇدەك خەيرلىك ئىشلىرى يوق» لىقىدىن بولغاندۇرمۇ؟

---

بۇ مۇھاكىمە «بىللە ئالغا» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 12-سانىدا ئېلان قىلىنغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 3-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

## مايمۇنجان سۇن ۋۇكۇڭنىڭ خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇشى توغرىسىدا قىسسە

**يى بىن**

«مەغرىبتىن بۇددا كالامۇللاسى ئەكېلىش خىزمىتى گورۇپپىسى»دا خەرج - خىراجەت قىس بوپقالغانلىقى، ئاقىنانچى ئادەملەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن يەۋالاي، ئىچىۋالاي دەيدىغان ھادىسە پەيدا بوپتۇ. بۇ ئەھۋال خىزمەت گورۇپپىسىنى يول بويى كۇتۇۋالغان ئەللەرنى نارازى قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت گورۇپپىسىدىكى ئادەملەردىن بىرىنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇشقا توغرا كەپقاپتۇ.

كىمنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇش كېرەك؟

كىمنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا خىزمەت گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى تاڭ سامگاھى - تاڭ سىڭ (تەرجىماندىن ئىزاھات: سامگاھ دېگەن سۆز «راھىب» دېگەن سۆزنىڭ بۇددا تىلىدىكى ئەسلى ئاتىلىشى، دىنىي خىزمەتتە تائەت - ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى ۋە باشقا ئىشلارنى باشقۇرغۇچى) تولا باش قاتۇرۇپ، نەچچە كېچە كىرپىك قاقماپتۇ.

تاڭ (خاندانلىقى) سامگاھى ھەممىدىن ئاۋۋال ئاق بوز ئاتنى كۆز ئالدىغا ئەكەپتۇ، لېكىن يەنە دەرھال يالتىيىپتۇ. ئاق بوز ئات ئەسلىدە شەرقىي دېڭىز پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئىكەن، پادىشاھ بەزى گەپ-سۆزدىن قاچۇرۇپ، ئۇنى مۇشۇ گورۇپپىدا ئىشلىسۇن، دەپ ئەۋەتكەنىكەن. شەرقىي دېڭىز پادىشاھى پۈتكۈل مەملىكەتتىكى سۇ دىيارىنى باشقۇرۇدىغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ رەنجىتكىلى بولسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق بوز ئات خىزمىتىدىن قالدۇرۇلسا، نېمىنى مىنىمەن؟ ھازىر مەغرىبكە كېتىۋاتىمىز، بۇ تۈگىمەس يولنى ئۆز ئايىغىم بىلەن مېڭىپ قانداقمۇ چىدارمەن؟ گېزىتتە مەلۇم بىر ئەمەلدارنىڭ ئىشخانىدىن مېھمانخانىغا ئاران 100 مېتىر كەلسىمۇ، پىكاپ بىلەن بېرىپ-كېلىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. مەن ئەمىلىم كىچىك بولسىمۇ، باشقارما باشلىقى دەرىجىسىگە توغرا كېلىمەن، يەنە تېخى تاڭ رەئىس جۇمھۇرنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى، رىۋنزورمەن. مېنىڭ ئاتلىق يول يۈرگىنىممۇ خىزمەتتە پاك-ئىنسابلىق بولغانلىقىم.

خىزمىتىدىن قالدۇرۇشقا ئاق بوز ئات توغرا كەلمەپتۇ.

ئۇنداقتا، ئۈچىنچى شاگىرتىم شامانار اكا - شاسىڭچۇ؟ (تەرجىماندىن ئىزاھات: شامانار اكا - بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، ئىستىقامەت قىلغۇچى دېگەن مەنادا قوللىنىلىدۇ) ئۇ، كۈچ-قۇۋۋەت، ئىستىقامەت، ئىخلاس جەھەتتە باشقا ئىككى بۇرادىرىگە يېتەلمەيدۇ، لېكىن غەزىنەت قىلماي، زارلانماي، قاقشىماي باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدۇ. ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭدەك قۇلىقى يۇمشاق، گەپ ئاڭلايدىغان خادىم ئاز قالدى. ئۇ، خىزمىتىدىن قالسا، ئەپكەش كۆتۈرۈدىغان ئىشنى كىم قىلىدۇ؟

مايمۇنجان - سۇن ۋۇكۇڭ تەنتەك، ھولۇلۇپ، ئۆزىنى ناھايىتى ئۈستۈن چاغلايدۇ، ھاكاۋۇر.

پەرھىزكار چوشقىباي سىلاۋنايا - جۇباجېي (تەرجىماندىن ئىزاھات: سىلاۋنايا - بۇددا ئاتالغۇسى، سەككىز ئىشتا يەنى جانلىقلارغا زۇلۇم قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ھارامخورلۇق قىلماسلىق دېگەندەك سەككىز پەرھىزگە ئەمەل قىلغۇچى دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ) بولسا، گېلىغا ئامراق، ئاچكۆز، قاشاڭ، ھورۇن.

يەنە شۇ ئىستىقامەتچى شامانار اكا جانغا ئەسقاتىدىكەن. بۇ مەغرىب سەپىرىدە شامال تېگىپ زۇكام-پۇكام بوپقالسام، سۇ توشۇپ چاي-پاي قايناتىدىغان، ئاش-تاماق ئېتىدىغان، كىر-قات يۇيىدىغان ئادەم بولمىسا بولماس؟

خىزمىتىدىن قالدۇرۇش ھۆججىتىدىكى شەرتلەرگە قارىغاندا، ئىككىنچى شاگىرت، پەرھىزكار چوشقىباي سىلاۋنايانى خىزمىتىدىن قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق خادىملارنى قىسقارتىش

توفرىسىدىكى خەۋەر تارقىلىشى بىلەنلا ئۇ چوشقىباي كاتتا ھاي قىيىن ئاتىسى، مۇشاۋىر خوجامنى ماڭدۇرۇپ، بىر تال ئالتۇن زەنجىر، ئۈچ دانە گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكنى يارىشىق، دەپ ئەۋەتىپتۇ. ھەيي . . . باشقىلار سوڭگۇتقان يارىشىقنى ئالغان ئادەمنىڭ تىلى تۇتۇق بولىدىكەن. شۇنداق تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ خىزمىتىدىن قالدۇرغىلى بولسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چوشقىباي قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىغان ئادەممۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئاغزىدا گېپى بار، خۇشامەتچىلىكنى قاملاشتۇرالايدۇ. ئىنساب بىلەن گەپ قىلسام، چوشقىباينىڭ بەزى گەپلىرىنى ئاڭلىسام، ھەقىقەتەن كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىدىغان مەغرىب سەپىرىدە شۇ چوشقىباي بولسىلا كۈلكە-پاراڭ كەم بولمايدۇ.

بۇلار خىزمىتىدىن قالدۇرۇشقا توغرا كەلمەيدىكەن. چوڭ شاگىرت مايمۇنجان — سۇن ۋۇكۇڭنى ئىشتىن ھەيدەش كېرەك بولدىمۇ؟ مايمۇنجان زېرەك مۇھاپىزەتچى، ئۇنىڭ ماھارىتى ئۈستۈن. بىراق ھازىر ھەممىمىز قانۇن-تۈزۈملۈك جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز، ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ كاتتا سامگاھىنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى دۆلەتنىڭ قايسىبىرىدە ساقچى ماشىنىلىرى يول بوشاتمىسۇن، ھەربىي ئەترەتلىرى چاجان قىلىپ، قوغداپ ماڭمىسۇن؟ ئوغرى-قاراقچى دېگەن نېمىلەر شەپىمىزنى ئاڭلا-ئاڭلىمايلا قۇيرۇقىنى خادا قىلىۋاتسا، مايمۇنجانغا خەۋىپلىك چاغدا كارامىتىنى كۆرسىتىدىغانغا نەدىمۇ پۇرسەت چىقار؟ ھە، تېخى سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن بۇ بىرنېمە ئۆزىنىڭ رەھبەرلىرىنى كۆزىگە ئىلمايدۇ، خالىغىنىنى قىلىدۇ، تەنتەك. ئۇنىڭ نەزىرىدە تەشكىل-پەشكىل، ئىنتىزام-پىنتىزام دەيدىغان نەرسە يوق؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرشنىڭ شاپتۇلىنى ئوغرىلاپ يېگەن، ئەرشنى مالىماتاڭ قىلغان شالتاقلىرى بار. ھەقىقەتچى تاتاگاتا (بۇددا ئەۋلىياسى بولغان ساكيامۇنىنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەقىقەتچى، ھەق دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. — تەرجىمان ئىزاھى)، ئەرش شاھىنشاھى، شەپقەتلىك ئاۋالوكىتېسۋارا بۇۋۋىم، ھۇر-پەرى ۋاڭمۇ ئانىملارنىمۇ رەنجىتكەنىكەن. مانا شۇنداق قەرەللىك پارتلايدىغان بومبىنى ئۆز يېنىمدا ساقلىسام، دائىم شۇنداق تۇرۇۋەرسە، يۇقىرىدىكى رەھبەرلەر ماڭا ئۆچ بوپقالماسمۇ؟ بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈپ يۈرمەي، بۇ بالاخورنى دەرھال كۆزۈمدىن يوقىتاي! . . .

ئىككىنچى كۈنى، مايمۇنجان پاسىق سۆڭەك ئالۋاستىغا ئۈچىنچى قېتىم زەربە بېرىۋاتقاندا، تاڭ سامگاھى ئۇنى پۇقرانى خاتا زەخىملەندۈردى، دېگەن باھانە بىلەن ئىشتىن بوشىتىپتۇ.

تاڭ سامگاھى مەغرىب سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ئاستىدا ئاق بوز ئات، سول تەرىپىدە خۇشامەتگوي، ياغلامچى چوشقىباي، ئوڭ تەرىپىدە ئىستىقامەتچى، ئەپكەش كۆتۈرگەن شامانارا. بۇلار ماڭا-ماڭا قايسىبىر دۆلەتكە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ ھاۋاسى، ئادەملىرى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھلىقىدىن پەرقلەنمەيدىكەن، شۇڭا ئۇلار ئۆزيۇرتىغا كەپقالغاندەك بوپتۇ.

شۇ دۆلەتنىڭ مېھمان كۈتۈش باشقارمىسى تاڭ راھىبى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. شىم-كاستۇملىرىنى قاتۇرۇپ دەزماللىغان، بەتىنكىلىرىنى ۋالىلدىتىپ مايلىغان، سالاپەتلىك بىرنەچچە بادالڭ قورساق ئادەم ئىككى ياندا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

زىياپەت ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا:

— تاڭ سامگاھىنىڭ گۆشى داستىخانغا كەلتۈرۈلسۇن! — دېگەن قەھىرلىك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

قارىسا ھېلىقى بادالڭ قورساق بورداقلارنىڭ بىرسى توۋلىغانىكەن. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان تاڭ سامگاھىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئەزايى-بەدىنى تەرگە چۆمۈپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بەستلىك ئىككى ئادەم دۈپۈلدەپ كېلىپ، ئۇنى شىللىسىدىن قاماللاپ بېسىپتۇ. ئۇ:

— سىلەر . . . بۇ . . . سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار . . . — دەپتۇ تىترەپ تۇرۇپ دۇدۇقلاپ.

— بىز بىرۋاقلىق تامىقىمىزدا بىر كالىنى يەۋېتىمىز، — دەپتۇ ھېلىقى بورداق قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئاسماندا ئۇچىدىغان، يەردە ماڭىدىغان، سۇدا ئۈزىدىغان، توپا ئىچىدىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنى، دۆلەت قوغدايدىغان ھايۋاناتلاردىن ھەرقانداقى بولسىمۇ مەيلى ھەممىسىنى يەۋېرىمىز! سەن يىراق يەردىن كەلگەن راھىبكەنسەن، سېنى يەۋەتسەك تېخى ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرىدىكەنمىز. ئۇخلىغاندا چۈشىمىزدىنمۇ چىقمايدىغان ئارزۇيىمىزدەك ئىش بولۇۋاتىدۇ، سېنى يېيىشكە نېمىدەپ پېتىنالمايدىكەنمىز؟

سورۇندىكى ھەممە ئادەم قىقاس كۆتۈرۈپ كۈلۈشۈپتۇ:

— بۇنىڭ گۆشىدىن قورۇما قىلايلى، ياغدا پىشۇرۇپ يەيلى، دۇملىمە قىلايلى، ھورداپ پىشۇرايلى . . .

— تاڭ سامگاھى زىياپىتىگە داخىل بولىدىغان بولدۇق.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، پوكانچىغا ئوخشايدىغان بىرنەچچە ئادەم ھە-ھۇ دەپ توۋلىغىنىچە پىچاقلىرىنى تەڭلەپ كەپتۇ.

دەل شۇ چاغدا:

— ھاي! — دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ.

سورۇن سۈكۈتكە چۆمۈپتۇ. تاڭ سامگاھى كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، شەپقەتچى بۇۋۋىم كەلگەنىكەن. تاڭ سامگاھى دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تەزىم بىلەن تەشەككۈر ئېيتىپتۇ. ئاخىرىدا يىلىنىپ:

— ئالدىنقى كۈنى خاتالىشىپ، مايمۇنجاننى ئىشتىن بوشىتىپ ساپتىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بېشىمغا مانا بۇ بالا-قازا كەلدى. ئەگەر مايمۇنجان بۇ يەردە بولغان بولسا، بۇ بالا-قازا كەلمىگەن بولاتتى. بۇۋۋىم، شەپقەت قىلسىلا، مايمۇنجان ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ئىشلەۋەرسۇن، — دەپتۇ.

— ئۇ تەنتەك مايمۇننى ھەيدىۋەتكەنىكەنسىز، بوپتۇ، كېتىۋەرسۇن، سىزگە باشقا بىر يېڭى شاگىرت تېپىپ بەرسەم قانداق، — دەپتۇ شەپقەتچى بۇۋۋىم.

— كىم ئىكەن ئۇ، — دەپ دەرھال سوراپتۇ تاڭ سامگاھى.

— ئەنە، ئاۋۇ كىشى، — دەپ شەپقەتچى بۇۋۋىم بىر بورداقنى كۆرسىتىپتۇ.

تاڭ سامگاھىنىڭ جان-پېنى چىقىپتۇ:

— ھە؟! شۇ ئادەم . . . ئۇ قانداق بولغىنى؟ . . . جىن — ئالۋاستىلارنى، دېۋىلەرنى بويسۇندۇرالارمۇ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دەپتۇ شەيقەتچى بۇۋىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر تۇركۇم ئادەم دۆلەتنىڭ بەش مىليارد يۈەن پۇلىنى بىر يىلدىلا يالاپ-يۇتۇۋەتكەن تۇرسا، چاغلىق بىر نەچچە ئالۋاستىنى هام دەپلا يەپ قويىدۇ. بۇنداق ماھارەت تەنتەك مايمۇندىمۇ يوق. خاتىرجەم بولۇڭ.

تاڭ سامگاھى بۇ گەپكە ئىتائەت قىلىپ، ھېلىقى بورداقنى چوڭ شاگىرتلىققا قوبۇل قىپتۇ.

ئۇ بورداقنىڭ قالتىس ئىكەنلىكىنى كىم ئويلىسۇن، ئۇ يول بويى «پۇپ» دېمەي يەۋېرىپتۇ، جىن-ئالۋاستىلارنى يەپ، جىنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويۇپتۇ، تاڭ سامگاھىنىمۇ تىنچ-ئامان مەغرىبكە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

كېيىن ئاڭلىساق، ھەقىقەتچى ئىگەم ئاتاگاتا ھېلىقى بورداقنى كۆرۈپ ئۆكۈپتۇ، مۇشۇنداق پاك بۇددا دىيارىغا بۇنداق ئادەم قانداق قىلىپ كەپقالغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ ئۇنى ئەپلەپ-سەپلەپ يولغا سېلىۋېتىپتۇ، شەيقەتچى بۇۋىمنىڭ تەكشۈرمەي ئادەم ئىشلەتكەن خاتالىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىر چوڭ گۇناھ پۈتۈپتۇ. بۇلار كېيىنكى گەپلەر ئىكەن.

«فېلىيەتون گېزىتى» 2000-يىل 14-ئىيۇن سانىدىن

# پەرھىزكار چوشقبايىنىڭ مەنسەپكە كۆتۈرۈلىشى توغرىسىدا قىسسە

## لى زىيۈەن

مەغرىبكە بېرىپ بۇددا «كالامۇللاسى» نى ئەكېلىش يولىدىكى چىرايلىق مەنزىرىلىك يەرلەر غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنىڭ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىشى بىلەن پەيزىلىك ساياھەتگاھلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇمۇناسىۋەت بىلەن مەغرىبتىن «كالامۇللا ئەكەلدۈرۈش ئىدارىسى» نىڭ خىزمەت كۆلىمىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرش پادىشاھى مەغرىبتىن كالامۇللا ئەكەلدۈرۈش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يەنە بىر مۇئاۋىن باشلىق قويۇلسۇن ، دەپ ئەمر-پەرمان چۈشۈرۈپتۇ ۋە بۇنىڭغا لايىق ئادەم تاللاشنى شۇ ئىدارىنىڭ باشلىقى بولغان تاڭ (سۇلالىسىنىڭ) سامگاھى (يەنى راھىبى) غا تاپشۇرۇپتۇ.

تاڭ سامگاھى - تاڭ سىڭ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن خۇشھال بوپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن غەمگە پېتىپ قاپتۇ. مۇئاۋىن قوشۇلغىنى ياخشى ئىش، بۇ ئىش ئەلۋەتتە كىشىنى خۇشھال قىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا كىمنى كۆرسىتىش كېرەك؟ بۇنىڭغا باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تاڭ سامگاھى ئۆزىنىڭ ئىلكىدىكى بىر نەچچە ئادەمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ، ئۇلار كالامۇللانى ئەكېلىش جەريانىدا ئۇبدان مۇھاپىزەتچىلىك قىلغان ئادەملەر ئىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ قايسىسىنى تاللاش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەي، رەھبەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. بولۇپمۇ ئۆزىگە مۇئاۋىن تاللاش تولىمۇ مۇھىم ئىش ئىكەن، چۈنكى ئۆزىگە ئۇبدان ماسلىشالايدىغان ئادەمنى تاللاش كېرەكتە.

مايمۇنجان سۇن ۋۇكۇڭ يارارمۇ؟ قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىنى دېسەم، ئۇ مايمۇنجان ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. لېكىن ئىككى چوڭ ئەيىبى بار: بىرى، ئۇ ئۇلۇغلارنى، كاتتا تۆرە-بەگلەرنى كۆزىگە ئىلمايدۇ، ھەتتا شاھىنشاھ ئالدىدىمۇ غادىيىپ تۇرىدۇ، «سالام - تەزىم» نىمۇ، «ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت» دېيىشنىمۇ بىلمەيدۇ؛ تېخىمۇ تاپتىن چىقىپ كەتكەن يېرى شۇكى، بۇددا ئانامنى «ئۆمرۈڭ تۇللۇقتا ئۆتكەيسەن!» دەپ تىللىغانىكەن؛ مېنى تېخىمۇ كۆزىگە ئىلمايدۇ. ئىككىنچىدىن، تەنتەك. ھەرقانداق ئىشتا قارامىلىق قىلىدۇ، جىن-ئېزىتقۇلار قولىغا چۈشۈپ قالسا ئاياپ قويمايدۇ، ئەرش رەھبەرلىرى ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ تولىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپتۇ، راھىبلارنىمۇ رەنجىتىپتۇ، بۇتلارنىمۇ رەنجىتىپتۇ، شۇڭا مەن ئۇستازى بولۇش سۈپىتىم بىلەن رەھبەرلەر ئالدىدا تىلىم قىسىلىپ تۇرۇپتىمەن. بۇنداق ئادەملەرنى قورال-سايمان ئورنىدا ئىشلەتسە بولار، رەھبەر قىلىشقا بولمايدۇ.

شامانارا كا - شاسىڭ قانداق؟ ئۇ تېخىمۇ يارىمايدۇ. ئۇ ئىشنى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدۇ، يەتكۈزگەن خىزمىتى، تۆھپىسىمۇ بار، ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى. بىراق ئۇ ئارقا سەپتىن تەمىنلەش ئىشى بىلەنلا شۇغۇللىنىدۇ، خىزمەت دائىرىسى تار، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېتىلىق يارىتىش ئېڭى كەم، پالاقلاپ يۈرۈپ كالىدەك ئىشلەشنىلا بىلىدۇ، يەنە كېلىپ تولىمۇ گول، گالۋاڭ؛ جانلىق ئىشلەشنى بىلمەيدۇ.

مۇنداق قارىغاندا، چوشقا تۇمشۇق پەرھىزكار جۇباجىيى بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ گېلىغا ئامراق، ئويقۇچان، شەھۋەتپەرەس بولسىمۇ، بەزىدە يانپېشىغا ئۇرۇپلا يالغان سۆزلەيدىغان، مەمەدانلىق بىلەن گەپ يورغىلىتىدىغان قىلىقى بولسىمۇ، نامى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن ياخشى تەرەپلىرىمۇ يوق ئەمەس. بىرىنچىدىن، رەھبەرلىك بىلەن بىرلىكنى ساقلاشقا ماھىر، مەن نېمىدېسەم، ئۇ ھەم شۇ دەيدۇ ۋە قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىدۇ؛ ئۇ مەن بىلەن پىچىرلىشالايدۇ، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ تۇرىدۇ؛ رەھبەرلەرنىڭ غېمىنى يەيدۇ. مېنى بىرقانچە قېتىم سەيلىگاھقا تەكلىپ قىلىپ ئاپاردى، يېمەك-ئىچمەكنى، ياتاق خىراجەتلىرىمنى كۆتۈردى، ئويناتتى؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە قىممەت باھالىق بىر نەرسىلەرنى سوۋغا-سالاملىق قىلىپمۇ بەردى. مەن ئۇنى ئىچ-ئىچىمدىن «ئۆز ئادەم» دەپ قارايمەن. ئىككىنچىدىن، ئۇ گەپكە ئۇستا ، ئاقنى قارا دېيەلەيدۇ، يالغاننى راستقا، خاتانى توغرىغا چىقىرالايدۇ. ئۇ، گەپ بىلەن كۆڭۈلنى ئېلىشتا، شىلامچىلىقتا خېشىندىن قېلىشمايدۇ (خېشېن - مىلادى 1750-، 1799-يىللىرى پادىشاھ چيەنلۇڭ دەۋرىدە ياساۋۇللۇق دەرىجىسىدىن ھەربىي ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن مەنسەپدار، مانجۇ مىللىتىدىن. ئۇ كاتتا مەنسەپتە تۇرغان 20 نەچچە يىل ئىچىدە پادىشاھنىڭ دالدىسىدا ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ، پارا ئېلىپ، خىيانەت قىلىپ، زالىملىقتا چېكىگە يەتكەن. ئاخىرى 20 تۈرلۈك جىنايەت بويىنىغا

چۈشۈپ، بارلىق مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش جازاسىغا مەھكۇم بولغان. خەنزۇچە «سۆز ئوكيانى» ناملىق لۇغەتنىڭ 1740-بېتىگە قاراڭ. — تەرجىماندىن ئىزاھات). مانا بۇ تەرىپى ناھايىتى مۇھىم، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئادەم ئاز تېپىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ بالا قورساق. ئۇ، قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ئەتىگەنلىك چايدىلا بىرەر يۈز توقاچنى گەپ يوق سوقۇۋېتىدىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇنى باقمىقى ھەرھالدا قىيىن. لېكىن مەن بار يەردە يېمەك-ئىچمەكنى ھۆكۈمەتتىن بولغاچقا، يېمەك-ئىچمەكنى كۆتۈرەلمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس. بەزى سورۇندا مېنىڭ ئېغىرچىلىقىمنى كۆتۈرۈپ كېتەلەيدۇ. تۆتىنچىدىن، ئۇ قوپال، دەلتىرەك، خاپاڭ كاللا، گومۇش؛ قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدۇ. لېكىن دىئالېكتىك قارىساق، بۇلار ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدىن ماڭا يامانلىق كەلمەيدۇ، مۇئاۋىنى بىرىنچى باشلىقنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان پاجىئە تۇغۇلۇشتىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ۋەھاكازا. بولدى، شۇنى تاللىغىنىم تاللىغان. مەن شۇ پەرھىزكارنىڭ ئۈستىدىكى باشلىق بولغاچقا، مېنىڭ تاللىغىنىم ھەرھالدا ماقۇل كۆرۈلۈپ قالار.

دەرۋەقە، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا پەرھىزكارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە يۇقىرىدىن ئادەم كەپتۇ. ئىدارىدىكىلەرنىڭ تولىسى پەرھىزكارنى يارىمايدۇ، دەپ باش چايقىغان بولسىمۇ، تاڭ سامگاھنىڭ پىكرى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىپتۇ. يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرش شاھىنشاھى ھوزۇرىدا ئېچىلغان بىر مەجلىستە پەرھىزكارنى ۋەزىپىگە قويۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، «ئازسانلىق ئادەم كۆپ سانلىق ئادەملەرنىڭ پىكرىگە بويسۇنىدۇ» دەيدىغان پرىنسىپ بولسىمۇ، مەجلىسكە قاتناشقان كۆپ سانلىق رەھبەرلەر ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ پىكرىنى ماقۇللاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھىنشاھ: پەرھىزكار مەغرىبتىن كالامۇللا ئەكېلىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

پەرھىزكار خىزمەتكە تەيىنلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي تاڭ سامگاھى ئىلگىرى بارغان يەرلىرىنى — ھىندىستاننى قايتا ساياھەت قىلىپ كېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. پەرھىزكار ئۇنىڭ قىلغان شەپقەتلىرىگە تەشەككۈر بىلدۈرمەكچى بولۇپ: ئۇستازىم، سەپەرلىرىڭىزنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ئەزىم دەرياغا بالدۇرراق بىر ھەسەن-ھۈسەن كۆۋرۈكى سالدۇرۇش خىيالىم بار، دەپتۇ ۋە بۇ ئىشنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولۇشنى ئۆز زىممىسىگە ئاپتۇ. كۆۋرۈكنى قۇرۇش ئىشى ناھايىتى تېز بوپتۇ، شۇنداق چوڭ بىر كۆۋرۈك ئون نەچچە كۈن ئىچىدىلا پۈتۈپتۇ. تاڭ سامگاھى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، شاگىرتلىرى بىلەن بىللە يولغا چىقىپتۇ. نەدىمۇ خىيالىغا كەچسۇن، ئەزىم دەريا بويىغا بېرىپ، كۆۋرۈككە ئاياغ باساي دەپ تۇرغاندا، كۆۋرۈك «گۈلدۈر-قاراس» قىلىپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. تاڭ سامگاھى: «ئامىتابا!» دەپ دىمىنى ئىچىگە تارتىپتۇ. بۇ ۋەقە ئەرشتىكىلەرنى چۆچۈتۈپتۇ. ئۇ يەردىن ئەۋەتىلگەن ئادەملەر ئەھۋالنى تەكشۈرۈپتۇ. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، كۆۋرۈك قولنىڭ ئۇچىدا ئەپلەپ-سەپلەپ سېلىنغاچقا 30 ئادەم ئۆلۈپتۇ، 40 ئادەم زەخىملىنىپتۇ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 15 مىليون يۈەنگە يېتىپتۇ. بۇ ۋەقەنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار ئىكەن: بىرى، پەرھىزكار رەھبەرگە خۇشامەت قىلىمەن، دەپ قۇرۇلۇشنى سۈپەتكە قارىماي ئالدىراتقانىكەن؛ يەنە بىرى، پەرھىزكار قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇندىن ئىككى يېرىم مىليون يۈەن پارا ئالغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەككىز نەپەر سەتەڭ قىز-چوكان ئۇنى كېچە-كۈندۈز كۈتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش قىلغۇچىلار قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپتۇ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئوغرىلاپتۇ، يارىماس ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپتۇ. بۇنىڭغا قانداق چارە كۆرۈلۈشى، جاۋابكارلىق قايسى دەرىجىدىك ئادەملەرگىچە سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلىقى كېيىنگە قاپتۇ. شامانار اكا، مايمۇنجانلار تۆت كۆز بولۇپ قاراپ قاپتۇ.

بۇ ساتىرا «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2000-يىل 23-مارت سانىغا بېسىلغان.

## كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟

چېن چىڭ

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، «پۇلغا تويماس» بەدنىيەت، نائىنساب شۈي بىنسۇڭنىڭ: بىر نەچچە مويەرنى تەجرىبە ئېتىزى قىلىپ ئىشلەپ، شۇ يول بىلەن خەلق ئالدىدىكى گۇناھىمنى يۇسام دەيمەن، دېگەن «مەشھۇر سۆزى» بار ئىكەن. بۇ سۆز ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، بۇنى دورىغان خىيانەتچىلەر خېلى كۆپ بولدى. ئۇلار كۆزلىرىدىن ياش، بۇرنىدىن ماڭقىلىرىنى ئېقىتىپ يىغلاپ تۇرۇپ توۋا قىلغان چاغلىرىدا: تۈرمىگە قامىلىشتىن، بېشىم كېتىشتىن ئامان قالىدىغانلا بولسام، دېھقان بوپكېتىشكە رازىمەن، دەپ تەشكىلگە يېلىنغان.

بىر چاغلاردا «ئادەملەرنىڭ بېشىدا تۇرىدىغان ئادەم» بولۇپ يۈرگەن شۇ ئادەملەرگە «چىن دىل بىلەن، سەمىمىي ھالدا» شۇنداق توۋا قىلدى، دەپ ھازىرچە ئىشىنىپمۇ تۇرايلى. لېكىن يەنە شۇنداقلا ئويلاپ، خىيانەتچى ئەمەلدارنى دېھقان بىلەن بىر قاتارغا قويساق، دېھقانىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن بولماسمىزمۇ؟ «كەتمەن چېپىپ گۇناھىمنى يۇيۇش» دېگەن گەپنى قايتا-قايتا چوڭقۇر ئويلاپ قارايدىغان بولساق، بۇ گەپتىن «بۆلەكچىلا» بىر مەنا چىقىپلا تۇرىدۇ.

شۈي بىنسۇڭ بىر دائىرىدە كاتتا ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا، «ئەمەلدار بولۇپ تۇرۇقلۇق خەلققە ئاتىدارچىلىق قىلمىغاندىن كۆرە، ئۆيىگە قايتىپ كەتمىنىنى چاپقان ياخشى» دەيدىغان گەپلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بولغىيتتى؟! مۇئاۋىن رەئىسلىك تەختىدىن موللاقلاپ ھەپسى (تۈرمە) گە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن «ئېتىزغا تەرلىرىنى تۆكۈپ ئىشلەيدۇ» غان دېھقان بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ قاپتۇمىش. ئىنتىزام، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئىدارىلار ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزەرمۇ؟

www.uyghurkitap.com

دېھقانلار ماقۇل دەرمۇ، بۇ باشقا گەپ. كەتمەن چېپىشنى گۇناھىنى يۇيۇش بىلەن بىر قاتاردا قويۇدىغان ، دېھقاننى قاماققا چۈشكەن مەھبۇستىن پەقەت بىر دەرىجىلا «يۇقىرى» تۇرغان پارىخور ـ خىيانەتچى ئەمەلدار قاتارىغا قويۇدىغان مەنتىقە قانداقلا بولمىسۇن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاز-تولا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگودا دېھقانلارنىڭ ھەقىقىي ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تىرىكچىلىك ئەھۋالىنى ئەنە شۇنىڭدىن بىلگىلى بولمامدۇ؟

مېنىڭ ئاتا-بوۋام ئەزەلدىن كەتمەن چېپىپ، ئىتىز-ئېرىق بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن. ئانامنىڭ: ئامال قىل، تىرىشىپ ئوقۇ، ھەرگىزمۇ «تومپاي دېھقان» بوپقالما، دەپ پەندى-نەسىھەت بىلەن بەرگەن تەربىيىسى ھازىرمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. مېھرىبان ئانامنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى پەسلەشتۈرۈدىغان شۇ سۆزلىرىنىڭ تېگىدىكى دەرد-ئەلەملەرنى شۇ چاغلاردا چوڭقۇر چۈشەنمەپتىكەنمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇشقا ئانچە كۆڭۈل قويماپتىمەن، ئاقىۋەتتە ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدىن ـ بىلىسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەلمەي، ئاخىر دېھقانچىلىق قىلغاچ مۇشكۇل رېئاللىقتىن قايتا تەربىيە ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. قەددى-قامىتىم رۇسلىنىپ، شەھەرلىك بولۇش ئارمىنىمغا يەتكىچە توپتوغرا 11 يىللىق نەۋقىران ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتتى.

دەرد-ھەسرەتنىڭ تەمىنى تېتىپ-بىلگەن گۈنكى كۈندە ئەمدى ئانامنىڭ پەندى-نەسىھەترىنىڭ قەدرىنى بىلىۋاتىمەن: دېھقان بولماق تەس كەن!

ئەمەلدار پۇقرادىن چىقىدۇ، پۇقرا تۇپراقتىن چىقىدۇ. تۇپراقتىن ـ يەردىن ئۈندۈرۈۋېلىنغان نەرسىلەر يىلدىن يىلغا ئەرزانلىشىپ ـ كاساتلىشىپ بارماقتا. بۇ يىل يېزىدا ئاشلىقنىڭ باھاسى 50 كىلوگىرام ھېسابى بويىچە 35 يۈەنگە چۈشۈپ قېلىپ، تارىختىكى ئەڭ تۆۋەن ھالغا كەپقالدى. بىر مو يەردىن ئالغان ھوسۇل كۆپ دېگەندە 600 يۈەنگە يەتمەيدۇ. يۇقىرىغا تەخمىنەن 200 يۈەنچە ھەق تاپشۇرغاندىن ۋە سەرپ قىلىنغان دەسمايىنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئاساسەن قالىدىغىنى : زىيان! «جان تومۇر» قورساقنى باقالمىغانىكەن، دېھقان ئاز-تولا يۇل تېپىپ جان بېقىش ئۈچۈن بالا-چاقىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، يۇرتمۇ يۇرت سەرسان بولۇپ مەدىكارلىق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرۇپتۇ: شەھەردە قەيەردە مەينەت، ئېغىر ئىش بولسا، شۇ يەردە جاپا چېكىپ ئىشلەۋاتقان دېھقان ئىشچى بار؛ 40 نەچچە گرادۇسلۇق ئىسسىقتا ، ئوتتەك كۆيدۈرۈپ تۇرغان پىژ-پىژ ئاپتاپتا يالاڭ تۆش بولۇپ ئېرىق ـ چۈنەك قېزىۋاتقانلارمۇ دېھقان. ئوخشاشلا ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغان، ئوخشاش قېنى، جېنى بار ئادەملەر يەنە تېخى ئۇلارنى تۆپىدىن زىخلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار كوچەپ ئىشلەش ئارىلىقىدا يول بويىدا بىردەم ئارام ئېلىپ سايىداپ قالسا ، يەنە بەزىلەر تېخى ئۇلارنى مەدەنىيەتسىز، دەپ ئەيىبلەيدۇ. قورساقنى ئاز-تولا بېقىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالمايۋاتقان ئادەم قانداقمۇ سۆلەت-سالاپەت پەيدا قىلالىسۇن؟! بەزىلەر: «ئولتۇراق جايلىرىمىز خاتىرجەم ئەمەس، دېھقانغا ئوخشايدىغان بىرنەچچە ئادەم يورغىلاپ يۈرگەندەك قىلىدۇ. . . » دەيدۇ. بالا-ۋاقىسىدىن، ئىسسىق ماكانىدىن رىشتىنى ئۈزەلمەيدىغان بىچارە دېھقان موھتاجلىقتا ئىلاجىسىز بوپقالمىسا، ياقا يۇرتلارغا بېرىپ خورلىنىپ يۈرۈشنى خالامدۇ؟ دەسلەپكى چاغلاردا ياقا يۇرتلارغا بارغان دېھقانلار «ئاقئۇنلار» دەپ ئاتالغان؛ بۇ ئات سەرگەرداندىن «لۈكچەك» دېگەن سۆزگە يېقىنلا مەنىنى ئاڭلىتاتتى. ھازىر بولسا ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە يۇقىرىلىتىپ «خەلق ئىشچىسى» دەپ، ئازغىنە بولسىمۇ «ئىشچى» دېگەن شەرەپ بېرىلىۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ دېھقانغا نىسبەتەن تەگ-تېگىدىن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن كەمسىتىشلەر زادىلا ئۆزگەرگىنى يوق. مەسىلەن، «قونداقنى بىكارلاپ قۇشنى يەڭگۈشلەپ»، خىزمەتتىن قالدۇرۇلغانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھەممىدىن ئاۋۋال پەشۋا يەۋاتقىنى يەنە شۇ دېھقانلار. چۈنكى دېھقانلار شەھەرلىكلەرنىڭ رىزقىغا زوڭ ئولتۇرماسلىقى كېرەكمىش؛ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىش لازىممىش. دېمەك دېھقانلار جىسمانىي ئەمگەكچىلىك ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىدىنمۇ مەھرۇم بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان.

دېھقانلارنى كېسەل بوپقېلىشتىن، قېرىلىق يېتىشتىن خۇدا ساقلىغاي. دېھقانلارغا نىسبەتەن تېببىي داۋالىنىش كاپالىتى دېگەن گەپ يوق، پېنسىيىگە چىقىش دېگەن سۆز يوق. ئۇلار ئاغرىقنىڭ دەردىنى كۆتۈرەلمەيدۇ، كېسەل بولۇپلا قالسا خانىۋەيران بوپكېتىدۇ، شۇڭا ئۆمۈر بويى خۇدادىن ساغلاملىق تىلەپ ياشايدۇ. ھاياتلا بولىدىكەن، قولى ئىشتىن توختىمايدۇ، ھەتتا قېرىپ قالغان بولسىمۇ، كۆزى يۇمۇلمىسىلا ھايات ئۈچۈن قان-تەر تۆكمىسە، ئۇنى باقىدىغان ئورگان يوق.

دېھقاننىڭ ئاشلىق تاپشۇرۇش-باج تۆلەش مەجبۇرىيىتى بار، باج تۆلىگۈچى سۈپىتىدە دۆلەتتىن ياردەم ئېلىش، دۆلەتنى ئىمىش لاياقىتى يوق. شۇنىڭدەك دېھقان پەرزەنتى بولغانلار ئالاھىدە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا مەجبۇر؛ شۇ پۇل گويا خېمىرگە سەپكەن قۇيغۇنچىلىك ئاز بولسىمۇ، تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر. ئۇنى قولغا كەلتۈرمىسە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋە ئېغىر كۈنلەر ئاياغلىشىپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، «مائارىپ كەسپىي ئىگىلىككە ئايلانغان» دا بىر ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ چىقىمى ئون مىڭ يۈەنلەپ ئىشۋاتقاندا، بۇ خىراجەتكە كاتەكتىكى توخۇ، ئېتىزدىكى زىرائەت چىقىش قىلالامدۇ؟ خېنەن ئۆلكىسىدە ئالىي مەكتەپكە كىرگەن بىر قىز ئۆزىنىڭ قىزلىق باھارىنى يۇقىرى باھادا نىسيە قىلىپ سېتىش توغرىسىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېلان چىقارغانىدى، ئېلان چىقارغىنىغا نەپرەتلىك سادا بىلەن كۆمۈلۈپ كەتتى، لېكىن شۇ ئاجىز بىچارىنىڭ ھالىغا ۋاي دەيدىغانلار تولىمۇ ئاز چىقتى. بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىز دۇنيا؟! يار-يۆلەكى يوق دېھقان قىزى تەڭقىسلىقتا ئۆزىنىڭ قىزلىقىنى تەۋەككۈل بازىرىغا سالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالسا، بۇ پاجىئەنىڭ ئۇرۇقىنى زادى كىم چېچىۋاتىدۇ؟

خىيانەتچى ـ پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كەتمەن چېپىپ گۇناھىنى يۇيىمەن، دېگەنلىكى پۈتۈنلەي ھەزىل گەپ، ئۇلارغا ئۇنداق پۇرسەتمۇ يوق. ئۇلار راست ـ چىن دېھقانمۇ بولالمايدۇ ھەم بولمايدۇ. توپا-تۇپراق ئۈستىدە خۇددى گۇناھىنى يۇيىدىغاندەك دەم ئالماي جاپا چېكىپ ئىشلەيدىغانلار ۋە ئىشلەۋاتقانلار يەنىلا يۈز مىليونلىغان ئاجىز ئامما. خىيانەتچى-پارىخور ئەمەلدارلار دېھقانلارنىڭ

دەرد-ئەلەملىرىنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى شۇ ئېغىرچىلىقلارنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇپ كۆتۈرىدىغان هالغا چۈشۈرمەكتە. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەرسە، يەنە قانچىلىك نەپسى تويماس بەد نىيەت نائىنسابلار چىقاركىن؟ ئۇلار يەنە پۇرسەت تېپىپ، «دېھقان بولۇپ بىرنەچچە مو يەرنى تەجرىبە ئېتىزى قىلىپ ئىشلىگىم بار...» دەپ تەنە قىلاركىن؟

---

بۇ مۇھاكىمە ئەسلى «جەنۇب كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 3-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

# «دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتىش»ھارامزادىلىكى

يى سىپىڭ

«جەنۇب گېزىتى» نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، جۇڭچىڭ شەھىرى پېڭشۈي ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئازايتىش توغرىسىدا يىغىن ئېچىپ، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق تارماقلارغا يىغىن روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈشنى ۋە بۇنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە مەلۇم قىلىشنى تاپشۇرغانىكەن. نەتىجىدە ناھىيىلىك ئەرز-ھال ئىشخانىسى، ئوزۇق-تۈلۈك ئىشخانىسى، سودىگەر چاقىرىش ئىدارىسى، ئۈجمە-پىلە ئىدارىسى بولۇپ بۇ تۆت ئىدارىنىڭ مەلۇم قىلغان ماتېرىياللىرى خۇددى بىر قېلىپتا قۇيۇلغاندەك ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ چىقىپتۇ. بۇ ماتېرىياللارنىڭ يېزىلغان خەتلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، نۇسخىلىرى، ماتېرىياللارنىڭ ماۋزۇلىرى، ئابزاسلىرى، ھەرپلىرىنىڭ تىزىلىشى، ھەتتا پەش-چېكىتلىرى ۋە ئىملا خاتالىقلىرىمۇ قويۇپ قويغاندەك ئوخشاش چىققان.

لۇشۈن ئەپەندىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى موللىلارنىڭ «دېھقانلارغا ھارامزادىلىك بىلەن ئىچ ئاغرىتىپ يازغان ئەشئارلىرى» غا كىنايە قىلغاندا ئىشلەتكەن سۆزلىرىنى قوللانساق، پېڭشۈي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن ئەنە شۇ ھادىسىنى «دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتىش ھارامزادىلىكى» دەپ ئاتاش مۇمكىن. پېڭشۈي ناھىيىسىدىكى شۇ «ئەشئار» لارنى يازغان، ھارامزادىلىك قىلغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى «باشالىق ئاشلىق» يەيدىغان (يەنى ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان) ئەمەلدارلاردۇر. ئۇلار «يەيدىغانغا گۆش-ياغلىرى، ماڭسا ماشىنىسى تەييار»، تۇرمۇشى پاراۋان، ھەشەمەتى بار ئادەملەردۇر. لېكىن ئۇلار «خەلقنىڭ دەردىگە يىغلايدۇ» غان شېئىرلارنى، «خەلقنىڭ دەردىگە يىغلايدۇ» غان مەلۇماتلارنى يېزىشقا خۇشتار بوپقالغان. ئەمما شۇنداق بىر پەرقى باركى، كونا موللىلار ھەرقانچە ھارامزادىلىك قىلسىمۇ، دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان شېئىرلارنى ئۆزلىرى يازغانىكەن. دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان ھازىرقى ماتېرىياللارنى بولسا ئۆزىنى «خەلقنىڭ چاكىرى» دەيدىغان ئەمەلدارلار بىر-بىرىدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ تەييارلىغان. بۇلارنى شۇنداقلا سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ھازىرقىلارنىڭ ھارامزادىلىك قىلىش سەۋىيىسى تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەن. لېكىن تەتۈرىگە ياندۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ھازىرقىلارنىڭ ھارامزادىلىك قىلىش دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھارامزادىلىكى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ئاسان چېنىپ قالىدۇ، كۆرگەن ئادەملەر ئۇلاردا دېھقانلارنى مەنسىتمەيدىغان، پەس كۆرىدىغان ھەتتا دېھقانلارغا زەخمەت يەتكۈزىدىغان رەزىل ئاڭ تەگ-تېگىدىن ئورناپ كەتكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالالايدۇ؛ ئۇلار ئەمەلىيەتتە دېھقانلار مەسىلىسىنى مەسىلە دەپ قارىماي، دېھقانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولمىغان، دېھقانلارنىڭ ئاچ-توقلۇقى بىلەن كارى بولمىغان؛ گوۋۇيۈەن دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتەيلى، دەپ ئۈزچىل چاقىرىق قىلىپ تۇرسا، ئۇلار: چاقىرىق قىلسا قىلىۋەرسۇن، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىمچە ئىش قىلىۋېرىمەن، دەپ قولاق يوپۇرغان؛ تەكشۈرۈپ قالمىغىدى، دەپ كۆزنى يۇمۇپلا بىرەر پارچە مەلۇمات ماتېرىيالىنى تېپىپ كۆچۈرۈپ تەييارلاپ قويغان، خالاس.

تېخىمۇ يامان يېرى شۇكى، ئۇلار دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى باشقىچە يول بىلەن تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. «ئوقۇتقۇچى» گېزىتىدە بۇندىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى بېسىلغان بىر خەۋەرگە قارىغاندا، غەربىي شىمالدىكى مەلۇم ئۆلكىنىڭ بىر يېزا بازىرىدا مالىيە قىيىنچىلىقى يۈز بەرگەچكە، بازارلىق ھۆكۈمەت: دېھقانلاردىن ئوقۇغۇچى بېشىغا پۇل توپلاپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېرىلمەي قالغان ئىش ھەققىگە سەپلەپ بېرىلسۇن، دەپ بۇيرۇق تارقاتقان. شۇ سەۋەبتىن بازار بويىچە كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ 2000دىن ئارتۇق پەرزەنتى مەكتەپكە بارالمىغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرماي قالارمۇ؟! بىر پارچە داستاندىن ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر پارىخور ئەمەلدار دېھقانلارنى خورلاپ: «دېھقان ئۆمۈر بويى بىر پارچە يەر، بىرەر قوي بىلەن ھەپىلىشىپ، نەتىجىدە ئۆزىمۇ بىر پارچە يەرگە، بىر قويغا ئايلىنىپ قالىدۇ» دەپتىكەن. بىزنىڭ بەزى «خەلق چاكار» لىرىمىز ۋە ئەمەلدارلىرىمىز ئەنە شۇنداق دەپ دېھقانلارنى داڭگال ئورنىدا دەسسەيدۇ، قوي ئورنىدا كۆرۈپ، ئەڭ ناچار يەم بىلەن باقىدۇ ۋە لېكىن ئۇلارنى ئەڭ سۈپەتلىك گۆش-ياغ بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

«لۇشۈن روھىنىڭ ۋارىسى» دەپ تەرىپلىنىدىغان مەرھۇم يازغۇچى خۇفېڭ بۇنىڭدىن 40 يىل ئىلگىرى شياۋخۇڭ خانىمنىڭ «ھايات-مامات بوسۇغىسىدا» ناملىق رومانىغا يېزىپ بەرگەن خاتىمىسىدە دېھقانلارنىڭ تەقدىرىنى مۇنداق ئېچىنىشلىق تەسۋىرلىگەن:

«دېھقانلار خۇددى چۈمۈلىگە ئوخشاش تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، كۈنىنىڭ ئۆتكىنىچە ياشاۋاتىدۇ، سەرسانچىلىقتا ئۆلۈۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ قان-تەرلىرى ۋە ئەزىز جانلىرى بىلەن يەرنى ئوغۇتلاپ ئاشلىق تېرىپ، مال-ۋاران بېقىپ، تەبىئىي زالىملارنىڭ ۋە ئىككى ئاياغلىق زالىملارنىڭ زۇلمى ئاستىدا تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرمەكتە».

مۇشۇنداق قۇرلارنى ئوقۇغاندا ئادەمنىڭ ئەزايى-بەدىنى تىكەنلەشمەمدۇ؟!

ھازىرقى جۇڭگو يەنىلا يېزا ئىگىلىك دۆلىتى، دېھقانلار پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ئاھالىنىڭ

80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىنىڭ مۇقىملىقى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ئەل ئامانلىقىنىڭ مۇھىم ئۇلى ھەم كاپالىتى. جەمئىيەتشۇناس مۇتەخەسسىس چىن خۇي ئەپەندى كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىر گەپنى قىلىپ: «دېھقانلار مەسىلىسىنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىيەتتە جۇڭگو مەسىلىسىدۇر» دېگەنىكەن. «دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتىش ھارامزادىلىكى» نى قىلغان ئەمەلدارلارغا ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىك بىلەن قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ۋە كۆڭلى ئوياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، پەقەت نەزىرىنىڭ تارلىقى، بىلىمىنىڭ چولتىلىقى ۋە مىجەزىنىڭ چاكىنىلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

---

بۇ مۇھاكىمە ئەسلى «شىنجىن قانۇن-تۈزۈم گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 7-يانۋار سانىدا ئېلان قىلىنغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 3-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

# قىزىق پاراڭ

## چېڭ ۋېنجۈن

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى «بېيجىڭدىكى ئەھۋاللاردىن خاتىرىلەر» ناملىق ژۇرنالدىن ناھايىتى «قىزىق پاراڭ» خەۋىرىنى ئوقۇپ قالدىم:

بېيجىڭدە ئولتۇرۇدىغان 68 ياشلىق بىر بوۋاينىڭ كۆڭلى «كۇرسكىي» غا تارتىپ، رۇسىيىنىڭ بۇ يادرولۇق چۆمگۈچى پاراخوتىنىڭ غەرق بوپكەتكەنلىكىگە ئىچى سىيرىلىپ، يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئاھ ئۇرۇپتۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە بېشى قېتىپ تۇرغان پرېزىدېنت پۇتىننىڭ دەردىنى تەڭ تارتىشقان بولاي، دەپ ھېلىقى غەرق بوپكەتكەن پاراخوتنىڭ مودېلىنى ياساپتۇ. بۇ خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان تەھرىر ئىلاۋىسىدە، پۇتىن شۇنچە ناتىلاڭچىلىقتا ئالدىراش بولسىمۇ، بۇ بېيجىڭلىق بوۋايغا ئوبدان تەشەككۈر ئېيتسا بولىدىكەن، دېگەن تولىمۇ مەمنۇنىيەتلىك مۇراجىئەتمۇ بار ئىكەن.

شۇ «قىزىق پاراڭ» نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇ بېيجىڭلىق ئىنتېرناتسىئونالىزم روھىغا باي بوۋاي ھەققىدە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

شۇ بېيجىڭلىق بوۋاي رۇسىيىنىڭ شۇ «كۇرسكىي» ناملىق چۆمگۈچى يادرو پاراخوتى غەرق بوپكەتكەن 2000-يىل ئاۋغۇستتا ئۆز دۆلىتىمىزدە نېمە بولغانلىقىنى بىلەمدىغاندۇ؟ بىزدە دۇنيانىڭ غېمىنى يېيىشكە باھانە بولغىدەك خاسىيەتلىك ئىشلار يۈز بەرمىگەنمىدۇ؟

بوۋايغا مەن ئېيتىپ بېرەي: «كۇرسكىي» ناملىق چۆمگۈچى يادرو پاراخوتى غەرق بولغان كۈنى (2000-يىلى ئاۋغۇست) دىن سەككىز كۈن ئىلگىرى مەملىكىتىمىزنىڭ جياڭشى ئۆلكىسىدىكى پىڭشياڭ يېزىسىدا يەنە بىر قېتىم پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ 27 ئادەم ئۆلدى، 27 ئادەم يارىلاندى! «كۇرسكىي» غەرق بولۇپ يەتتە كۈن ئۆتكەندە مەملىكىتىمىزنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ناھايىتى زور پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ 173 ئادەم ئۆلدى، 300 گە يېقىن ئادەم يارىلاندى، 20 ئاپتوموبىل زەخمىلەندى! ئەگەر خىيالىمىزنى يەنىمۇ نېرىسىغا يۈگرۈتۈپ، ئىيۇن ۋە ئىيۇللاردا كەينى-كەينىدىن قۇلاققا خەۋىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان ئايروپىلان ھادىسىسى، كېمە-پاراخوت غەرق بولۇش ھادىسىسى، سەيلە-ساياھەت ئورۇنلىرىدىكى ئاسما ماشىنا كۆمتۈرۈلۈپ چۈشۈش ھادىسىسى، پارتلاش ۋەقەسى دېگەندەك چوڭ-چوڭ ھادىسىلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، شۇ ھادىسە-ۋەقەلەردە ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سانى «كۇرسكىي» دىن ھەقىقەتەن بىر قانچە ھەسسە ئارتۇق؛ ھادىسىلەرنىڭ سانىنى سانايدىغان بولساق، يۈرەكلىرىمىز جىغىلدايدۇ!

بېيجىڭلىق بوۋاي ئۆزىگە ناھايىتى يېقىن يەرلەردە يۈز بەرگەن شۇنداق ھادىسە — ۋەقەلەرنى ئاڭلىمىغانمىدۇ؟ ئاڭلىغان بولسا، كۆڭلىدە نېمە تەسىرات پەيدا بولغاندۇ؟ ئاڭلىغان بولسا، خەقنىڭ غېمىنى يەپ مودېل ياساشقا قانداق قولى بارغاندۇ؟

مەن ھەقىقەتەن بۇ ياخشى نىيەتلىك بوۋايغا تەنە قىلماقچى ئەمەسمەن، پەقەت ئۆزىمىزدىكى ۋەھشەتلەردىن بىخەۋەر بولغانلىقىغا ئىچىم ئۆرتىنىدۇ. رۇسىيە جەمئىيىتى ھەرقانچە مالىمان بولسىمۇ، بىز جۇڭگو خەلقىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بىۋاسىتە تەسىرى يەتمەيدۇ، ۋەھالەنكى ئۆز دۆلىتىمىزدىكى ئىشسىزلىق ۋەھىمىسى، ئىستېمال كاساتچىلىقى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆپلەپ پەيدا بولۇۋاتقانلىقى بىز ھەممىمىزنىڭ تەقدىرىمىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ تۇرماقتا!

رۇسىيە مارياك (دېڭىزچى) لىرىنىڭ ھاياتى قەدىرلىك، بۇنىڭدا شەك يوق؛ بىزنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ — ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىمىزنىڭ ھاياتىمىز قەدىرلىك ئەمەسمۇ؟! ئىنسانىيەت ئالمىدە، قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە بالا-قازا، پاجىئەلەرنىڭ كۆپلەپ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭغا يالغۇز بىر بېيجىڭلىق بوۋاينىڭ ئەقىل-پاراستى يار بەرمەيدۇ.

دىققىتىمىزگە ئەرزىيدىغان مەسىلە شۇكى، رۇسىيىنىڭ يادرولۇق چۆمگۈچى پاراخوتىغا بالا-قازا يەتكەنلىكى ئىسپاتلانغان ھامان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى شۇ سەۋەبلىك خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى؛ ۋەھالەنكى بىزدە كەينى-كەينىدىن، تەكرار-تەكرار پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەر يۈز بەردى. ۋەقە بولغان يەرنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىرىدىن خىجالەتچىلىكتە ئۆزلۈكىدىن خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلەرنى كىم كۆرۈپتۇ؟ مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا، بېيجىڭلىق بوۋاينىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ پاراخوتى غەرق بوپكەتكەنلىكىگە ئىچى سىيرىلغانلىقىغا ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئېھتىمال دۆلىتىمىزنىڭ مەلۇم جايلىرىدىكى رەھبەرلەر «باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشى» نى لازىم تاپماي، باشقىلاردىن يوشۇرۇپ-يېپىپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتساق، سىبنىڭ «ياردەم» بېرىشىڭ «سىياسىي ئېڭىڭنىڭ تۆۋەنلىكى» نى بىلدۈرمەمدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك.

كېسەل بوپقالغان تۇرۇقلۇق داۋالاشنى، ياردەمنى رەت قىلساڭ، «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارە بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. دۆلىتىمىزدە مۇشۇنداق مودا مىساللار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەلۇم بىر جايدا خەندەكنىڭ بۇلغىنىشى سەۋەبىدىن ئادەم ئۆلۈۋاتسا، بۇ ئەھۋال شۇنداق ئېنىق تۇرسىمۇ، شۇ

يەرنىڭ رەھبىرى: «ھەققانىيەت ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىپ» ئۆلۈپتۇ دېگەن؛ شۇ چاغدا كىمنىڭكى ئۆلۈمنىڭ سەۋەبلىرىنى يېشىپ، شۇ يەردىكى بۇلغىنىشنى يوقىتىشقا ياردەم بەرمەكچى بولسا، شۇ كىشىنى «سىياسىي سېزىمى كاردىن چىققان» دەپ قارىغان.

كېسەلنى يوشۇرۇشتىن شۇنداق بىۋاسىتە ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇكى، كېسەل جانغا تاقىلىدۇ. ئۆپكە ياللۇغى بولغان ئادەم ۋاقتىدا داۋالانمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماكا چېكىۋەرسە، بارا-بارا ئۆپكە راكى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا داۋالاتسا، لوقمانى ھەكىمنى تاپسىمۇ قانچىلىك ئامالى بولار؟

ئېھتىمال، بېيجىڭلىق بوۋاي خۇپسەنلىك قىلغاندۇ، ئۆزدۆلىتىمىزدىكى يەرلىك رەھبەرلەرنىڭ دەردىنى تەڭ تارتىشىپ بەرگۈچىلىكى يوق، دەپ ئويلاپ ھېسداشلىق نەزىرىنى دەردتە ئۆرتىنىپ تۇرغان خەلقئارا دۇنياغا يۆتكىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسا، بېيجىڭلىق بوۋايدىن ئۆكۈنىمەن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن، مەنمۇ پۇرسەت تېپىپ «كۆڭلۈمنى كوتىدىۋاغا بېرىمەن»...

---

بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 16-فېۋرال سانىغا بېسىلغان.

# ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىدىغان بىر مۇنازىرە

ئەدەبىي ئاتالغۇلار لۇغەتلىرىدە ئومۇمەن كۈندىلىك تۇرمۇشنى ماتېرىيال قىلىپ، ئۆتكۈر تىل بىلەن يېزىلغان ماقالە «فېلىيەتون» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئەسلى فرانسوز تىلىدىكى ئوت ياندۇرۇدىغان «تۇترۇق» دېگەن مەنىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، دۇنيادا نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق سۆز بايلىقلىرى تەركىبىدە قىممەتلىك بىر «مەرۋايىت» قا ئايلىنىپ قالغان. بىز ئۇيغۇرلار ئەدەبىياتتا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ياكى كىشىلەردىكى كەمچىلىك - يېتەرسىزلىكلەرنى كىنايە بىلەن مەسخىرىلەشتە ۋە شۇنداق ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشتە لاتىن تىلىدىن كىرگەن «ساتىرا» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئەرەب تىلىدىن كىرگەن «ھەجۋە» دېگەن سۆزنى قوللانغان بولساقمۇ، «فېلىيەتون» دېگەن سۆزنى كۆپرەك ئىشلەتمەكتىمىز. ئۇلۇغ ئەدىب لۇشۈن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى، خەلقنىڭ مىللىي مىجەزىدىكى ناچار، زەئىپ ھادىسىلەرنى نىشانلاپ «نەشتەر» ۋە «نەيزە» ئورنىدا ياراتقان ئەسەرلىرىنى «زاۋېن» دەپ ئاتىغان. بۇ ئاتالغۇمۇ كېيىنكى چاغلاردا بىزدە «ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش» نىڭ خاسىيىتى بىلەن خەلقئارا ئورتاقلىققا يۈزلەندۈرۈلۈپ، «فېلىيەتون» دېگەن ھالەتتە ئۆزلىشىپ بارماقتا. بىز بۇ جەھەتتە توغرا يولدا ماڭماقتىمىز. ئىنسانىي ھاياتتىكى يېتەرسىزلىكلەر، يارىماسلىقلارنى تۈزىتىش، ئۆڭشاش ۋە ياكى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆتكۈر تىل، ئاچچىق سۆز كېرەك؛ ساتىرىك ياكى ھەجۋىي ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلەيدىغان بەدىئىي ئەسەر كېرەك. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئوت ياندۇرۇدىغان شۇنداق «تۇترۇق» كېرەك، زەرداپلارنى چىقىرىپ تاشلايدىغان «نەشتەر» كېرەك، يەنى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «فېلىيەتون» كېرەك.

فېلىيەتون، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئىنسانىي ھاياتنىڭ پاك، ساغلام ۋە پاراۋان بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. «مەن كۆپىنچە نەس باسقان جەمئىيەتتىكى بەختسىز ئادەملەرنى ماتېرىيال قىلىپ تۇرۇپ يازىمەن، - دەيدۇ لۇشۈن فېلىيەتوننىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ، - بۇنىڭدىن مەقسىتىم - شۇ نەسلىكلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا، قۇتۇلدۇرۇشقا دىققەتنى تارتىش».

گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇلتۇر نويابىردا بېيجىڭدا چىقىدىغان «خەلق» گېزىتى فېلىيەتون توغرىسىدا چاقىرغان مۇھاكىمە يىغىنىدا فېلىيەتونغا دائىر مۇھاكىمە ئۈستىدە ئوتتۇرىغا چىققان بىر نۇقتىئىنەزەر قىزغىن مۇنازىرە قوزغىغان. شائىر، فېلىيەتونچى يې يەنبىڭ: «فېلىيەتون يازىدىغان فېلىيەتونچىلار ھازىرقى جەمئىيەتتىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم»لەردۇر، دەيدۇ؛ سۈشۆشەن: ياق، ئۇنداق ئەمەس، دەيدۇ؛ چېن سىشۈن بولسا: ئۇنداق ئەمەس مۇنداق، دەيدۇ. يىرىن ئەپەندى بولسا يې يەنبىڭ ئەپەندىنىڭ قاراشلىرىنى تەستىقلەيدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر ئۈستىدىكى مۇنازىرە يەنە داۋام قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. خەنزۇ تىلىدىن پايدىلىنالمايدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئۈلگە ياكى ئىبرەت ئېلىشىغا ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئارزۇ بىلەن بۇ يەردە ئۈچ پارچە تەقرىزنى قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلدىم.

**- توختى باقى ئارتىشى**

## «فېلىيەتونچى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» دېگەن گەپكە ھەيرانمەن

**سۈشۆشەن**

ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» كىم؟ دەپ سوئال قويۇلسا، ھەتتا ئومۇمىيخەلقنىڭ رايىغا قويۇلغان تەقدىردىمۇ فېلىيەتونچى، دەپ جاۋاب بېرىشى ناتايىن. لېكىن 2000-يىل نويابىردا «خەلق» گېزىتى جىنتەيدە ئاچقان «فېلىيەتون مۇھاكىمە يىغىنى»دا شائىر، فېلىيەتونچى يې يەنبىڭ ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» فېلىيەتون يازغۇچىلار، فېلىيەتونچىلاردۇر، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ:

«ھازىرقى كۈندە فېلىيەتون يېزىۋاتقان ئادەملەر پارتىيىنى، خەلقنى ئەڭ قىزغىن سۆيىدىغان ئادەملەردۇر، يېڭى دەۋرنىڭ 〈ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم〉لىرىدۇر. چۈنكى ھازىرقى كۈندە راست گەپ قىلىدىغان، ھەق گەپنى قىلىپ رەھبەرلەرگە پىكىر بېرەلەيدىغان، خەلق ئىچىدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا پارتىيىگە، دۆلەتكە تەلەپ قويالايدىغان ئادەم قانچىلىك چىقار؟ پارتىيىگە، خەلققە ئىلتىجا

قىلالايدىغان ئادەم ئەڭ ياخشى ئادەمدۇر» دەيدۇ.

يې ئەپەندى گەپنى تولىمۇ بىر تەرەپلىمە قىلىپ قويدى. كىچىككىنە بىر گۇرۇھ، چاغلىق بىر جامائەت ئالدىدا (تولىسى ياشىنىپ قالغان 20 نەچچە ئادەم قاتناشقان يىغىن) دا، فىلىيەتونچىلار «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» دېيىلگەن دەۋر ئالامىتى بار تەرىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا مەزھەپچىلىك خاھىشى يوقمۇ؟ ئەگەر فىلىيەتونچىنى «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» دېيىلگەن بولساق، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى نېمە دېگۈلۈك؟ خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرىنىچۇ؟ 1 مىليارد 300 مىليون ئاھالىنى بېقىۋاتقان جۇڭگو دېھقانلىرىنىچۇ؟ خىزمىتىدىن بوشاشقا رازى بولغان، دۆلەت، كارخانىغا يۈك بولۇپقېلىشنى راۋا كۆرمىگەن جۇڭگو ئىشچىلىرىنى نېمە دېگۈلۈك؟ بىر ەر-يېرىم يىل مائاش ئالالمىسىمۇ دەرسخانىغا كىرىپ دەرس ئۆتۈشنى توختاتمىغان خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى نېمە دېگۈلۈك؟ ... ئۇلار «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» ئەمەسمىكەن؟ ئەجىبا، ئۇلار «راست گەپ» قىلمامدۇ؟ «ھەق گەپ» نى قىلمامدۇ؟ «رەھبەرلىككە پىكىر بېرىش» كە پېتىنمامدۇ؟ ئۇلار جەمئىيىتىمىزگە ئازدۇر-كۆپتۇر تۆھپە قوشمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ قوشقان تۆھپىلىرى فىلىيەتون يازغۇچىلارنىڭكىچىلىك، فىلىيەتونچىلارنىڭكىچىلىك يوقمۇ؟

فىلىيەتونچىلار راست گەپ قىلىدۇ، لېكىن راست گەپ قىلىدىغانلار يالغۇز فىلىيەتونچىلارلا ئەمەس. دەۋرىمىز داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە، جەمئىيىتىمىز داۋاملىق راۋاجلانماقتا، دۆلىتىمىز داۋاملىق قۇدرەت تاپماقتا، بۇ ئەھۋالنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. دېمەك، «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» فىلىيەتونچىلار ئەمەس، ئەمگەكچى خەلقتۇر.

بۇنىڭ تەتۈرىسىچە، بەزى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە فىلىيەتونچىلار، فىلىيەتون يازغۇچىلار ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم ئەمەس، بەلكى ئەڭ نەپرەتلىك ئادەمدۇر. راست گەپتىن قورقىدىغان، ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئادەملەر، تەختتە ئولتۇرغان چېغىدا جامائەتنىڭ ئاتالمىش «ياخشى چاكىرى» بولۇۋالىدىغان، تەختتىن چۈشكەندە چىرىپ كېتىدىغان ئادەملەر، ئۇچىغا چىققان سولچىللىق دەۋرىنى سېغىنىدىغان ئادەملەر فىلىيەتونچىلارنى ھەممىدىن بەك يامان كۆرىدۇ. فىلىيەتون نەشتەر، نەيزە رولىنى ئوينىغاندا ئۇ ئادەملەر بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ. مەن بىر پارچە فىلىيەتون يازغانلىقىم ئۈچۈن، ماشىنا ھەيدەشنى بىلىدىغان 60 نەچچە ياشلىق بىر قېرى ئادەمدىن تىل-ھاقارەت ئىشىتتىم. ئۇ تېلېفوندا ماڭا گەپ بەرمەي ۋاتىلداپ: «1 مىليارد 300 مىليون ئاھالە ئىچىدىن خۇچاڭچىلىك ۋە چىڭ كېچىپىدەك چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ چىققانلىقى ناھايىتى نورمال ئەھۋال. ‹قىزىل قوغدىغۇچى› لارمۇ ‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى› داۋامىدا تارىخنى ئىلگىرى سۈردىغۇ!» دېدى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «خەپ، كوچىدا ماشىنا بىلەن سوقۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام...» دەپ تەھدىتمۇ سالدى. فىلىيەتون يازىدىغان ئادەملەر ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە كاللىسى بىر قازاندا قاينىمايدىغان سىنىپىي دۈشمەندۇر. شۇ تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن ھەقىقىي چۈشەندىمكى، جۇڭگودا دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش تولىمۇ تەس ئىكەن.

فىلىيەتونچىلار ھېچقاچان «سۆيۈملۈك ئادەم» بولالىغان ئەمەس. لۇشۈن «سۆيۈملۈك» بولالىغان ئەمەس، ئۇ، ئۆز دەۋرىدە فىلىيەتون يازغانلىقى ئۈچۈن قانچىلىك تىل - ئاھانەتكە قالمىغان؟ «ئۇچ ئانىلىنىڭ كەنت» دىكى ۋۇخەن فىلىيەتون يازغانلىقى ئۈچۈن ئاھانەتكە قالدى، ئاخىرى ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. دېڭ تومۇ «راست گەپ قىلىش» قا جۈرئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن «موللام گېزىت چىقىرىپتۇ، ئۆلۈك تاپ گېزىت چىقىرىپتۇ» دەپ ھاقارەتلەندى، ئۇمۇ «راست گەپ قىلغان» لىقى سەۋەبى بىلەن ئۆز جېنىغا زامىن بولدى - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ھازىرقى ۋاقىتتا فىلىيەتون يېزىۋاتقان بەزى ئادەملەرنىڭ بىر نەچچە پارچە فىلىيەتون يېزىش بىلەنلا ئۆزلىرىنى «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» دەۋالغىنى خۇددى فېئودال شاھزادىلەرنىڭ تەختكە چىقىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكىگە ئوخشاش بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ ھازىرقى كۈندە لۇشۈندەك «ئىجتىمائىي تەنقىد» بىلەن، «مەدەنىيەت تەنقىدى» بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان كىم بار؟ كىممۇ ۋۇخەن، دېڭ تولاردەك فىلىيەتون يولىدا جاندىن كېچەلەيدۇ؟

فىلىيەتونچىلار «سۆيۈملۈك ئادەم» ئەمەس، پەقەت ھۆرمەتلىك ئادەملەردۇر. چۈنكى ئۇلار باشقا نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش راست گەپ قىلالايدۇ. راست گەپ قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك بولۇشى ناتايىن. لېكىن فىلىيەتونچىلار جامائەت ئالدىدا راست گەپ قىلىدىغان بولغاچقا، ئادەتتىكى ئادەملەردىن غەيرەتلىكرەك، ئەقىللىقراق بولىدۇ. فىلىيەتونچىلار تولا چاغلاردا دەرد تارتقان دەردمەنلەردۇر، ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش قۇياش نۇرىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا قاراڭغۇلۇقنى، رەزىللىكلەرنى كۆپرەك كۆرىدۇ، ئۇنى بايان قىلىپ قورسىقىنى بوشىتىۋالمىسا دەردى چىقمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، قورسىقىدىكىنى ھەقىقەتەن خالىغىنىدەك بايان قىلالايدىغان فىلىيەتونچى زادى قانچىلىك؟

---

بۇ تەقرىز «فىلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2001-يىل 27-فېۋرال سانىغا بېسىلغان.

## بىرنەچچە سوئال

### چېن سىشۈن

سۇشۆشەن ئەپەندىنىڭ: «‹فىلىيەتونچى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم› دېگەن گەپكە ھەيرانمەن» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، خۇددى كېكىردىكىگە قىلتىرىق تۇرۇپ قالغان ئادەمدەك بوپقالدىم. ئويلىغانلىرىمدىن سۇ ئەپەندىگە بىرنەچچە سوئال قويغىم كەلدى، يېشىپ بەرسىكەن.

بىرىنچى، «جىننەتەيدىكى فىلىيەتون مۇھاكىمە يىغىنى» شان-شەۋكەتلىك نام بېرىش يىغىنى ئەمەس، مەنسەپ، ئورۇن بېرىش يىغىنىمۇ ئەمەس، ئۇنۋان باھالاش يىغىنىمۇ ئەمەس. يې يەنبىڭنىڭ فىلىيەتونچىپېڭ زاماندىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەمدۇر، دېگىنىنىڭمۇ ئاساسى بار، ناھايىتى ئادەتتىكى بىر گەپ. بۇنىڭ فىلىيەتوننىڭ ئابرويى، يازغۇچىنىڭ ئىززىتىنى ئۆستۈرۈشكە مەلۇم پايدىسى بار. (ئىززەتنى ئۆستۈرۈش يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە باغلىق، ئەلۋەتتە)؛ فىلىيەتون يازغۇچىلار بۇنىڭدىن خۇشال

بولۇشى كېرەك، بۇ گەپنى ماقۇل كۆرسۇن ياكى كۆرمىسۇن، ئۆپكىدىمەي چىرايلىق مۇزاكىرىلەشكەنى ياخشى ئىدى. لېكىن سۇ ئەپەندى خۇددى پۇلىنى قەرزگە بېرىپ قويغاندىن كېيىن ئالالمىغان ئادەملەردەك قاتتىق ئۆپكىدەپ كېتىپتۇ، ماقالىسىدا فېلىيەتونچىلارنى ھەدەپ كەمسىتكەندىن تاشقىرى، يامان گەپلەر بىلەن قاپساپتۇ. ئۆزىنى كەسپداش دەپ بىلگەن بۇ ئادەمنىڭ خىيالى نېمىدىكى - تاڭ؟!

ئىككىنچى، يى يەنبىڭ ئۆزىنىڭ قاراشلىرى ۋە نۇقتىئىنەزىرىنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان، مېنىڭچە، بۇنى ئەيىبلەشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن سۇ ئەپەندى بولسا، يى يەنبىڭنى بىر كىچىك گۇرۇھ (سۇ ئەپەندى بۇ «گۇرۇھ»نى سىياسىي بەدنام بىلەن ئاتىغان)، بىر جامائەت يىغىنىدا «دەۋر ئالامىتى بار تەرىپ»نى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى «مەزھەپچىلىك خاھىشى يوقمۇ؟» دەپ ئەيىبلەپتۇ. قېنى ئېيتىپ باقسۇنچۇ: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى ئاچقان يىغىندا، شۇنچىلىك سۆز ئەركىنلىكى يوقمۇ؟ ئازغىنە ئادەم قاتناشقان يىغىندا سۆزلىسە، مەزھەپچىلىك قىلغانلىق بولسا، ئادىمى كۆپ سورۇندىكىسى نېمە قىلغانلىق بولىدۇ؟

ئۈچىنچى، سۇ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، مەلۇم ئادەملەرنى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم دەيدىغان بولساق، قالغان ئادەملەر سۆيۈملۈك بولماسمىش. مېنىڭ قارىشىمچە، بەزى ئادەملەر شۇنداق تەرىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئاساسەن راست گەپ قىلىشتىن قورقۇپ يۈرگەنلىكىمىزنى نىشانغا ئالغان. (يى ئەپەندى بۇ يەردە) يۈرەكلىك، جەڭگەرلىك فېلىيەتونچىلاردىن ئۆگىنىشنى، پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرخىل ناچار ھادىسىلەرنى تۈگىتىشنى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ھەممە بىردەك كۈچ چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلماقچى. ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىدىن قارىشىمىز لازىمكى، بۇ يەردە فېلىيەتونچىلارغا تاج كەيدۈرۈۋاتقان، ئۇنى كۆتۈرۈپ، بۇنى چۈكۈرۈپ، باشقا ئەمگەكچىلەرنى فېلىيەتونچىلاردەك سۆيۈملۈك ئەمەس دەۋاتقان گەپ يوق.

ئۆزۋاقتىدا، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىۋاتقان چاغدا، پىدائىيلار قوشۇنىدىكى جەڭچىلەرنى «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر» دەپ تەرىپلىگەنلىكىمىز ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىك ئىدى، بۇ ئەھۋال ئۆز ۋاقتىدا خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتقانىدى. لېكىن ھېچكىم ھېچقاچان ئۆز ۋاقتىدىكى ئازادلىق ئارمىيىنى، ئىشچىلارنى، دېھقانلارنى ۋە ئىنقىلابىي كادىرلارنى پىدائىيلار قوشۇنىدەك سۆيۈملۈك ئەمەس، دېمىگەن.

«ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» دېگەن تەرىپنى فېلىيەتونچىلارغا نىسبەتەن مەجھۇل گەپ دەيمىز، بۇنداق تەرىپنى خەلق يۈرىكىدىن چىقىرىپ ماقۇللىغاندا ھېسابقا ئۆتىدۇ. لېكىن دەككىسى بېرىلگەن، بېرىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ماقۇللىشىنى ھەرگىز ئۈمىد قىلماسلىق كېرەك. راست گەپتىن قورقىدىغان، ھوقۇقنى دەستەك قىلىۋالىدىغان، خىيانەتچىلىك بىلەن چىرىپ كەتكەن، ھەددىدىن ئارتۇق «سول» چىللىق دەۋرىنى سېغىنىدىغان ئادەملەرنىڭ فېلىيەتونچىلارنى يامان كۆرگەنلىكى سەۋەبى بىلەن ئۆزىمىزنى پەسلەشتۈرۈپ، ھۇركۈپ كەتمەسلىكىمىز لازىم.

سۇ ئەپەندى ماقالىسىدا: «〈ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم〉 فېلىيەتونچىلار ئەمەس، ئەمگەكچى خەلقتۇر» دەپتۇ. غەلىتە گەپ. ئەجەبا، فېلىيەتونچىلار ئەمگەكچى بولماي، ئېكسپلاتاتسىيىچىمىكەن؟ سۇ ئەپەندى، سىز بۇيەردە يەنە بىر كىچىككىنە ساۋات خاتالىقى سادىر قىپسىز. سىزنىڭچە بولغاندا، «ئەمگەكچىلەر قاتارىدا فېلىيەتونچىلاردىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ سۆيۈملۈك» دېسەك تېخىمۇ ئېنىق بولىدىكەندۇق. شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، ھازىر فېلىيەتونچىلارنىڭ بىرمۇنچىسى ياخشى يېزىۋاتىدۇ، ئۇلار شەخسىي غەرەزلىك بولمىغاچقا ھۈركۈپ-قورۇنۇپ ئولتۇرماي، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن گەپ قىلىۋاتىدۇ، پەزىلىتى يۈكسەك؛ ياۋۇز-ئۆكتەم كۈچلەرگە قارشى جەسۇرانە كۆرەش قىلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىگە نائىل بولماقتا. مېنىڭ بىلىشىمچە، جەنۇبتىكى مەلۇم گېزىتكە فېلىيەتون يېزىپ تۇرۇۋدىغان مەلۇم يازغۇچىلارنىڭ بەزىسى ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، ھەتتا جېنى تەھلىكىدە قالغان. سۇ ئەپەندىنىڭ بايان قىلغانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ ھەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ بىرى ئىكەن، شۇڭا بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە بولسا كېرەك.

سۇ ئەپەندى ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا: «قورسىقىدىكىنى ھەقىقەتەن خالىغىنىدەك بايان قىلالايدىغان فېلىيەتونچى زادى قانچىلىك؟» دەپ سوئال قويۇپتۇ. قورساقتىكىنى خالىغانچە بايان قىلىش تامامەن سۇبيېكتىپ ئەھۋال ئەمەس، ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپ ئامىللار بار. مەسىلەن، بەزى جايلارنىڭ رەھبەرلىرى مېنىڭ گېپىم گەپ، دەيدۇ؛ بەزى جايلاردا پارتىيىنىڭ جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى پىرىنسىپىنى ئىجرا قىلىش تەس؛ «كەسپداش»لارنىڭ يوشۇرۇن ئاتىدىغان ئوقلىرىمۇ يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە. سۇ ئەپەندىنى مىسال قىلساق، بەزىلەر يىغىندا ئۆزىنىڭ بىرەر كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇنىڭغا دەرھاللا «مەزھەپچى»لىك قالپىقىنى كەيدۈرگەن. بۇنداق ئەھۋالدا كىممۇ «قورسىقىدىكىنى خالىغىنىچە بايان قىلىش»قا جۈرئەت قىلالىسۇن؟ يى يەنبىڭنى مەشھۇر يازغۇچى دەپ ھېسابلاش مۇمكىن. ئۇ شۇنداق كۆرگۈلۈكلەرگە ئۇچرىغان يەردە تېخى نامى چىقمىغان باشقا يازغۇچىلار توغرىسىدا بىرنېمە دېمەك تەس. ئۇلار «ئىچىڭگىلا يۇتۇپ، تېشىغا چىقىرالمايدۇ»غان ھالغا قېلىشى مۇمكىن.

---

بۇ تەقرىز «فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2001-يىل 23-مارت سانىغا بېسىلغان.

## چۈچۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

**يېرىن**

سۇشۇسەن ئەپەندىنىڭ «فېلىيەتون» گېزىتىگە بېسىلغان «〈فېلىيەتونچى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم〉 دېگەن گەپكە ھەيرانمەن» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئوقۇپ ھاياجانلاندىم ۋە لېكىن «چۈچۈپ» كەتمىدىم.

پىچاق سۆڭەككە تاقالمايدىغان بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي، سۇ ئەپەندىگە تەسەللىي بوپقالسۇن.

شائىر، فېلىيەتونچى يى يەنبىڭ ئەپەندى «خەلق گېزىتى» تەرىپىدىن چاقىرىلغان «جىنتەيدىكى

www.uyghurkitap.com

فېلىيەتون مۇھاكىمە يىغىنى» دا «ھازىرقى كۈندە فېلىيەتون يېزىۋاتقان ئادەملەر يېقىن دەۋردە پارتىيىنى ھەممىدىن بەك قىزغىن سۆيىدىغان، خەلقنى ھەممىدىن بەك قىزغىن سۆيىدىغان، ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەملەردۇر» دېگەن سۆزى سەممىمىي، ھەققانىي سۆز، دۇرۇس گەپ! ئادەملەر ئادەتتە ئۇنى-بۇنى كۆرگەندە، ئاڭلىغاندا، تەسىرلەنگەندە كۆڭلىگە كەچكىنىنى دەيدۇ؛ «بىرتەرەپلىمە» لىكتىن خالىي بولالمىسىمۇ سۆزلەيدۇ، چۈنكى ئۇ قورسىقىدىكى راست گەپ، سەممىيەت. يې ئەپەندى: «ھازىرقى كۈندە راست گەپ قىلىشقا، جىڭ گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان. . . قانچىلىك ئادەم بار؟» دەپتۇ. مانا بۇ ھەممە ئادەم ئىچىدە بىلىدىغان، لېكىن تېشىغا چىقىرالمايدىغان ئىشتۇر. بىراق فېلىيەتونچىلار بولسا ھېچنەرسىدىن قورقۇپ قالماي، جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ، قورقماي راست گەپ قىلالايدۇ، زامانىنىڭ بىۋاپالىقلىرىغا تىل تەگكۈزۈپ، «پارتىيە ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يەيدۇ» ، ئۇلارنى «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» دېگەن تەرىپ دەل جايىغا چۈشكەن، جاراڭلاپ تۇرۇدىغان توغرا تەرىپتۇر، بۇنىڭغا چۆچۈپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟! مېنىڭچە مەيلى قېرى، ياش بولسۇن، مەيلى فېلىيەتونچى ياكى فېلىيەتون ھەۋەسكارى بولسۇن، ھەق گەپنى قىلىشقا، راست گەپ قىلىشقا، پاكىتنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىدىكەن، شۇنداق تەرىپلىنىشكە ھەقلىقتۇر. ئاز-پاز ئاشۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ ھېچ گەپ يوق. چۈنكى ئۇنداق بولۇشى سەممىيەتنىڭ يەنى ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ سەۋەبىدىن ، ھاياجانىنىڭ كۈچىدىن بولۇشى مۇمكىن. تەرىپ ۋە تەۋسىپ، ياخشى سۈپەت بىلەن ماختاش تەييار تۇرۇدىغان، پالانى-پۇكۇنى ئادەملەرگە بەخشەندە قىلىپ بېرىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ۋىجدانىي، ئەقلىي مۇقەررەرلىكتۇر.

.. لېكىن قەدىرلىك فېلىيەتونچىلار بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە ھەقىقەتەن «ئەڭ نەپرەتلىك ئادەم» دۇر، بۇنىڭدا شەك يوق. بۇ خۇددى ھەققانىيەت بار يەردە جاھالەت بولغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. راست گەپ قىلىدىغان ئادەم بار يەردە راست گەپ قىلغان ئادەمنى يامان كۆرۈدىغان ئادەمنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. سەھنىگە چىققاندا ئۆزىنى «خەلقنىڭ چاكىرى» مەن دەۋالىدىغان، خۇددى مۈشۈكنىڭ يۈز يۇيغىنىدەك ئوماق، يۇۋاش - مۆمىن بولۇۋالىدىغان، سەھنىنىڭ دالدىسىغا ئۆتكەندە ھوقۇقنى سۇيىئىستېمال قىلىدىغان ئادەملەر، ھەددىدىن ئاشقان سولچىللىق دەۋرىنى چۈشەكەپ مەدەت تىلەيدىغان ئادەملەر يوق ئەمەس. فېلىيەتونچىلار نەشتەر، بىگىز بولۇپ رول ئوينىغاندا، ئۇلار قاراڭغۇ بۇلۇڭلاردا دالدىلىنىپ تۇرۇپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ، يەنە تېخى چىشىنى غۇچۇرلاتقىنى ئاز كەلگەندەك ماشىنامىنى ھەيدەپ چىقىپ ئاۋۋال سېنى سوقۇپ ئۆلتۈرىمەن، دەپ ئاشكارا خەپلەيدۇ.

مىللەت، دۆلەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا قانداق كۈچ ئۇلۇغ بولىدۇ؟ لۇشۈن قەدىرلىكمۇ، قەدىرلىك ئەمەسمۇ؟ لۇشۈننىڭ ئىنسانىي سۈپىتى ، جىگىرى - جاسارىتى، ئوت يۈرەكلىكى، مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنىڭ ئېنىقلىقى، قەيسەرلىكى، باسقان ئىزىدىن ئاخىرغىچە تايمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بىر دەۋرنىڭ ئۇلۇغ ئادىمى بولغان ماۋزېدۇڭمۇ ئۇنى «ئەڭ» دېگەن سۆزلەر بىلەن تەرىپلىگەن، لۇشۈننى تارىختا قەلىمى جۇلالاپ شولا چېچىپ تۇرۇدىغان، مىسلى كۆرۈلمىگەن مىللىي قەھرىمان ، دەپ تەرىپلىگەن. ۋىجدانىنىڭ ، ئەقلىنىڭ مانا شۇنداق نامايەندە ۋەكىلى «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» دېيىش قىلىشامدۇ؟ ئۇنى ئۆچمەنلىك بىلەن يوقىتىۋېتىش مۇمكىنمۇ؟

---

بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچە: «فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2001-يىل 3-ئاپرېل سانىغا بېسىلغان.

توختى باقى ئارتىشى: 79 ياش، ئاتاقلىق تەرجىمشۇناس، جۇڭگو لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى (M1)

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نەشرئەپكارى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى بىلەن خەنزۇ يېزىقىدىكى نەشر ئەپكارى «غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر، خەت، پۇل چېكى، تۈرلۈك ئالاقە، كىتاب - ژۇرنال، ماتېرىيال ئەۋەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەر ئادرېسىمىزنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق قىلىپ: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72-قورۇدىكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»
乌鲁木齐市团结路 72 号《新疆文化》杂志维文编辑部收
ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە - دەپ يېزىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. پوچتا نومۇرىمىز: 830001

- كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى



# تەپەككۆر تارىخىغا تولۇقلىما

ئابلەت قەييۇم

## 1

كىشىلەر قۇياشنى ئۇلۇغلايدۇ. قۇياشقا چوقۇنۇش، قۇياشنى خۇدا، دەپ تونۇش كىشىلەرنىڭ قۇياشقا بولغان ئىخلاس-ئەقىدىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەقىقەتەن قۇياش ھاياتلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىدا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. قۇياش بولمىسا ھاياتلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا قۇياش شۇ قەدەر شەپقەتلىكمۇ؟ قۇياش بولسىلا جانلىقلار ھاياتلىق كاپالىتىگە ئېرىشەلەمدۇ؟

قۇياش ئالەمگە ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق تارقىتىدۇ. ئۇ، يەرشارىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل قۇياش سىستېمىسىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. مېركۇرىي، ۋېنېرا قاتارلىق پلانېتلارنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى تېخىمۇ يېقىن بولۇپ، قۇياشنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقى يەرشارىغا بەرگەندىكىدىن كۆپ ئارتۇق بولىدۇ. شۇنىسى يەرشارىدىن باشقا قۇياش ھەمراھلىرىدا ھاياتلىقنىڭ ياشاۋاتقانلىقى

بايقالمىدى. دېمەك، قۇياش بولمىسا جانلىقلار ياشىيالماسلىقى مۇمكىن. بىراق قۇياش بولسىلا ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرالىشىمۇ ناتايىن.

قۇياش ناھايىتى كۈچلۈك رادىئاتسىيىلىك نۇر تارقىتىدۇ. بۇ نۇر جانلىقلارغا ھاياتلىق بەخش ئەتمەستىن، ھاياتلىقنى ھالاك قىلىدۇ. مۇشۇنداق بىر سەۋەبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەر شارىدىن باشقا قۇياش پلانېتلىرىدا ھاياتلىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇنىڭدەك ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىمۇ قۇياشنىڭ شەپقىتىدىن بولمايدۇ. ئەگەر قۇياشتىن كەلگەن قاتتىق نۇرلار يەرشارى مۇھىتىغا بۆسۈپ كىرەلىسە، يەرشارىنىڭ ھاياتلىق مەنزىرىسى پۈتۈنلەي نابۇت بولىدۇ. دېمەك، قۇياش بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، قۇياشنىڭ ھالاكەتلىك نۇرلىرى يەرشارىغا بۆسۈپ كىرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يەرشارىدا ھاياتلىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرالايدۇ. شۇڭا قۇياشنى يەرشارىدىكى ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي شەپقەتچىسى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي شەپقەتچىسى زادى نېمە؟

ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي شەپقەتچىسى قۇياشنىڭ ھالاكەتلىك نۇرلىرىنى توسۇپ، ئۇنى ھاياتلىقنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ھالدا تەڭشەپ بېرىۋاتقان ئاتموسفېرا. ناۋادا ئاتموسفېرانىڭ قالقانلىق رولى

## تەپەككۆر كۆزى

www.uyghurkitap.com

بولمىسا، قوياشنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ھاياتلىقنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ئۈچۈن بەربىر. شۇڭا ئاتموسفېرا ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي شەپقەتچىسى سۈپىتىدە تونۇلۇشى ۋە قوغدىلىشى، خۇددى قوياشقا ئوخشاشلا ئىلاھىي ئىخلاس بىلەن ئۇلۇغلىنىشى كېرەك.

## 2

ئوت ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئىلاھى. ئىنسانلار ئەزەلدىن ئوتنى ئۇلۇغلاپ كەلدى. ئىنسانلارنىڭ ئوتنى ئىلاھلاشتۇرۇشى، ئوتنى ئۇلۇغلىشى ئوتنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ئەھمىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. دەرۋەقە، ئوت ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. ئىنسانلار ئوت ئارقىلىق يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ يېدى، سوغۇقتىن مۇداپىئەلەندى، زاۋۇتلارنى، ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈردى. ئىنسانلارنىڭ پىرومېتىغا بولغان ئىخلاسىمۇ دەل ئوت سەۋەبىدىن ئىدى. شۇنىسى ئىنسانلار ئوت ئۈستىدىكى ھېساباتىغا ئەزەلدىن بىرتەرەپلىمە قاراپ كەلدى. «كېرىم» بىلەنلا ھېسابلىشىپ، «چىقىم» بىلەن تۈزۈكرەك ھېسابلىشىپ باقمىدى. ئەمەلىيەتتە ئوت ئىنسانلارغا مەنپەئەت ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە ھېسابسىز بالايى-ئاپەتلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. ئالدى بىلەن، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن ماسلىشىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى، غايەت زور بوستانلىقلارنى، شەھەر-قەلئەلەرنى ئۆرتەپ، سان-ساناقسىز ئادەم، ھايۋانلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ھاۋانى مىسلىسىز دەرىجىدە بۇلغىدى. ئوتنىڭ ئەڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرى ئىنسانلارنى قىستاپ كەلمەكتە. يەرشارىدىكى يېقىلغۇلار بارغانچە ئازلىماقتا، ئىنسانلار ئاخىرى بىر كۈنى نېفىت بىلەن كۆمۈردىن ئايرىلماي قالمايدۇ. كەلگۈسىدىكى يېڭى ئېنېرگىيە ئەۋلادلىرىدىن ئۈمىدۋار بولغان ھالدا كۆمۈر بىلەن نېفىتنىڭ ئورنىنى ئۆسۈملۈكلەر باسىدىغان ئېھتىماللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلغان تەقدىردىمۇ ھاۋانىڭ زىيادە ئىسسىشى تۈپەيلىدىن ئوتنىڭ ئۆسۈملۈكلەرگە بولغان تەھدىتى تېخىمۇ زورىيىدۇ. شۇ چاغدا ئىنسانلار ئوت ئۈستىدە ئويلىنىشقا كېچىككەن بولسىمۇ، ئوتنىڭ ئۆزلىرىگە ئەكەلگەن پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇنداقتا، ئوت بولمىغان بولسا ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن بولارمىدى؟

ئىنسانلار ئوتقا ئېرىشىشتىن ئىلگىرىكى ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارنى ئوتسىز ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمدىن باشقا جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن ھازىرغىچە ئوتسىز ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. دېمەك، ئوت بولمىغان بولسىمۇ ئىنسانلار يەنىلا ياشاپ كېلىۋەرگەن بولاتتى.

ئوت ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئېنېرگىيىلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئىنسانىيەت ئالىمىگە نىسبەتەن پاسسىپ ئېنېرگىيە ھېسابلىنىدۇ. ئېنېرگىيە ئۇقۇمى كۆپ خىل تۈرلىنىشلەرگە ئىگە بولىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە غەيرىي ئوت مەنبەلىك ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىلىرى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىدىن باشقا ئېنېرگىيە مەنبەلىرى، جۈملىدىن سۇنئىي ئېنېرگىيە مەنبەلىرىمۇ ئېچىلىۋاتىدۇ. دېمەك، ئوت بولمىغان بولسىمۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى يەنىلا تەرەققىي قىلىپ كېلىۋەرگەن بولاتتى. بەلكىم تەرەققىيات سۈرئىتى، تەرەققىيات دەرىجىسى جەھەتلەردە بەلگىلىك پەرقلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بىراق بۇ پەرقلەر ھەرقانچە يۇقىرى مۆلچەرلەنگەن ھالەتتىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئوت سەۋەبىدىن مەھرۇم بولغانلىرىنى ھەرگىز قامدىيالمايدۇ. بۇلاردىن شۇنى جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، ئوت ئۆزىنىڭ ئىلاھىي نوپۇزىنى مەڭگۈلۈك ساقلاپ قالالمايدۇ.

## 3

كىشىلەر ئەمەلدارلارنىڭ ئادىل، ئىقتىدارلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئادالەتسىز، ئىقتىدارسىز ئەمەلدارلاردىن يىرگىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئادىل، ئىقتىدارلىق ئەمەلدارلار بەك ئاز، ئىقتىدارسىز ئەمەلدارلار بەك كۆپ بولىدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەب بار:

1. ئادىل، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ئەمەل-مەنسەپ كۆزلىمەسلىكى، ئادالەتسىز، ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ ئەمەلپەرەسلىكى. بەزى كىشىلەرنىڭ ئەمەلدارلىق لاياقىتى بولسىمۇ، ئەمەلدارلىققا ئىنتىلمەيدۇ ھەم بۇنى ئېسىل پەزىلەت ، دەپ قارايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئەمەلدارلىق لاياقىتى بولمىسىمۇ، ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن ئىنتىلىدۇ ھەم بۇنى «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى» دەپ ئاتىۋالىدۇ. بۇ ھال ئەمەلدارلار تەركىبىدە ئادىل، ئىقتىدارلىق ئەمەلدارلار ئاز، ئادالەتسىز، ئىقتىدارسىز ئەمەلدارلار كۆپ بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەمەلدارلىق لاياقىتىگە ئىگە بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئەمەلدارلىققا ئىنتىلىشى پەسكەشلىك ھېسابلانغاندەك، ئەمەلدارلىق لاياقىتىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئەمەلدارلىققا ئىنتىلمەسلىكى ئېسىل پەزىلەت ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئېسىل پەزىلەت خەلق ئۈچۈن ئىشلەش روھىنى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا، ئەمەلدارلىققا ئىنتىلمەسلىكتىن ئىبارەت پاسسىپ روھ خەلقپەرۋەرلىك پەزىلىتى بىلەن سىغىشالمايدۇ. ئەمەلدارلىق لاياقىتىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئەمەلدارلىققا ئىنتىلىشى ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئوبرازىغا ھەرگىز نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەقىقىي خەلقپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خۇددى جەڭچىنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلانغىنىغا ئوخشايدۇ. ئەمەلدارلىق لاياقىتىگە ئىگە بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئەمەلدارلىققا ئىنتىلىشى ھەرگىزمۇ ئېسىل پەزىلەت ھېسابلانمايدۇ، ئۇلار گەرچە خەلق ئۈچۈن ئىشلەش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز شەخسىيىتىنى چىقىش قىلغان بولىدۇ. بۇ خۇددى دۈشمەن جاسۇسىنىڭ قارشى تەرەپ قوشۇنى ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغىنىغا ئوخشايدۇ.

2. ئادىل، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ چەتكە قېقىلىشى، ئادالەتسىز، ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ قەدىرلىنىشى. جەمئىيەتنىڭ تەشكىلاتچىلىق ئىستىلى

بۇزۇلۇپ، خەلقپەرۋەرلىك پرىنسىپى قۇرۇق شوئارغا ئايلىنىپ قالغان شارائىتتا پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ھاكىمىيەت خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى بولماي، خەلقنىڭ نامىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاكىمىيىتى بوپقالىدۇ. يارامىلىقلارنى ئىشقا قويۇش خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن، ھاكىمىيەتنىڭ تەقدىرىگە پايدىلىق بولسىمۇ، ئۇلار چەتكە قېقىلىدۇ. يارامسىزلارنى ئىشقا قويۇش خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ، ھاكىمىيەت ئۈچۈن خەۋپلىك بولسىمۇ، ئۇلار قەدىرلىنىدۇ. بۇ ھال ھاكىمىيەت سورۇنلىرىدا ئادىل، ئىقتىدارلىق ئەمەلدارلار ئاز، ئادالەتسىز، ئىقتىدارسىز ئەمەلدارلار كۆپ بولۇشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەدىب ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي مۇنداق يازىدۇ:

شاھ يانىن فەرزىن كەبى كاجلەر مەقام ئېتمىش، نىتاڭ،
راستىرەۋلەر ئېرسەدىن گەرتۇتسەلەر روھتەك قىران.

بۇ مىسرالاردا كاززاپ ـ پەسكەش ئادەملەرنىڭ شاھنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالىدىغانلىقى شاھمات تاختىسىدا شاھنىڭ يېنىغا تىزىلىدىغان، خالىغان يۆنىلىشتە يول يۈرۈدىغان پەرزىن (گەردە) گە، ئادىل ـ ھەققانىيەتچى كىشىلەرنىڭ چەتكە قېقىلىپ قالىدىغانلىقى شاھمات تاختىسىنىڭ ئەڭ چېتىگە تىزىلىدىغان، پەقەت توغرا يۆنىلىشتىلا يول يۈرۈدىغان روھ (توپ) قا تەدبىق قىلىنىدۇ. يارامىلىقلارنى چەتكە قېقىپ، يارامسىزلارنى ئەتىۋارلايدىغان ھاكىمىيەت تەشكىلاتچىلىق ئاتموسفېراسى زىيادە بۇزۇلغان، خەلقنىلا ئەمەس، ماھىيەتتە ئۆزىنىمۇ ئويلىمايدىغان، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدىغان ھاكىمىيەت بولۇپ، بۇنداق ھاكىمىيەتنىڭ تەقدىرى مۇنقەرزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**3. ئادىل، ئىقتىدارلىق ئەمەلدارلارنىڭ تەرەپدارلىققا ئېرىشەلمەسلىكى، ئادالەتسىز، ئىقتىدارسىز ئەمەلدارلارنىڭ تەرەپبازلىققا دۇچ كەلمەسلىكى.** كىشىلەر ئەمەلدارلارنىڭ ئادىل، ئىقتىدارلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئادىل، ئىقتىدارلىق ئەمەلدارلارنىڭ چەتكە قېقىلىشىغا ئۆز مەنپەئىتىنىڭ زىيانىغا ئۇچرىشى ھېسابىدا قارىيالمايدۇ، ئۇلار ئۈچۈن ھەققانىيەتنى ياقىلاپ، ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرالمايدۇ. ئۇلار يەنە ئادالەتسىز، ئىقتىدارسىز ئەمەلدارلاردىن نەپرەتلەنسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەل سورۇنلىرىدىن شاللىنىشىغا كۈشەندىلەرچە مۇئامىلە قىلالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تەبىئىيكى، ئادىل، ئىقتىدارلىق ئەمەلدارلار ئازلاپ، ئادالەتسىز، ئىقتىدارسىز ئەمەلدارلار كۆپىيىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ تەشكىلاتچىلىق ئىشلىرىغا بىپەرۋالىق بىلەن قاراش كىشىلەردىكى ئىجتىمائىي مۇۋازىنەت سېزىمىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئاجىز، ئۆزىنى قەدىرلەش، جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش ئېڭىنىڭ تولىمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇئەييەنكى، ئۇ، ئۆز تەقدىرىگە بىپەرۋالىق قىلغانلىق بولۇپ ماھىيەتلىشىدۇ.

## 4

بەزى كىشىلەر شەخسىيەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق، شەھۋانىيلىق قاتارلىق مەنىۋى ئىللەتلەردىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ، قاتتىق يىرگىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۇ خىل ئىللەتلەردىن خالىي كىشىلەر سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ ھۆرمەت- ئېھتىرامىغا ئېرىشىپ، ئەڭ ئالىي ئىخلاس بىلەن ئۇلۇغلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ كىشىلەرنى شەخسىيەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق، شەھۋانىيلىق قاتارلىق مەنىۋى ئىللەتلەردىن پۈتۈنلەي خالىي كىشىلەر دېگىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق نورمال ئادەمدە شەخسىيەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، شەھۋانىيلىق قاتارلىق مەنىۋى مىقدارلار مەلۇم دەرىجىدە بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل مەنىۋى مىقدارلاردىن خالىي ئادەم بار دېيىلسە، ئۇنداق ئادەمنى نورمال ئادەم دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

ئۇنداقتا شەخسىيەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق، شەھۋانىيلىقتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدىغان ۋە قاتتىق يىرگىنىدىغان كىشىلەرنى ساختا قىياپەتلىك دېيىش كېرەكمۇ؟ ياق، بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە ئالىيجانابلىقى يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەنىۋى مىقدارلاردىن خالىي بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى كونترول قىلالىغانلىقىدا. دېمەك، ئالىيجانابلىق ۋە پەسكەشلىكنىڭ ئۆلچىمى ئىنسان روھىنىڭ يامان سۈپەتلىك مەنىۋى مىقدارلاردىن خالىي بولۇش ـ بولماسلىقىدا ئەمەس، ئۆز روھىيىتىدىكى يامان سۈپەتلىك مەنىۋى مىقدارلارنى كونترول قىلغان ـ قىلالمىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۆزىدىكى يامان سۈپەتلىك مەنىۋى مىقدارلارنى كونترول قىلالىغانلار ئالىيجاناب، كونترول قىلالمىغانلار پەسكەشلەر، دەپ قارىلىدۇ.

## 5

يامان ئادەملەرنىڭ ياخشى قىياپەتكە كىرىۋېلىشى بۆرىنىڭ قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋېلىشىغا ئوخشىتىلىدۇ، شۇنىڭدەك بۆرىنىڭ قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋېلىشى رەزىل قىلمىش، دەپ قارىلىدۇ. ئۇنداقتا بۆرىنىڭ قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋېلىشى راستىنىلا ئەيىبلەشكە تېگىشلىك رەزىل قىلمىشمۇ؟

بۆرىنىڭ قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋېلىشى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقلىي قىممىتى سەلبىي خاسلىققا ئىگە ئەمەس. چۈنكى بۆرە قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋېلىپ قويلارغا پاراكەندىچىلىك سالغىنىدەك، قويلارمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن بۆرە تېرىسىگە ئورۇنۇۋېلىپ، بۆرىنىڭ ئەدىپىنى بەرسە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە بۇنداق ئىشلار كۆپ كۆرۈلىدۇ. دۈشمەن جاسۇسلىرىنىڭ قارشى تەرەپكە سوقۇنۇپ كىرىۋالغىنىدەك، قارشى تەرەپ ئادەملىرىمۇ دۈشمەن فورمىسى بىلەن نىقابلىنىپ، دۈشمەن سېپىگە كىرىۋېلىپ، دۈشمەننىڭ بۇرنىغا چالما تىزىدىغان ئىشلار مۇھىم كۈرەش تاكتىكىلىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

دېمەك، بۆرىنىڭ قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋېلىشى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك رەزىل قىلمىش ئەمەس، بەلكى بۆرىنىڭ قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋېلىپ قىلغان يامان ئىشلىرى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك رەزىل قىلمىش. ۋەھالەنكى، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئەيىبلەشكە تېگىشلىك

نەق ئىشلار ئەيىبلەنمەي، ئەيىب ھېسابلانمايدىغان ئىشلار ئەيىبلىنىدىغان، ئوقنى نىشانىنىڭ ئۆزىگە ئاتماي سايىسىگە ئاتىدىغان ئىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

## 6

نۇرغۇن كىشىلەر مۇكاپات، نام-ئاتاققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇكاپات، نام-ئاتاق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مۇكاپات، نام-ئاتاق ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىقتىدار، مۇۋەپپەقىيەت، نام-شەرەپنىڭ ماركىسى ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە مۇكاپات، نام-ئاتاق بىلەن ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي سالاھىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەت بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەرقاچان ئۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ.

**1. مۇكاپات ۋە نام-ئاتاق نەتىجىلەر نەرقىغە نىسبەتەن ھەقىقىي بولۇشى ناتايىن.** بەزى نەتىجىلەر جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ ھېچقانداق مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەيدۇ. بەزى نەتىجىلەر جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ مۇكاپاتلىغۇچىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاچقا، مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. بەزىدە جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىمۇ ياكى مۇكاپاتلىغۇچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىمۇ مۇكاپاتلىنىش سالاھىيىتىنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى بولالمايدۇ. چۈنكى بەزى نەتىجىلەر ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، جەمئىيەتنىڭ ياكى مۇكاپاتلىغۇچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەي، مۇكاپاتلىنىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. تارىختا مېندېلنىڭ ئىرسىيەت قانۇنلىرىغا ئوخشاش قانچىلىغان شانلىق نەتىجىلەرنىڭ تەقدىرى شۇنداق بولغان. دېمەك نەتىجىلەرنىڭ ھەقىقىي دەرىجىسى جەمئىيەتنىڭ ياكى مۇكاپاتلىغۇچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، مۇكاپاتلىنىش، مۇكاپاتلانماسلىقىغا ئەمەس، ئىلمىي، ئىجادىي قىممىتىگە باغلىق بولىدۇ.

**2. ئەڭ ئالىي مۇكاپات ۋە ئەڭ ئالىي نام-ئاتاق ئەڭ ئالىي نەتىجىلەرگە بېرىلىشى ناتايىن.** مۇكاپات، نام-ئاتاق باشقىلارنىڭ باھالىشى ئارقىلىق بېرىلىدىغان بولغاچقا، باھالىغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. باھالىغۇچىلارنىڭ ناقابىللىقى، باھالاش شەرتلىرىنىڭ ناباب بولۇشى تۈپەيلىدىن ياخشىلىرى شاللىنىپ، ناچارلىرى مۇكاپات، نام-ئاتاق ئالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئۆز قىممىتىنى مۇكاپات، نام-ئاتاق ئارقىلىق ئۆلچەش ئىشتىياقى ئاقىلانە ئىشتىياق ھېسابلانمايدۇ.

**3. مۇكاپات، نام-ئاتاق ھەۋەسى بار كىشىلەر ئاگاھ بولغايكى، مۇكاپات، نام-ئاتاقلارنىڭ ھەممىسىلا قىممەتلىك بولۇۋەرمەيدۇ.** ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئىپلاس ئىگىلەرنىڭ ياكى قاراقورساق ، نادان-ناكەسلەرنىڭ مۇكاپات، نام-ئاتاقلىرىغا ئىنتىلىش ھەم ئېرىشىش ئادەم ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرمەيلا قالماستىن، ئادەمنىڭ شەنىگە مەڭگۈلۈك داغ كەلتۈرىدۇ. شۇڭا مۇكاپات، نام-ئاتاق مۇئامىلىسىدە مۇكاپات، نام-ئاتاق دەپلا خۇدىنى يوقىتىپ قويماي، كىمنىڭ، قانداق شەرتلەر بويىچە بېرىلىدىغان قانداق مۇكاپات ھەم قانداق نام-ئاتاق ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەك

مۇكاپاتلىنىش، نام-ئاتاق قازىنىش ئۈچۈن يارىتىلغان نەتىجىلەر تېگىشلىك نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات، نام-ئاتاقلار كەبىي خالىس بولمايدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى مۇكاپات، نام-ئاتاق ئۈچۈن ئەمەس، ھەقىقىي مۇكاپات، نام-ئاتاقلىق ئىشلار ئۈچۈن كۈرەش قىلغان دۇرۇس.

## 7

سەددىچىن سېپىلى دۇنياۋى زور قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى. جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ بىر مۆجىزە. شۇنداقلا جۇڭگولۇقلارنىڭ پەخرى. ئۇنداقتا، سەددىچىن سېپىلىنى ھەقىقەتەن جۇڭگولۇقلارنىڭ قىممەتلىك تەۋەررۈكى ھەم جۇڭگولۇقلارنىڭ پەخرى دېيىشكە بولامدۇ؟

دەرۋەقە، سەددىچىن سېپىلىنى جۇڭگو خەلقى ياسىغان. بىراق جۇڭگو خەلقى بۇ قۇرۇلۇشنى ۋەزىنگە چۈشلۇق ئەھمىيىتى نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەمەس، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە قۇرۇپ چىققان. ئۇ، جۇڭگو ئەمگەكچىلىرىنىڭ قان-تەرى بىلەن قۇرۇلغان ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھويلا تېمى، سانسىزلىغان جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ قەبرىسى. شۇڭا ئۇنى قەدىمكى زاماننىڭ بۈيۈك قۇرۇلۇشلىرىدىن بولغان كارىز، ئۇلۇغ قانال ۋە بۈگۈنكى كۈندىكى سەنشيا سۇ ئامبىرى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا سېلىشتۇرغىلى، چوڭ قۇرۇلۇش دېگىلى بولسىمۇ ، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش دېگىلى بولمايدۇ. تارىخىي قۇرۇلۇشلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى قىممىتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى كىم، قانداق مەقسەت بىلەن قۇرۇپ چىققان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەلۇم دەۋر ياكى مەلۇم مىللەتنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى ۋە باشقا تارىخىي ئەھۋاللىرىدىن بېشارەت بېرەلەيدىغان، بەلگىلىك تارىخىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتىن سەددىچىن سېپىلىنى جۇڭگودىكى خان سارىيى، قەدىمىي قەبرىلەر ۋە مىڭئۆيلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلىمۇ بولمايدۇ.

بۇ قۇرۇلۇش گەرچە «جۇڭگو خەلقى ئەمگەكچان خەلق» دېگەن ھۆكۈمنى دەلىللەپ بېرەلىسىمۇ، «جۇڭگو خەلقى باتۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك خەلق» دېگەن پىكىرگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. سەددىچىن سېپىلى قانداق سەۋەب، قانداق مەقسەت بىلەن قۇرۇلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، پايدىسى زىيىنىنى قامدىيالمايدىغان بۇنداق زور قۇرۇلۇشنى قۇرۇپ چىقىش باتۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك خەلق ئۈچۈن ئەقىلغە سىغمايدۇ ياكى بىر خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، ئەقىل-پاراسىتىنى نامايىش قىلىشى ئۈچۈن بۇنچىلىك زور بىھۇدە بەدەل تۆلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، سەددىچىن سېپىلى جۇڭگولۇقلارنىڭ پەخىرلىنىشىگە ئەرزىيدىغان كاتتا قۇرۇلۇش ئەمەس، جۇڭگولۇقلار ئۇنى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەخمەقانىلىقىدىن كېلىپ چىققان غايەت زور تراگېدىيىنىڭ خاتىرىسى، دەپ بىلىشى ھەم ئۆز ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان قاراڭغۇ تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى، دەپ تونۇشى كېرەك.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان ئازسانلىق مىللەتلەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M1)



# رېئاللىقنىڭ قاتلىمىنى ۋاراقلاپ

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي

## 1

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئىمپېراتور ئاقساق تېمۇر بىر پۇتى قىسقا، بىر كۆزى قىسىق ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئوردىسىغا بىرنەچچە رەسسامنى چاقىرتىپ رەسىمىنى سىزدۇرۇپتۇ.

بىرىنچى رەسسام ئاقساق تېمۇرنى پۇتلىرى ساپساق، كۆزى بىجىرىم بىر ئادەم سۈپىتىدە سىزىپتۇ. ئاقساق تېمۇر بۇ رەسسامنى كاللەكلەشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ئىككىنچى رەسسام ئاقساق تېمۇرنى تۇرقى - سىياقى قانداق بولسا شۇ پېتى - ئاقساق، كۆزى قىسىق ھالەتتە سىزىپتۇ. ئاقساق تېمۇر رەسىمگە قاراپ بۇ رەسسامنىمۇ كاللەكلەشكە بۇيرۇپتۇ.

ئۈچىنچى رەسسام ئىككى كەسپدىشىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى كۆرۈپ، بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن رەسىمنى سىزىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ رەسىمدە تەسۋىرلىنىشىچە، جاڭگالدا بىر كىيىك قېچىپ كېتىۋاتقان، ئاقساق تېمۇر ئاقساق پۇتى بىلەن تاشقا دەسسەپ ئوقيا تارتىپ، قىسىق كۆزىدە كىيىكنى قارىغا ئېلىۋاتقانىكەن. . . ئاقساق تېمۇرگە بۇ رەسىم بەك ياراپ كېتىپتۇ ۋە رەسسامنى كاتتا مۇكاپاتلاپتۇ.

بۇبىر ئىبرەتلىك ۋە تولىمۇ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ھېكايە.

تەپەككۇرى نىسبەتەن گال ياكى تەپەككۇر قىلىشقا ئىنتىلمەيدىغان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئۇ ياشاۋاتقان مۇھىت ياكى كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى ئاڭلىغان ئىشلار دۇنيانىڭ ئومۇمىي مەۋجۇدلۇقى ۋە ئاددىي ھالدىكى رېئاللىقىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، رېئاللىق پەقەت رېئاللىق دېمەكتۇر. كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەر رېئاللىقنىڭ ھەممە قىسمىدۇر. تەپەككۇر قىلغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، رېئاللىق ئۇنداق ئاددىي بولمايدۇ، سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ تونۇغان رېئاللىقى پەقەت رېئاللىقنىڭ بىزگە يۈزلەنگەن مەلۇم قىسمىدۇر. رېئاللىقنىڭ بۇ بىر پارچىسى ھەرگىزمۇ پۈتكۈل رېئاللىقنىڭ ئۆزى ئەمەس. دۇنيا ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان سېھىرلىك كىتاب. رېئاللىق شۇ كىتاب قۇرلىرىدا روشەنلىشىۋاتقان ھەقىقەتتۇر.

خرىستىئان دىنىنىڭ بىر پوپى: «دۇنيادا بىرلا خىل 〈 ئىنجىل 〉 مەۋجۇد، ئەمما ھەر بىر خرىستىئان مۇرىتىنىڭ 〈 ئىنجىل 〉 نى چۈشىنىشى بىلەن 〈 ئىنجىل〉 نىڭ ئەسلى مەنىسى قوشۇلۇپ نۇرغۇن يېڭى 〈 ئىنجىل〉 پەيدا قىلىغان» دېگەن مەنىدىكى بىر گەپنى قىلغان. يەنە بىر مىسال: ئىككى ئادەم سەپەرگە چىققان، بىرسى يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بىلەن يولغا چىققان، ئىككىنچىسى تەبىئەت توغرىسىدا يېزىلغان بىر پارچە كىتابنىلا ئېلىۋالغان، نەتىجىدە بىرىنچى كىشىنى يېرىم يولدا ياۋايى ھايۋانلار يەۋەتكەن، ئىككىنچى كىشى بولسا، كىتابنىڭ ياردىمىدە ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ، ئاخىرقى مەنزىلگە بىخەتەر يەتكەن. رېئاللىقمۇ دەل مۇشۇ ئىككى مىسالدىكى

www.uyghurkitap.com

مەنىدىن خالىي ئەمەس. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە رېئاللىق «ئوبيېكتىپ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان بارلىق شەيئىيلەر، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. ھەقىقەتەن رېئاللىق يۇقىرىقى ئىزاھتىكىدەك پەقەت بىر، لېكىن كۆزەتكۈچىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇ ھەرخىل تۇرلىنىدۇ. كۆزەتكۈچى بۇ قاتلارنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى كۆرگەن بولىدۇ، بۇ قاتلار ماھىيەتتە رېئاللىقنىڭ قاتلىرىدۇر. مىسالى، ئالدىمىزدا بىر ئىستاكان سۇ بولسۇن، تەپەككۇرى ئاددىي ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ پەقەت بىر ئىستاكان سۇ، چوڭقۇرراق تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ بىر سۇئىسىملىك ماددا، ئوكسىگېن بىلەن ھىدروگېنىدىن تۈزۈلگەن، خىمىيىلىك تۈزۈلۈشى $H_2O$، بۇ ئىككى ئادەم نەزىرىدىكى سۇنىڭ رېئاللىقى ياكى سۇنىڭ ماھىيىتى قانداق پەرقلەر ئىگە؟ قايسى خىل رېئاللىق سۇنىڭ ماھىيەتلىك رېئاللىقىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ؟

يەنە مىسال ئالساق، ئالدىڭىزدا بىر ئادەم سىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا شۇ چاغدىكى رېئاللىق ئۇ ئادەمنىڭ سىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىشىمۇ ياكى كۈلۈمسىرەش كەينىگە يوشۇرۇنغان مۇددىئامۇ ۋەياكى شۇ مۇددىئانىڭ كەينىدىكى مۇددىئامۇ؟

بىز بۇ ئەھۋالنى تەھلىل قىلساق، كۈلۈمسىرەش شۇ چاغدىكى رېئاللىقنىڭ بىرىنچى قاتلىمى، كۈلۈمسىرەش كەينىدىكى مۇددىئا رېئاللىقنىڭ ئىككىنچى قاتلىمى، مۇددىئانىڭ كەينىدىكى مۇددىئا رېئاللىقنىڭ جەۋھىرى بولۇشى مۇمكىن.

مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن خۇلاسە چىقارساق مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشىمىز: بىر قىسىم كىشىلەر كۆزى كۆرگەن، قولىقى ئاڭلىغان رېئاللىقنى رېئاللىقنىڭ ئۆزى، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش خاتا ئەمەس، لېكىن ئىلمىيلىك كەمچىل. مەسىلەن، بىر ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بىر تال ئۇرۇق پەقەت بىر تال دان بولسا، يەنە بىر ئادەم ئۇچۇن ئۇ بىر تال ئۇرۇق بىر باغلام ئەنجە ياكى خامان بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بىلگەن رېئاللىقنى تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆزىتىدۇ، مۇلاھىزە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىكى ماھىيەتلىك ۋە ماھىيەتسىز نەرسىلەرنى ئايرىپ چىقىدۇ، شۇ ئارقىلىق رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىگە يېقىنلاشماقچى بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن رېئاللىق بىلەن تەپەككۇر كۆزى تاسقاپ چىققان رېئاللىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرىدۇ ۋە رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىگە چەكسىز يېقىنلايدۇ. بۇلار ھەقىقىي تەپەككۇر قىلغۇچىلاردۇر.

مىللەتنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئادىتىمۇ ئوخشاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارنىڭ رېئاللىقنى ئىدراك قىلىشىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي

تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر مىللىي تۈپنىڭ تەپەككۇر خاھىشى رېئاللىقنىڭ تاشقى قاتلىمىنى رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى دەپ تونۇسا، ئۇلارنىڭ تەقدىرى رېئاللىقنىڭ يادروسىنى رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى دەپ بىلىدىغان مىللەتلەرگە قارىغاندا، شورلۇق بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بەدىئىي تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بېرىپ پەلسەپىۋى تەپەككۇرغا سەل قارىغان مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىمۇ ئانچە ياخشى بوپكەتمەيدۇ.

قىسقىسى، رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى تەپەككۇر كۆزى بىلەن يالىڭاچلاپ چىقىش رېئاللىققا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. تەقدىرنىڭ تەدبىرىگە دېيىلگەندەك، رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش، ئۆزىنى تونۇش، ئۆزى ھەققىدە ئىلمىي يەكۈنگە ئىگە بولۇش، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇقەررەر ئالدىنقى شەرتىدۇر.

## 2

مەرھۇم يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئەڭ قان ـ ياشلىق ۋە جەڭگىۋار سەھىپىلىرىدىن بىرى بولغان 1940 ـ يىللار ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى تارىخىنى يورۇتۇشقا بېغىشلانغان ئېپوس خاراكتېرلىك رومانى «ئانا يۇرت» 20 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە (مۇھەررىرىدىن) قالتىس زىلزىلە قوزغىدى. روماننىڭ باھاسى قىممەت، تىراژى كۆپ بولسىمۇ، بىر ـ ئىككى ئاي ئىچىدىلا سېتىلىپ تۈگەپ، قايتا نەشر قىلىنىشى نەچچە يىلدىن بېرى ئېقىپ يۈرۈۋاتقان: «ئۇيغۇرلار كىتاب ئوقۇمايدۇ» دېگەن بىر تەرەپلىمە، ھاقارەتلىك سېسىق گەپنى چىققان يېرىگە تىقىۋەتتى.

روماننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى زادى نەدە؟ رومان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ شانلىق سەھىپىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغانلىقى ئۇچۇن شۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازاندىمۇ ياكى باشقا سەۋەبىمۇ بارمۇ؟

تارىخ قايتا تەكرارلانمايدىغان، ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئۆتمۈشتۇر. ئۆتكەن كۈنلەر بىزدىن قانچە يىراقلاشقانسېرى شۇنچە غۇۋالىشىدۇ، شۇنچە سىرلىق تۈس ئالىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تارىخنى ۋاراقلاپ بېقىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ. ماھىيەتتە بۇ ئىستەك بۈگۈنكى رېئاللىق ـ تارىخنىڭ بۈگۈنكى نەتىجىسىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ كۆرۈش تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىققان تارىخىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى قىدىرىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇش جەريانىدۇر.

كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىقنى سەزگۈ ئەزالىرىمىز بىلەن بىۋاسىتە سېزىپ، قەلب كۆزىمىز بىلەن ماھىيىتىگە چوڭقۇر ئانالىز قىلىش، بىۋاسىتە تۇيغۇ بىلەن تاراشلاپ بېقىش مۇمكىن. تارىخنى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. تارىخنى بۇنداق ئانالىز قىلىش ھوقۇقى تارىخ ئېقىمىنىڭ ئەينى دەۋرىدىكى تەپەككۇر ئىگىلىرىگىلا مەنسۇپتۇر.

كېيىنكىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن تارىخ ئەسلىي تارىخ بىلەن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان ياكى

تارىخچىلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان ۋەياكى مەلۇم مۇددىئانىڭ تۈرتكىسىدە مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىلگەن، تارىخچى ھېسسىياتى بىلەن ھەقىقىي تارىخنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تارىختۇر. شۇڭا، ھەقىقىي تارىخقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇش ياكى تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ يىلتىزىنى كولاپ بېقىشقا ئىنتىلىش تارىخ تەتقىقاتىنى ئۈزۈلمەس ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە نۇرغۇن تارىخىي ھادىسىلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارىخ يازغۇچىنىڭ ئېھتىياجى ياكى چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن باشقىچە تۈس ئالىدۇ ياكى بۇرمىلىنىدۇ. بۇ خىل ئامىل تارىخنى قېلىن بىر قەۋەت سىرلىق پۈركەنجىگە ئورايدۇ. تارىخىي رومان ئۆلۈك تارىخنى بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ياردىمىدە تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇش جەريانىدۇر. لېكىن بىر پارچە تارىخىي روماننىڭ يېزىلىپ پۈتكەنلىكى مەلۇم دەۋر تارىخىنىڭ تىرىلگەنلىكى ئەمەس، بەلكى تارىخنىڭ تارىخ ھەۋەسكارلىرى سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ تارىخ بىلەن تېخىمۇ يېقىن ئۇچرىشىشى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە كونكرېتلاشقانلىقىدۇر. تارىخىي رومان يەنە بەدىئىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىن ئىبارەت سومرۇغنىڭ بۈگۈنگە ئېشىپ قالغان ئىسكىلىتىنى قايتىدىن سومرۇغ ھالىتىگە كەلتۈرۈش جەريانىدۇر. بۇ جەريان تارىخ ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمىي تەتقىقات يولىدىن ئايرىلىپ قالسا، بىز سومرۇغ دەپ قوراشتۇرغان گەۋدە ئەمەلىيەتتە توخۇ بولۇپ چىقىشى، ھەتتا ھېچنېمىگىمۇ ئوخشىماسلىقى مۇمكىن.

«ئانا يۇرت» ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى تارىخىغا بېغىشلانغان تۇنجى يىرىك ئەسەر ئەمەس. يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ 1980-يىللىرى نەشر قىلغان «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى بۇ ھەقتە تۇنجى قېتىم روياپقا چىققان يىرىك ئەسەردۇر. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئوخشاشلىقى، ئىككىلىسى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ھەر ئىككى روماننىڭ باش قەھرىمانى دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان يىگىتلەر. لېكىن ئىككى ئەسەرنىڭ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتى ئوخشاش ئەمەس. «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى ئەينى دەۋر چەكلىمىسى ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىدىن ئىبارەت مەلۇم دەرىجىدە سىرلىق تارىخنىڭ تاشقى -ھادىسىۋى قاتلىمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن چەكلەنگەن. «ئانا يۇرت» رومانىدا بولسا، بۇ تارىخنىڭ ھادىسىۋى - تاشقى قاتلىمىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، روماندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئاللىق تارىخىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىگە تېخىمۇ چوڭقۇر يېقىنلاشتۇرۇلغان. ئەلۋەتتە، بىر پارچە روماننى مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە قىلىدىغان ئامىل بۇلا ئەمەس، تىل، ئوبراز ئامىللىرىنى چەتكە قاقالمايمىز.

1980-يىللاردا ئېلان قىلىنغان، 1910-يىللاردا يۈز بەرگەن قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا بېغىشلانغان ئىككى رومان - ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۈچمەس ئىزلار» بىلەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانىدىمۇ يۇقىرىقى ھادىسە مەۋجۇد. ئالدىنقى رومان شۇ دەۋر رېئاللىقىنىڭ ھادىسىۋى قاتلىمىنى ئىپادىلەش بىلەن قانائەت تاپقان بولسا، كېيىنكى رومان رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن. ئەمما بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق «ئۈچمەس ئىزلار» بىلەن «ئىلى دولقۇنلىرى»نىڭ ئەينى تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىشى يولىدىكى قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تۇنجى قەدەمنى باسقانلىقىدەك ئالاھىدە رولىنى ئىنكار قىلالمايمىز. ئايشەم ئەخمەت بىلەن ئابدۇراخمان قاھار بۇ قۇرۇلۇشنىڭ پەلەمپىيىنى بەرپا قىلدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن زوردۇن سابىر بولسا، شۇ پەلەمپەي ئارقىلىق يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى.

ئەينى دەۋر تارىخىي رېئاللىقىنىڭ ماھىيىتى زادى نەدە؟ ئابدۇراخمان قاھار بىلەن زوردۇن سابىر ئەمدىلا بۇ تارىخنىڭ ئالدىنقى بىر نەچچە بېتىنى ئۆرۈپ كۆردى. بەلكىم تارىخنىڭ ماھىيىتى تارىخنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىدە بولۇشى مۇمكىن .

## 3

قارىماققا خەلقىمىز ناھايىتى سەزگۈر، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. تارىخنىڭ بوران- چاپقۇنلىرىدا بەكمۇ ئۇزاق قېقىلىپ - سوقۇلۇش جەريانى ئۇلارغا تارىخىي نەتىجىلەر سەۋەبىنىڭ يېگانە ياكى تاق لېنىيىلىك ئەمەسلىكىنى تونۇتقان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئەڭ قىزىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىشتىنىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى بىلەن كارى يوق ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى كلىنتوننىڭ ئاشنىسى ھەققىدە زوق-شوق بىلەن مۇلاھىزە قىلىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرى شۇنچىلىك ئاددىي، يۈزە، ئاساسلىنىدىغان پاكىت مەتبۇئاتلاردا خەۋەر قىلىنغان «جەڭنىڭ توققۇز رەڭ، بىرسى جەڭ» دېگەندەك خاراكتېر ئالغان يۈزەكى تاشقى ھادىسىلەر. . .

ھازىرقى دۇنيادا بىر مىللەتنىڭ سىياسىيغا قىزىقماسلىقى بىر ئاپەت. لېكىن بۇ ئاپەت ھەممىشە شۇ مىللەتنىڭ ئىچكى خاراكتېرلىك ئاپىتىدۇر. بۇ خىل ئاپەت يا ئۇلارنى سىياسىينىڭ سىرتىغا چۆرۈپ تاشلايدۇ، يا بولمىسا سىياسىينىڭ ئەڭ ئەجەللىك قايىنىمىغا تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرمىللەتنىڭ سىياسىيغا ھەددىدىن زىيادە قىزىقىشىمۇ شۇ مىللەت ئۈچۈن دۇنياۋى خاراكتېرلىق ئاپەتتۇر.

. سىياسىيغا قىزىقىش - قىزىققاندىمۇ سادda، گومۇشلارچە قىزىقىش، سىياسىي رېئاللىقنىڭ قاتلىرىنى ۋاراقلاپ باقماي، ئەڭ تاشقى سىياسىي ھادىسىلەرنى سىياسىينىڭ ماھىيىتى دەپ بىلىپ قېلىش ئۇيغۇر مىللىتىگىلا خاس بولغان ئالاھىدە سىياسىي ھادىسە.

ھازىرقى دۇنيا بىر سىياسىي دۇنيا. بىز كۆزىتىۋاتقان رېئاللىقمۇ مەلۇم سىياسىي رېئاللىق ئۈستىگە قۇرۇلغان رېئاللىق. دېمەك، بۇ خىل رېئاللىقنىڭ يەنە بىر ماھىيىتى دەل ئۇنىڭ سىياسىي رېئاللىق بولغانلىقىدا.

سىياسىيئونلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيا بىر شاھمات

تاختىسى. بىر دۆلەت، بىر مىللەت شۇ شاھمات تاختىسىدا ئوخشىمىغان رول ئالغۇچىلار. تارىخ پەقەت بىر مەيدان شاھمات جەريانىدۇر.

سىياسىي رېئاللىق، رېئاللىقتا ئوخشاش نۇرغۇن قاتلارغا ئىگە، ھەربىر قاتقا مەلۇم سىياسىي مەنا يوشۇرۇنغان. بۇ خىل رېئاللىقتا رېئاللىقنىڭ يادروسىغا ئۆتكۈر تەپەككۈر كۆزى، كۆزىتىش ئىقتىدارى بولمىسا يەتكىلى بولمايدۇ.

مىسالى، بىر دۆلەت پرېزىدېنتىنىڭ يەنە بىر دۆلەتكە زىيارەتكە بېرىشى قارىماققا بىر نورمال دىپلوماتىيە پائالىيىتى. مانا بۇ شۇ رېئاللىقنىڭ ئەڭ سىرتقى قاتلىمى، يەنى ئاشكارا قاتلام. ئادەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي مۇلاھىزىسى مۇشۇ ئاشكارا قاتلامدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ ۋە مۇشۇ قاتلامدىكى بەلگىلەرنى ئايلىنىپ دەۋر قىلىدۇ. پرېزىدېنتىنىڭ زىيارەت مەقسىتى ئىككىنچى قاتلام. بۇ قاتلامنىڭ يېرىمى يوشۇرۇن، يېرىمى ئاشكارا بولىدۇ ۋە ياكى ماھىيەتلىك تەرىپى يوشۇرۇن، ماھىيەتسىز تەرىپى ئاشكارا بولىدۇ. ئىككىنچى قاتلام رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىمۇ؟ شۇنداق بولۇشى ناتايىن. ئۈچىنچى قاتلام زىيارەت ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجە. تۆتىنچى قاتلام نەتىجە ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇددىئا ۋە نەتىجە كەينىدىكى مۇددىئا. ئۇنداقتا بۇ يەردىكى رېئاللىقنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

يۈز بېرىۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتكە ئائىت خەۋەرلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولساق ۋە ئۇلارنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلساق، نۇرغۇن كۈتۈلمىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىمىز.

1991-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، دۇنيادا دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتتىن پەقەت ئامېرىكىلا قالدى. سوۋېت تەھدىتىنىڭ يوقىلىشى، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي خىراجىتىنى ئازايتىشقا تۈرتكە بولدى. لېكىن ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، ئامېرىكىنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە تازا پايدىلىق ئەمەسلىكىنى سېزىپ قالدى. ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ زور بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان قورال-ياراق تەتقىق قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، شىركەتلىرى ھەربىي خىراجەتنى ئازايتىش دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قورال-ياراق تەتقىقاتى مەبلىغىدىن قىسىلىشقا باشلىدى. بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە ئامېرىكىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلىك ئورنىغا ۋە دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامېرىكىنىڭ قورال-ياراق تەتقىقاتىنى جانلاندۇرۇش، قورال-ياراق كارخانىلىرىنى يېڭى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن يېڭى بىر پىلان — NMD — باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇش سەۋەبلىرىنى خەلققە مۇنداق چۈشەندۇردى:

1. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، سوۋېت تەھدىتى تۈگىدى. لېكىن شىمالىي چاۋشيەن، كۇبا، لىۋىيە، ئىراق، ئىراندەك ئامېرىكىغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان، دەرىجىدىن تاشقىرى قىرغۇچى قوراللار ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنىكىسىغا ئىگە دۆلەتلەر ھېلىمۇ مەۋجۇت. ئامېرىكا زېمىنىنى ئۇلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

2. تېررورىزم دۇنيادا يېڭى بىر خەۋپكە ئايلاندى. يەنەبىر نەچچە يىلدىن كېيىن خەلقئارالىق تېررورلۇق گۇرۇھلىرى ئاتوم قورالى، بىئو-خىمىيىلىك قوراللارغا ئىگە بوپقېلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئامېرىكا تۇپرىقىغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن.

ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل تەشۋىقىسىغا ماسلىشىپ، ھوللىۋودتىكى كىنو شىركەتلىرى بۇ ھەقتىكى تېررورلۇق فىلىملىرىنى ئارقا-ئارقىدىن بازارغا سالدى. لېكىن كىنو دېگەن كىنو، بۇنداق ئىشلار رېئاللىقتا يۈز بەرمىسە، قايىل قىلىش كۈچى ئۇنچە چوڭ بولمايدۇ. ئىشەنچىسىز دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىنتايىن قىزىقارلىق ۋە ئالدىن كۆرەر تەرەپ شۇكى، ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنىڭ بۇ پەرىزى ناھايىتى تېزلا ئىسپاتلاندى. 1993-يىلى ئوكلاھوما شىتاتىدا غايەت زور پارتلاش يۈز بەردى. 1995 ۋە 1998-يىللىرى ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئامېرىكىلىقلار نىشانلانغان پارتلىتىش دېلولىرى ئامېرىكىنىڭ ئىچى-سىرتىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلۈپ، يارىلاندى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەلەرنىڭ پىلانلىغۇچىسىنى ئۆزىنىڭ 1980-يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشتىكى ئىتتىپاقدىشى، ئافغانىستاندا ئامېرىكىنىڭ غايەت زور ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەن سەئۇدى ئەرەبىستانلىق باي ئۇساما بىن لادىن، دەپ قارىدى. ئىلگىرى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتقان ئامېرىكا پۇقرالىرى بىردىن ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئۆتتى.

يەنە بىر مىسال، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى مەركەزدىن قېچىش خاھىشى تۈپەيلىدىن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋارىسى رۇسىيىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاكتىپ دىپلوماتىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، غەربنىڭ كۈچلۈك دۆلەتلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. رۇسىيە ئۇلاردىكى تەسىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، نەتىجىسىز ئاياغلاشتى. لېكىن 1999-يىلى يازغا كەلگەندە ۋەزىيەتتە بىردىن كومېدىيىلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. پەرغانە رايونىدىكى ئىسلام ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىرىنى مەركەز قىلىپ تەشكىللەنگەن جۇمە نەمەنگانىي رەھبەرلىكىدىكى توپىلاڭچىلارنىڭ قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ھەرىكەتلىرى بۇ دۆلەتلەرگە غايەت زور خەۋپ بولۇپ تۇيۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىراپ رۇسىيە بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ۋە رۇسىيىنىڭ كۈچى ئارقىلىق توپىلاڭچىلارغا تاقابىل

www.uyghurkitap.com

تۈرۈشىغا تۈرتكە بولدى. رۇسىيە ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ يېتەلمىگەن مەقسەتكە جۇمە نەمەنگانىينىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ھېچقانداق بەدەلسىز يەتتى. ئۇنداقتا جۇمە نەمەنگانىي رۇسىيىنىڭ، ئۇساما بىن لادىن ئامېرىكىنىڭ ئادىمىمۇ؟ ناتايىن. لېكىن ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى بۇ دۆلەتلەرگە بىۋاستە پايدا كەلتۈردى. بەلكىم بۇ نۇقتىنى جۇمە نەمەنگانىي ۋە ئۇساما بىن لادىن ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە مۇنداق بىر سىياسىي ئويۇن فورمۇلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن: سەن قىلىۋاتقان مەلۇم ئىش ماھىيەتتە سەن پەرەز قىلىپمۇ باقمىغان مەلۇم كىشى ۋاستىلىق ھالدا ساڭا قىلدۇرۇۋاتقان ئىش بولۇشى مۇمكىن. ئۇ كىشىمۇ ئۆزى بىلمەي باشقا بىرسىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا بۇ يەردىكى رېئاللىقنىڭ يادروسى نەدە؟ بۇ يەردە ئاشكارا بولغان رېئاللىقنىڭ قاتلىمى زادى قانچە؟

بىز تېلېۋىزوردا كۆرۈۋاتقان، رادىئودا ئاڭلاۋاتقان دۇنيا پەقەت رېئاللىقنىڭ ئاددىي بىر تاشقى ۋارىقى. سىياسىي رېئاللىقنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك قاتلىرى ئادەتتە كۆپىنچە ھالدا مەخپىي قالىدۇ. بۇ مەخپىيەتنى ئەڭ سەگەك كىشىلەرلا ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

ھازىر يۈز بېرىۋاتقان بالقان يېرىم ئارىلىدىكى ئالبانلار مەسىلىسىمۇ دۇنيادىكى سىياسىي ئويۇنلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئەڭ جانلىق مىسالدۇر.

ياۋروپادا كوممۇنىزم ھەرىكىتى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن يۇگوسلاۋىيىدە ئەشەددىي مىللەتچى، مۇستەبىت، غەرب بىلەن قارشىلىشىش خاھىشىغا ئىگە مىلوشېۋىچ تەختكە چىقتى ۋە ئىزچىل غەرب بىلەن تىركىشىپ كەلدى. بۇ جەرياندا غەرب مىلوشېۋىچنى تەختتىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرى بىلەن مەخپىي بىرلەشتى ياكى ئۇلارغا ياردەم بەردى. ھەتتا كوسوۋودىكى ئالبانلارنى قوغداش نامىدا يۇگوسلاۋىيىگە ھاۋادىن ھۇجۇم قىلدى. ئاخىرى 2000-يىلى مىلوشېۋىچ تەختتىن چۈشۈپ، غەربپەرەس كوشتونىچا يۇگوسلاۋىيىگە پرېزىدېنت بولدى. شۇنىڭ بىلەن بالقان ۋەزىيىتىدە كومېدىيىلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. يۇگوسلاۋىيە ئارمىيىسى بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ئارمىيىسى بىرلىشىپ ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە ، ئالبانلارنى ئورتاق چەكلەشكە كىرىشتى. ئۇنداقتا غەرب دۆلەتلىرى زادى كىمنىڭ دوستى؟ ھېچكىمنىڭ دوستى ئەمەس، پەقەت مەنپەئەتنىڭ دوستى، خالاس.

ھازىرقى دۇنيانى مۇنداق دەپ تەسۋىر قىلىش مۇمكىن: ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى چىقىش قىلمىغان ھېچقانداق ئىتتىپاق ۋە دىپلوماتىيە مەۋجۇد ئەمەس. ئىنسانىيەت ھېلىمۇ ئاتالمىش ئىنسانپەرۋەرلىك شوئارى بىلەن ئۆزىنى گوللاپ يۈرىدۇ. ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك بولسا بەكمۇ يىراقتا تاشلىنىپ قالغان...

## 4

- رېئاللىق بىر ئېقىنغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتى تىنىچ سۇ تەكتىدىكى قايناملارغا ئوخشايدۇ. شۇڭا تارىخىي ئۆزگىرىشلەر شۇنداق تۇيۇقسىز، ئويلىمىغان چاغدا يۈز بېرىدۇ.

- خاتىرە دەپتىرىمدىن

مەشھۇر ئەرەب خەلىپىسى ھارۇن رەشىد ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا پات-پات يۇقىراچە ياسىنىپ، خەلق ئىچىگە بېرىپ ئۆز سىياسىتىگە ئائىت ئىنكاسلارنى يىغقان ۋە بۇ ئىنكاسلاردىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا جانلىق پايدىلانغان...

بۇ بىر قەدىمىي شۇنداقلا زامانىۋى ھېكايە.

ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز سىياسىتى ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان رېئاللىق ئەڭ چىن رېئاللىق بولۇشى ناتايىن. شۇڭا ھاكىمىيەت ئۆز خەلقىنىڭ رېئاللىقىنى بىلىش، كۆزىتىشكە موھتاج. ئاۋام نەزىرىدىمۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئاشكارا سىياسىي رېئاللىقى دۆلەتنىڭ سىياسىي رېئاللىقىنىڭ ماھىيىتى بولۇشى ناتايىن... شۇڭا ئاۋام سىياسىيغا دىققەت قىلىدۇ ۋە سىياسىي رېئاللىقنى بىلىپ بېقىشقا ئىنتىلىدۇ. بۇ خىل ئىنتىلىش بىر كىشىنىڭ ئۆز سىياسىي تەقدىرىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ خىل تەسەۋۋۇر بىر ئادەمنىڭ ئەتراپىدىكى رېئاللىقنى تونۇشىغا، رېئاللىققا تەسىر كۆرسىتىشىگە ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

بىر دەۋر سىياسىي رېئاللىقنىڭ ئىلغارلىقى نۇرغۇن كىشىنى بەختلىك قىلسا، سىياسىي رېئاللىقتىكى قالاقلىق ئوخشاشلا نۇرغۇن كىشىنى بەختسىز قىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ سىياسىي رېئاللىقنى چۈشىنىش دەرىجىسى شۇ ئادەمنىڭ تەقدىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىياسىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىگە يەتكەنلەرنىڭ تەقدىرى ھەمىشە ئۆز قولىدا بولسا، نەزىرى سىياسىي رېئاللىقنىڭ تاشقى قاتلىمىنى كېسىپ ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ تەقدىرى تەقدىرنىڭ قولىدا بولىدۇ. تەقدىر ئۇنى خالىسا ئاسمانغا ئاتىدۇ، خالىسا يەرگە تاشلايدۇ. تارىخىمىزدىكى نوزۇگۇم پاجىئەسى، تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز ھاجى، سېيىت نوچى تراگېدىيىسى ھەر بىر ئويغاق ئادەم ئۈچۈن دەرسلىك.

زوردۇن سابىر «ئانا يۇرت» تا پېرسوناژلىرىنىڭ تەقدىرى ئارقىلىق بۇ خىل رېئاللىقنى يەنە بىر قېتىم ئەكس ئەتتۈردى. روماندىكى نۇرغۇن پېرسوناژلار ئۆزىمۇ بىلمەي ئىنقىلابچى بوپقالدى، ھەتتا ئۆزۈم مۇنداق ئىش ئۈچۈن ئۆلۈۋاتىمەن، دەپ قاراپ تۇرۇپ باشقا ئىش ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرىپ، ئۆز ئۆلۈمىنىڭ ماھىيىتىنى بايقاشقا قادىر بولالمىدى.

رېئاللىق شۇنداق سىرلىق ۋە جىلۋىگەر. ئۇ سىزنىڭ ۋە مېنىڭ، سانسىزلىغان مەنلەرنىڭ ئەقىل كۆزى ئارقىلىق ۋاراقلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

2001-يىل، 19-ئىيۇن، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ماائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى (M1)



# مۇبارەكنامە

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە 250 سان چىققانلىقىغا بېغىشلايمەن

نۇرمۇھەممەت توختى

## 1

ئېگىز-ئېگىز تاغ باشىدىن
سىيرىلدىم تۈزگە.
قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك
ئېچىلدىم سىزگە.

— خەلق قوشىقى

ئادەم قەلبى دائىم نامەلۇم بىر خىل هاياجانغا تەشنا بولۇپ تۇرىدۇ. ئەدەبىياتتا بۇ خىل تەشنالىقنى قاندۇرغۇچى ئامىل شېئىرىي پىكىر ۋە شېئىرىي ھېسسىيات. هاياجانلاندۇرۇش جەھەتتە نەسرىي ئەسەرلەر ۋە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمىلەر تەرتىپ بويىچە شېئىردىن كېيىن تۇرىدۇ. بۇ، ئەدەبىيات بىلەن ئۇنىڭدىن بەھىرلەنگۈچى مۇناسىۋىتىنىڭ ئەسلى يارىتىلىشى ياكى ھازىرقى زامان سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئىچكى قانۇنىيەت. ئەمما كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بۇ يارىتىلىشتا ياتلىشىش كۆرۈلدى. كىشىلەر هاياجاننى شېئىرىيەت چوققىلىرىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، نەزەرىيىۋى مۇھاكىمىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن تېپىۋالغاندەك قىلىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن باشلاپ داغدۇغىسىز، بۇرۇقتۇرما، كۆل سۈيىدەك دولقۇنسىز تۇرمۇش شېئىرىي هاياجاننى

## تەبرىك ۋە ئۈمىد

سوۋۇتۇۋەتتى. ئارقىدىنلا ھاياجىنىنى ھېكايە-پوۋېستلاردىن ئىزدەش يۈزلىنىشى رومان داللىرىدىن ئىزدەشكىچە سوزۇلۇپ باردى. ئارىدا قىستۇرما بولغان ئەدەبىي ئاخبارات ھاياجانلىرىمۇ ئۇزاق داۋام قىلمىدى. ئۇلار ھاياجان ئۈزلۈكسىزلىكى بىلەن تەمىن ئېتەلمىدى. تۇرۇپ كۆتۈرۈلۈپ، تۇرۇپ پەسىيىپ تۇرغان قىزغىنلىقتىن كەلگەن ھاياجان تەشنالىقنى قاندۇرالىغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. گەرچە ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىڭ يېڭىلىنىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار كۆتۈرگەن ھاياجان نىمجان ھالەتكە چۈشۈپ قالمىسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرىمىزگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ كەملىكىدىن، ئۇلارنىڭ دەۋرىدە يەنىلا ئومۇمىي ھاياجان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلىشى ناتايىن. تېخى ھازىر نەسرىي ئەدەبىيات قىزغىنلىقىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلەر ئۇچرىغان مۇئامىلىگە گىرىپتار بولۇش يۈزلىنىشى كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ قىزغىنلىقنىڭ نەزەرىيىۋى مۇھاكىمىلەر پەيدا قىلغان ھاياجاندىن خېلىلا تۆۋەن تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز.

ئۆپچۆرىمىزگە ئازراق دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەشنا بولغان ھاياجىنىنى شېئىرلىرىمىزدىن، ھېكايە-پوۋېست، رومان - قىسسەلىرىمىزدىن كۆرە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمىلەردىن ئېلىۋاتقانلىقى ئايان بولىدۇ. بۇ، ئەسىر ئاخىرىدىكى ئون يىلدا ئىزچىل شۇنداق بوپكەلدى. دەسلەپتە ئېتنىك نۇقسانلار، ئۈزلۈكتىن ياتلىشىشلار ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر يۈرەكلەرنى دۈپۈلدەتكەن بولسا، ئارقىدىنلا يېڭى پەلسەپىۋى پىكىرلەر ، ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار، تارىخىي مەدەنىيەت قاتلاملىرىمىزنى قىدىرىشلار ھاياجانلىرىمىزنى تولۇقلاپ تۇردى. كىشىلەر ئۇچراشقانلىرىدا ئەنە شۇ ماقالىلەر ھەققىدىلا پاراڭلىشىدىغان بولدى. قەغەزگە چۈشۈرۈلمىگەن مۇھاكىمىلەر قىزىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىدىن ھاياجان بالقىپ تۇراتتى. . .

ھاياجانغا ئېرىشىش ۋاستىلىرىمىزدا تەتۈر سىيرىلىش كۆرۈلدى دېگىنىمىز ئەنە شۇ. ھاياجان بەخش ئېتىش ۋە ھاياجانغا ئېرىشىش جەھەتتىكى بۇ خىل تەتۈر سىيرىلىشنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ خىل بولسىمۇ، خەلقىمىز ئىچىدە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمىلەر چوڭقۇرلۇقىغا شۇڭغۇيالىغۇدەك قاتلامنىڭ يېتىشىپ چىقىۋاتقانلىقى ئاساسىي ئامىل بولۇشى مۇمكىن. ئىككى-ئۈچ يىل بۇرۇن دىققەتكە سازاۋەر بولغان «شېئىرىي مىللەت» ۋە «پەلسەپىۋى مىللەت» توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەرنى ئەسكە ئالساقلا، بىزدە «پەلسەپىۋى مىللەت» كە خاس ئامىللارنىڭ بىخلىنىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ ۋە بۇنى بىز ھاياجانلىنىش جەھەتتىكى تەتۈر سىيرىلىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا چۈشۈشىمىزنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىمىز. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 14.5% نى ئىگىلەيدىكەن، ساپاسى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان بۇ سان گەرچە تەرەققىي تاپقان ئامېرىكىنىڭكىدىن ئون ھەسسە تۆۋەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن يەنىلا بىزدىمۇ خېلى كۆلەملىك زىيالىيلار توپى شەكىللەنگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. زىيالىيلار توپىنىڭ شەكىللىنىشى «پەلسەپىۋى مىللەت» كە ئايلىنىشنىڭ باشلانغانلىقىدىن بىشارەت بولۇشى مۇمكىن. بۇ، تەتۈر سىيرىلىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا جەم بولۇشىمىزدىكى سەۋەبلەرگە يەنە بىر مىسال بولالايدۇ.

بەلكىم بىز، تەشنالانغان ھاياجانىنى كۆپرەك ئاشۇ دادىل ماقالىلەر، يېڭىچە پىكىرلەر كەلتۈرۈپ چىقاردى، دېيىشكە ھەقلىق بولۇشىمىز مۇمكىن. بۇ خىل قاراشنىڭ ۋەزنى خېلى جىڭ باسىدۇ. ئۇزاق مەزگىل دۇچار بولغان پەلسەپە نامراتلىقى، نەزەرىيە بىرخىللىقى ۋە ئىدېئولوگىيە قاتماللىقىدىن كېيىن، بىرەر يېڭىچە پىكىرنىڭ ھاياجان پەيدا قىلىشى تەبىئىي كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. تەشنالىقنى ئالدىنقىسى پەيدا قىلىدۇ، ھاياجان كېيىنكىسىنىڭ مەھسۇلى.

بىزنى ھاياجان بەخش ئەتكۈچى يېڭى پىكىرلەردىن كىم خەۋەردار قىلدى؟ دېگەن مەسىلىدە توختىلىدىغان بولساق كۆز ئالدىمىزدا بىر پارلاق سەھىپە ئايان بولىدۇ. باشقا مەجمۇئەلەرنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىشقا ھەقلىق بولماسلىقىمىز مۇمكىن. لېكىن يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدە نۇرلۇقراقى چولپان بولغاندەك، ئۇ يەنىلا نەزىرىمىز دائىرىسىدە ئەڭ ئاۋۋال چاقنايدۇ. ئۇھازىرغىچە 250 سان چىقىپتۇ، 50 يىل نەشر قىلىنىپتۇ. مۇبارەك بولسۇن!

## 2

ئوي ئويلايمەن، ئوي ئويلايمەن،
ئويچىمىدىڭمەن؟
تاغ باغرىدىن كېتەلمەيمەن،
قويچىمىدىڭمەن؟

— خەلق قوشىقى

يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى نەزەرىيىۋى ماقالىلەر، چوڭقۇر مۇھاكىمىلەر تەسىرىدىن ئىزچىل ھاياجان ئىچىدە يۈردۈم. ھەسرەتكە چۆكتۈم ۋە ئۈمىدكە تولدۇم. ھەسرەتلىرىم ئۈمىدلىرىمنى

كۆمۈپ تاشلىغان ياكى ئۈمىدلىرىم ھەسرەتلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرغان چاغلار بولدى. ھەسرەت ئۆتمۈشكە، ئۈمىد كەلگۈسىگە تالىق بولغاچقا، قەلبىم كۆكىدە كۆپرەك ئۈمىد قۇشى پەرۋاز قىلىپ تۇردى. ئۇنى ئاشۇ يېڭىچە پىكىرلەر قاناتلاندۇرغانىدى. مەسىلەن، زورۇقۇشلىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ چىققان ئاشۇ پىكىرلەر كۆڭلۈم خالىغان گەپلەرگە، كۆڭلۈم خالىغان گەپلەر بولسا، ئاشۇ پىكىرلەرگە ئوخشايتتى. قەلبىمدىكى ھاياجان بەلكىم ئاشۇ ئوخشاشلىق ئارىسىدىن چېقىلغان چاقماق بولۇشى ئېھتىمال. زۆرۈر بولغان گەپلەرنىڭ كىمنىڭ ئېغىزىدىن چىقىشى مۇھىم ئەمەس. مېنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى تېپىپ ئېيتىش بولسا، بىلىم، ئىقتىدار ۋە جاسارەتكە باغلىق ئىشتۇر. ئاشۇ خىل ئەسەرلەرنى دوستلار ئارا تەۋسىيە قىلىشىپ، بىرلىكتە مۇتالىيە قىلغان چېغىمىزدا، مۇئەللىپلەرگە تەئەللۇق مۇبارەك نام تىلىمىزغا قايتا-قايتا جارى بولۇپ تۇردى. قەلبىمىز تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇلارنى تۆرگە ئۆزىنىڭ سىل ئەمگەكلىرى باشلاپ چىققانىدى. ئالىمانە پەككۇر ئىزچىللىقى، داھىيانە پىكىر ۋھەرلىرى، ئېغىر ۋە لوگىكىلىقى كۈچلۈك جۈملىلەردىن ئىمارەت، ماتانەت ۋە باتۇرلۇق، زېرەكلىك، بىلىمدانلىق ۋە ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن پەزىلەت - تەقدىم قىلىشچانلىق بالقىپ تۇراتتى. يىراق ئۆتمۈشنىڭ شان-سەلتەنەتلىرى، جاھىلىيەتنىڭ داغ-كىر ۋە ھەسرەت - نادامەتلىرى، كەلگۈسىنىڭ غەم ۋە ئۈمىد - ئىستەكلىرى ئايان بولاتتى. بىز ئاشۇ سەھىپىلەردە ئۆتكەن ئۇزاق ئەسىرلەردىكى بوۋىلار بىلەن، مۇتەپەككۇر ئالىملار بىلەن، زاماندا‌ش بايراقدارلار بىلەن مۇڭدىشاتتۇق -تونۇشاتتۇق. ياق، بىزدە ئۇلار بىلەن مۇڭداشقۇدەك سالاھىيەت يوق. سالاھىيەتلىك مۇئەللىپلەر بىزنى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە باشلاپ كىرەتتى. قانچە ئەستايىدىل قۇلاق تۇتساڭ، شۇنچە تىرەن مەنالارنى ئاڭلايتتىڭ. ھەممە ئىش ئايان بولغاندەك، چۈشىنىكسىز ھېچنېمە قالمىغاندەك تۇيۇلاتتى. بەزىدە گىرىمسەن، تۇمانلىق ئۆتمۈشنىڭ پايانسىز جاڭگاللىرىغا تاشلىسا، تۇرۇپ كەلگۈسىنىڭ زەڭگەر كۆكىگە پەرۋاز قىلدۇراتتى. يوقالغان يوللار ئۈستىدىن كۆمۈلگەن ئىزلارنى ئېچىپ، كەلگۈسىگە يېتىدىغان چىغىرنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. سوئاللارنى پەيدا قىلاتتى ۋە جاۋاب بېرەتتى. يەنە يېڭى سوئاللار باش كۆتۈرەتتى ۋە بىز ئاشۇ ئالتۇن سەھىپىلەرگە يەنە يېپىشاتتۇق. بىزمۇ ئاستا-ئاستا يۈزە ئويلايدىغان «ئويچى»دىن «ئوي ئويلايدىغان ئويچى»غا ئايلىنىپ باراتتۇق. ئاشۇ سەھىپە ۋە سەترلەر گويا بىلىم ۋە مەنالار خەزىنىسىنىڭ يۈكسەك تېغى، بىز «تاغ باغرىدىن كېتەلمىگەن قويچى» ئىدۇق. مەنالار تېغىنىڭ ئاماگىرەبا چوققىلىرى بىزنى تۆمۈر كۇكۇنلىرىنى ئۆزىگە تارتقاندەك تارتاتتى. ئېسىل ۋاراقلارنى پۇرلەشتۇرۇشكە كۆزىمىز قىيمايتتى. كېلەڭسىز ژۇرنالنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشمۇ ئەپسىز ئىدى. ئەشۇ سەترلەرنى يانچۇق دەپتىرىمگە كۆچۈردۇم. بۇ، ئادەتكە ئايلاندى. مانا ھازىر ئالدىمدا ئاشۇ خاتىرىلەر ئېچىقلىق تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ھەممە بەتلىرى «تەرمە» بىلەن تولغان. ھەممىسى كۆچۈرۈلمە. ئۇنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ سەھىپىلىرىڭدىن كۆچۈرگەنمەن. سەن ھازىرغىچە 250 سان چىقىپسەن، 50 يىل نەشر قىلىنىپسەن. 30 يىللىقى كۈمۈش توي، 50 يىللىقى ئالتۇن توي، 70 يىللىقى ئالماس توي. . . دېگەن گەپلەر بىزدىمۇ تارقالدىغۇ. سېنىڭ ئالتۇن تويۇڭغا مۇبارەك بولسۇن!

## 3

- كىم سەن؟ - دەپ سورىدى ئۇ دەرۋىشتىن، - كىيىملىرىڭگە قارىغاندا يىراق مەملىكەتلەردىن كەلگەنگە ئوخشايسەن؟ . . .

- مەن دۇنيانى كېزىپ يالغانلار دېڭىزىدىن ھەقىقەت ئارىلىنى ئىزدىگۈچىمەن.

- «چىڭگىزخان»دىن

- مەن كىم؟ - دەپ سورايمەن مەنمۇ ئۆزۈمدىن تەرمىلەر كۆچۈرۈلگەن خاتىرەمگە قاراپ ئولتۇرۇپ. سوئال بىر، جاۋاب مىڭ. جاۋاپ ئەشۇ سەھىپىلەردىن - نەزىرىمدە شەكىللەنگەن، ماكان قاتلاملىرىدىن ھالقىپ، زامان پايانسىزلىقىغا سوزۇلغان بۈيۈكلۈكتىن، N نچى دەرىجىلىك كوئوردىنات سىستېمىسىنىڭ O نۇقتىسىدىن بالقىپ چىقىدۇ. ئاشۇ سوئالنى قاچاندۇر بىر چاغدا ئۆزىگە قويۇپ باققانلارنىڭ ھەممىسى جاۋاب بېرىدۇ.

- «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دەيدۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇنجى بولۇپ.

- «ئادەم پەقەت ئۆزىنى بىلگەندىلا رەببىنى بىلەلەيدۇ» دەپ ئۇزارتىدۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىر قاپ سامانغىمۇ يارىمىغان پەرىدىدىن ئەتتار خوش پۇراقلارغا كۆمۈلۈپ ئولتۇرۇپ.

- «ساڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭدىنمۇ يېقىن نەرسە بارمۇ؟ ئۆزۈڭگە ئەڭ يېقىن بولغان ئۆزۈڭنى بىلەلمىسەڭ، ئۆزۈڭدىن تاشقىرىقى نەرسىلەرنى قانداق بىلىسەن؟» دەپ تەنە قىلىدۇ ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل غەززالىي.

- «ئىنساننىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇش ۋە

ئىختىرا قىلىش تارىخىدۇر. . . » دەپ خۇلاسىلايدۇ ئەسەد سۇلايمان مىڭ يىللار كەينىدىن O نۇقتىغا كېلىۋېتىپ. . .

يەنە سوئاللارغا كۆمۈلىمەن. ئۆزۈمنى بىلىۋېلىشنىڭ مۇھىملىقى ئايان بولغان بىلەن ، ئۆزۈمنىڭ كىملىكى ئايان بولمايدۇ. رەببىمنى بىلمەسلىكىم ئۆزۈمنى بىلمەسلىكىمنى كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ ياكى ئۆزۈمنى بىلمەسلىكىمدىن رەببىمنى بىلمەي يۈرمەمدىمەن؟ ئېنىق بولمايدۇ. يەنە: «كىم مەن؟ » دەپ تەكرارلايمەن. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋاكالىتەن جاۋاب بېرىدۇ:

— «ئادەم مەيلى تۇغما قابىل ياكى ساھىبجامال بولسۇن، مەيلى ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىيئون ياكى جامائەت ئەربابى بولسۇن، مەيلى ئۇ ئىقتىساد ياكى ئىلىم - پەن، سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسۇن، ئۇنىڭ كامالەت ۋە مەئىشەت دەرىجىسى ، شەخسىي ئىززىتى ۋە رىقابەت كۈچى، بەخت ۋە تەقدىر -قىسمەتلىرى ، ئاخىرقى ھېسابتا شەخسىي ئىرادىسى ياكى مۇناسىۋەت ئەۋزەللىكلىرى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ھالقىپ-قاڭقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان ئۇ تەۋە ئېتنىك تۈركۈمنىڭ ئومۇمىي ھالەت چەمبىرىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. . . » ، «. . . ئادەم ئۈچ نەرسىدىن ھالقىيالىشى تەس. ئۇ، زامان، ماكان ۋە ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەت تۈركۈمىدىن ئىبارەت. . . » ، «. . . نامەردلىك — مەلۇم مەنىدە ساناقسىز كىشىلەر پادىسىنىڭ روھىي ھالىتى بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى ماكان، زامان، تۈركۈم ساپاسىدىن تەركىب تاپقان مەسخىرىلىك تارىخىي قاتلامدا. . . »

راسا چۈشىنىپ كېتەلمەيمەن. ئالىم ئۆزىنىڭ زېرەك نەزەرلىرى بىلەن بۇنى كۆرۈپ يېتىدۇ ۋە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ:

— «مەن. . . كەتمەن تۇرمۇشىنىڭ يىلتىزى ۋە شېخى قىلىنغان ماكان، زامان، مەدەنىيەت تۈركۈمىدە ياشىدىم، — دەپ ئېنىقلاشتۇرىدۇ ئۇ ، — . . . ماكان، زامان، تۈركۈم ساپاسىنىڭ تارىخىي قاتلىمى تۇپەيلى، مەنمۇ خۇددى 〈يىپەك يولى〉 بېكىتىلگەن زامانلاردىكى دادام، بوۋام ھەم چوڭ بوۋاملاردەك تەقىپ، تۇتقۇن ۋە باغلاق رىيازەتلىرىدىن خالىي بولالمىدىم. . . »

خېلى چۈشىنەرلىك بولىدۇ. ھەممىمىز چۈشىنىمىز. ھەر بىرىمىز ئۆز سوئاللىرىمىزغا ئەڭ ئىخچام ئېنىقلىما ئىشلەپچىقىرىشقا تىرىشىمىز. كۆپ تەبىرلەر بېرىلىدۇ. ھەممىسى توغرا ۋە مۇكەممەل، خاسلىقى كۈچلۈك، ھەممە تەبىرلەر تەبىر بەرگۈچىگىلا تەئەللۇق. مەن كىم؟

— مەن تەرمىلەر كۆچۈرۈلگەن خاتىرىنى ئوقۇغۇچىمەن!

سەن مېنىڭ ئەڭ قىيىن سوئاللىرىمغا جاۋاب تېپىپ بېرەلىگەن قۇرئەندازىمسەن. 250 سان چىقىپسەن، 50 يىل نەشر قىلىنىپسەن. سېنىڭ 50 يىللىقىڭنى تەبرىكلەش كېرەك.

مەن خوتەن شەھىرىدە، 1970 - يىللاردا ئۇغرىلىقچە نان سېتىلىش بىلەن داڭ چىقارغان «ئۈچ بۇرجەك بازار» غا - بۈگۈنكى قىزىلگۈل بازىرىغا باردىم. خىمىيىۋى ئۇغۇت بىلەن ئەي بېرىلگەچكە، قىزىلگۈل پۇرىقىنى يوقىتىپ ياتلىشىشقا يۈزلىنىپتۇ. پوچتىخانا ۋاكالىتەن يەتكۈزۈپ بېرىدىغان يات ۋە سۈنئىي يېتىشتۈرۈلگەن گۈللەرنى ئالغۇم كەلمىدى. مەن ئەتە - تاڭدا يورۇڭقاشنىڭ قاشتېشى چايقاپ ئېقىۋاتقان قىرغاقلىرىغا چىقىمەن. ئۇ يەردە تەبىئىي ئۆسكەن ياۋا گۈللەر پۇراق چاچىدۇ، بىنەپشىرەڭ گۈللەيدۇ. ئۇنىڭدىن دەستە تىزىمەن. تېخى ھېچكىم بۇنداق ئېسىل گۈلدەستىنى يارجانانىغا تۇتۇپ باقمىغان! قوبۇل قىل، تەبرىكىمنى قوبۇل قىل. . .

## 4

مەن كىمنىڭ ئوغلىمەن، ئويلىماڭچۇ؟

— م. باغراشنىڭ ماقالە ماۋزۇسى

«مەن كىم؟ » گە بېرىلگەن ئېنىقلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن «بىز كىم؟ » نى ئېنىقلىۋېلىش زۆرۈر بولىدۇ. N نچى دەرىجىلىك كوئوردىنات سىستېمىسىنىڭ O نۇقتىسىدا سۆھبەت قىزىپ كېتىدۇ. ئىشتىراكچىلار سانجاق - سانجاق. قەدىمدىن ھازىرغىچە، چوڭدىن كىچىككىچە، ئوقۇغۇچىدىن ئالىمغىچە ھەممىسى سۆز قاتىدۇ:

— «ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن مىللەت — باشقىلارنىڭ ئالدىدا قۇل مىللەت» دەپ قولىنى پولاڭلىتىدۇ گېرمانىيە دەرسخانىسىدا ليودۋىگ فېيرباخ.

— «ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىگە ، ئۆز قىممىتىگە توغرا باھا بېرەلمەيدىكەن ، ئۇ مەۋجۇد بولۇشتىن قالىدۇ» دەيدۇ فېرىدرىخ نېتزىي.

— «مىللەت — ھەر زامان، ھەر قاچان ئۆزىنى ئەينەن كۆرسىتىدىغان ئەينەككە موھتاج» دەيدۇ ئەنۋەر مەتسەئىدىي كونكرېتلاشتۇرۇپ.

«گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان 500 يىل داۋامىدا . . . تارىم ۋادىسى . . . ئاستا-ئاستا بەللىرى

مۇكچەيگەن، ساقاللىرى چاڭگىلاشقان، ۋۇجۇدى قېرىغان بىر بوۋايغا ئايلاندى. نەۋائىيدىن كېيىنكى 500 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىكى 〈ۋاكۇئۇملۇق〉 ئەمەلىيەتتە ئىچكى جەھەتتىكى روھىي مەھكۇملۇق بىلەن تاشقى جەھەتتىكى تەنھا يېتىملىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى. . . نەۋائىينىڭ ئىجادى ئارقىلىق تىكلەنگەن پىكىر كامالىتى قايتا مەيدانغا كەلمىدى. ئەقلىيلىك پرىنسىپلىرىدىن خالىي، تەپەككۇر نامراتلىقى هۆكۈم سۈرگەن ۋە جاھالەت تۇمانلىرىغا ئورالغان تۇرغۇنلۇق دەۋرى باشلاندى. . . ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرغۇنلۇق مىللەتنىڭ پىسخىك تىندۇرمىسىنى قېرىتىپ، روھىيەت قۇرۇلمىسىنى قېلىن لاتقىلار بىلەن كۆمۈپ تاشلىغانىدى. ئۇلار بىرخىللىقتا، رايىشلىقتا ۋە جاھاننىڭ رەپتارىغا كۆنۈككەنىدى. ئۆزىنى ئۆزى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيتتى، قوزغىتالمايتتى، ھەيدىيەلمەيتتى. . . » دەپ ھەسرەت چەكتى ئەسەد سۇلايمان غېرىبلىق بىلەن. ئۇنىڭ دوكتورلۇق تەقيسىنىڭ لېنتىلىرى زامان شامالىرىدا ئۇچۇپ تۇراتتى.

- «ئۇلاردا ئەجدادلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش - ئالغا سىلجىتىش روھى بولمىدى. ئۇلار پەقەتلا ئوقىدى، ماختىدى ۋە تەقلىد قىلىپ تۇزدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھارغىن روھى پىكىر ۋە تەپەككۇردىن يىراق ئىدى. ئون ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندا ، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت-غۇرۇرى، بەخت-سائادىتىنى ئىلگىرى سۈرۈدىغان ھەرقانداق بىر بايقاشنى روياپقا چىقىرالمىدى. ئۆتمۈشتىن قالغان ئىدىيە سىستېمىلىرىغا بىرەرمۇ يېڭى ئۇقۇم قوشالمىدى. . . » دەپ يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئېچىپ تاشلىدى ئارنولد گىببۇن.

- «بۇ يەرگە (قەشقەرغە) ئىسلام دىنى كەينىچىلەپ كىرىپتۇ. . . » دەپ نادامەت چەكتى مۇسا جارۇللا. . .

Nىنچى دەرىجىلىك كوئوردىنات سىستېمىسىنىڭ Oنۇقتىسىدا سۆھبەت قۇرغانلارنىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى باردەك قىلاتتى. كۆكتىن: «شۇنداق قىلىپ، نېمە ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى؟» دېگەن سوئال چۈشتى. ئالىم -مۇتەپەككۇرلارنىڭ دىققەت مەركىزىنى - پىكىر يۆنىلىشىنى بۇرايدىغان ۋاقىت كەلگەنىدى.

- «ئۇلارنىڭ بىر توپ سەبىرچان، ئۆتمۈشكە سېغىنغۇچى مۇرىتلىرى بولسا، كېيىنكى دەۋرنىڭ بىر يۈرۈش رايىش ۋەزخانلىرىغا ئايلاندى» دەپ گېپىنىڭ داۋامىنى چۈشۈردى ئارنولد گىببۇن.

- «نادانلىقىمىز تۈپەيلى تەقدىرىمىز تۈز سۈيدەك ئاچچىق بولۇپ كېتىۋەردى. ئەڭگۈشتەرلىرىمىز ئېتىبارسىز قېلىۋەردى. يول بەلگىسى يوق يوللاردا ئېغىز-بۇرنىمىزنى قان قىلىپ كېتىۋەردۇق. كۆرمىگەن كۈنىمىز قالمىدى. . . » دېدى يالقۇن روزى.

- «تارىم ۋادىسى ئۇزاققا سوزۇلغان غېرىبلىق ئازابى ئىچىدە كلاسسىك دەۋردىن هازىرقى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەلدى» دېدى ئەسەد سۇلايمان.

- «بۇ يەر 21-ئەسىرگە دېھقانچىلىق بىلەن كىرىپ دېھقانچىلىق بىلەن چىقىپ كېتىدىغان بولدى. . . » دەپ ھەسرەت چەكتى ئابدۇقادىر جالالىددىن. ئۇنىڭ ھەسرىتى قوش ئىدى. چۈنكى «ئۇنىڭ بۇيىل خوتۇنى يوق» ئىدى.

- «مىللىتىمىز ئەقىل مىللىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلىگەن بولسىدى، ھەرگىزمۇ ھازىرقىدەك چوڭىمىزدىن كىچىكىمىزگىچە قىلغىلى ئىش يوقتەك غىتىلداپ ئۇسسۇل ئويناپ يۈرمىگەن بولار ئىدۇق » دېدى ئىبراھىم ئەمەت.

- «كىتاب - ژۇرنال سېتىۋالىدىغانلار. . . هاراق- تاماكا سېتىۋالىدىغانلاردىن ئاز. گېزىت-كىتاب ئوقۇيدىغانلار بىكار لەلەڭشىپ يۈرۈپ پىتنە-پاسات توقۇيدىغانلاردىن ئاز. قانداق قىلسام بىرەر كەسىپ ئىگىلەپ كېرەكلىك ئىشلارنى قىلالايمەن، دېگەنلەر ئۈستىدە پىلان سوقىدىغانلار بىليارد تاختىسى ئۈستىدە تاش سوقۇدىغانلاردىن ئاز. . . » دېدى ئەنۋەر مەتسەئىدي كونكرېتلاشتۇرۇپ.

- «زەئىپلىشىش ئىجادىيەت كۈچىنىڭ يوقالغانلىقىدىن، بۆلۈنۈش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. زەئىپلىشىش سەۋەبى ماددىدا ئەمەس، روھىيەتتە، سىرتقى ئامىللاردا ئەمەس، ئىچكى ئامىللاردا بولىدۇ. زەئىپلىشىش - ئىچكى كېسەللىكلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. بەلكى مۇقەررەر ھالدا ھادىسە سۈپىتىدە ماددىي سەۋەبلەردىن ئاۋۋال روي بېرىدۇ» دېدى ئارنولد توينبىي.

- «خەلققە يېتەرلىك جاسارەت ئاتا قىلىدىغان نۇرغۇن زۆرۈر نەرسىلەردىن ۋاز كېچىلسە ، مىللەت ئاستا-ئاستا خارابلىشىدۇ» دېدى مونتىسكيۇ.

- «مەلۇم بىر مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئورتاق بىر روھىي بىرلىكنى تۇتۇپ تۇرغۇچى چوڭ كېلىمات ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھامان ئۇنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان ئۇششاق كېلىماتلارغا مەنىۋى يوقىتىش ئەكېلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەتنىڭ گىنىنى ساقلاپ تۇرغۇچى ئىچكى پىسخىك تىندۇرمىدا بوشلۇق شەكىللىنىدۇ» دېدى ئەسەد سۇلايمان.

- «ئىدىيىمىز ئىجتىمائىي غايىمىزدىن چەتنەپ، ھوقۇقتا بولغان ھېرىسمەنلىككە بۇرۇلغىنىدا، ئۇ چاغدا ئەنە شۇنداق مەستخۇش ۋە

www.uyghurkitap.com

غالجىرلاشقان ھالەتتە، بىز نورمال بولمىغان بىر دۇنيادا ياشاپ قالىمىز. ئۇ يەردە بىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمىز ساغلام بولمايدۇ، ئەركىنلىكىمىز ئەركىن بولمايدۇ» دېدى رابىندىرانات تاگور.

— «ئىنسانىيەتنى مىسلىسىز پارلاقلىققا ئېرىشتۈرگەن ئېتىقاد سۇسلىشىپ، پۇل كارنايلىرىدىن چىقىۋاتقان جەلپكار سىمفونىيە ئادەملەرنى تەۋەككۈلچىلىككە، قاراملىققا، رەھىمسىزلىككە ئۈندەپ، كەلگۈسى دۇنياغا بولغان ئىشەنچ — ئەقىدىنىڭ بوھرانىدىن شەپە بەرمەكتە» دېدى مەتتۇرسۇن ئابدۇللا.

— «تەلەي دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىرىيېرىدە بۇ يەردىكىدەك تۇتۇرۇقسىز ئەمەستۇر» دېدى مونتىسكيۇ.

— «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى» دەپ كونكرېتلاشتۇردى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن جاھالەت دەۋرى ئۈستىدە توختىلىپ. كۆكتىن، ياق، N نچى دەرىجىلىك كوئوردىنات سىستېمىسىدا قاياقنىڭ كۆك ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز، كۆكتىن ئەمەس، غايىبتىن سوئال چۈشتى.

— سەۋەب نېمىدە؟

— «ئىجادكارلىقى بولمىغان مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىمۇ بولمايدۇ» دەپ جاكارلىدى ئاتاتۈرك ئاناتولىيىدىكى ئەڭ يۈكسەك چوققىلارنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرۇپ.

— «جەسۇرلۇق — ھەرقانداق بىر قەۋمنىڭ ئىسمى-جىسمىغا لايىق مىللەت بولۇپ تۇرالىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەنىۋى دەسمىي، بۇ دەسمىيدىن ئايرىلىپ قالغان مىللەت، يوقىلىش يولىدا بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىۋاتقان مىللەت سانىلىدۇ» دېدى تەكلىماكانىي «ئەزھەر» دە ئوقۇۋاتقان چېغىدا.

— «بىر مىللەت ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر خورسىندى ئىللەت — ئۇنىڭ جاسارەتسىزلىكى، ساختا ئىپتىخار ۋە بىكار تەلەپلىكى» دەپ سۆز قاتتى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: — «بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى بىلىشى، دۇنيانى بىلىشى ۋە مۇشۇ بىلىشلەردىن شەكىللەنگەن ئالغا قاراش — ئالغا ئىلگىرىلەش ئېڭى، ئۆزىگە چۈشلۇق روھىيەت قۇدرىتى، بۇ روھىي قۇدرەتنى سىرتلاشتۇرۇپ ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالايدىغان دادىل كۆرەش قىلىش جاسارىتى بولمىسا . . . بەرىبىر بىكار».

— «كۈنسېرى يىمىرىلىۋاتقان مىللىي ئاڭ ۋە ئېتىقاد كرىزىسى بىزنىڭ ئىرادىسىز، بېلى بوش ئەبگاللارنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل ھامان بىچارىلىك ۋە مىسكىنلىكنى چىللاپ تۇرىدىغان ئوسال خاراكتېرنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. ئۇ بولسىمۇ، مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم تەبىئەتلىكتۇر» دەپ قوشۇلدى تەكلىماكانىي.

— «بىزنىڭ تەپەككۇر جەھەتتىكى چېكىنىشىمىز — مىللەتنى ھالاكەتكە ئاپىرىدىغان ئەڭ ئەجەللىك مەسىلىدۇر. تەپەككۇرى ساغلام بولمىغان مىللەتنىڭ روھىيىتىنىڭ ساغلام بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېدى ئىبراھىم ئەمەت.

— «مىللەت گۆدەكلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئەڭ ئاۋۋال زىيالىيلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن ئىزدەش لازىم» دېدى خەنزۇ مۇتەپەككۇرى خې شىن سۆز قېتىپ: — «زىيالىيلار سەرگەردانلارنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەرىكىتىنى نەزەرىيە، نىشان، غايە ۋە تاكتىكا بىلەن تەمىنلەيدۇ. سىياسىي داھىي ئۇلارنى تەشكىللەيدۇ. . .».

— شۇنداق. «زىيالىيلار بىر مىللەتنىڭ باشلاپ ماڭىدىغان سەركىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بىراق بىزنىڭ سەركىلىرىمىز خەلقنى ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىمۇ توغرا يولغا باشلىيالمايۋاتىدۇ. . .» دەپ غەزەپلەندى باتۇر روزى.

— «بىزدە مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنى دۇنياۋى ئېقىمغا ئەكىرىدىغان بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ ماسلىشىشچان مېخانىزملىق قۇرۇلمىسى بارلىققا كەلمىدى. . .» دېدى ئابدۇقادىر جالالىدىن.

— «مىللەتنى زامانىۋى تەپەككۇر ۋە دۇنيانىڭ ھازىرقى تەرەققىيات قەدىمىگە يېتەكلەشتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك روھىيەت بىناكارلىقىنى يەنىلا زىيالىيلار ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. زىيالىيلار ئالدى بىلەن ئۆزىنى تونۇپ، ئىدىيىسىنى تەلتۆكۈس ئازاد قىلىپ، ئادەم بولۇشنىڭ تۇنجى ئۆتكىلىدىن ئۆتەلىسىلا . . .» دېدى ئىبراھىم ئەمەت.

— «ئەپسۇسكى، ئۇلار ھەسەتخورلۇق، ئىزا-ئاھانەت، زىيانكەشلىك، چېقىم ۋە خورلۇققا ئەڭ كۆپ ئۇچرىغۇچىلاردۇر. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بەك بەرداشلىق، كۆتۈرۈشلۈك، قېيداشتىن خالىي. مىللەت ئېڭىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ھەممىنى بىلىپ، چۈشىنىپ تۇرىدۇ. بۇ روھىيەت ئەزىمەتلىرى غەپلەتكە بوي بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن چېكىدىغان قايغۇ-ھەسرىتى ھەممە ئادەمنىڭكىدىن تولا. بىراق بۇ ئۇلارنىڭ شەخسىي ئازابى بولماستىن، بەلكى بىر ئەلنىڭ، شۇ ئەل خەلقىنىڭ ئازابىدۇر» دېدى مەتتۇرسۇن ئابدۇللا يەنە.

— «ئۇلار ھەرھالدا تارىختىن، دۇنيادىن، ھەقىقەت ۋە ئادالەتتىن خەۋەردار. . . يېڭىلىقنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى، مۇئەييەن تەرتىپ قېلىپى بەكمۇ سۈرۈلۈپ كەتمەسلىكىنى ناھايىتى ئاددىي ۋە ئۈمىدۋار خاھىش قىلىشقان. . . ئۇلار چۆلدە كۆرۈنىدىغان ئالۋۇندەك بار دېسە بار، يوق دېسە يوق قىسقا ئۆمۈرلۈك ھوقۇق ئەھلىگە قارىغاندا، خەلق

تۆركۈمى قويندا يالتىراپ تۇرغان بىباھا گۆھەرلەر... ئۇلار يۇقىرىنىڭ قولى، تۆۋەننىڭ خوجىسىلىق ماھىيەتلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن ئۇنتىغاتسىز ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن ۋىجدان مۇختارىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مەغرۇر...» دەپ قوشۇپ قويدى ھۆرمەتلىك ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن.

رىئاللىقىم ـ كەچمىشىم ۋە سەۋەب ھەققىدىكى سۆھبەتلەر كىملىكىم ھەققىدىكى سوئالنى تېخىمۇ ئېنىقلاشتۇرغانىدى. N نىچى دەرىجىلىك كوئوردىنات سىستېمىسىنىڭ O نۇقتىسىغا ـ خاتىرجەم سەھىپىلىرىگە تىكىلدىم. ھەممىسى ئىز ۋە يەنە ئىز ئىدى. ئاشۇ ئىزلارنى بويلاپ ماڭسام، تولىمۇ يىراقلارغا كېتىپ قالاتتىم. رىئاللىققا قايتىشىم زۆرۈردەك تۇيۇلدى. بىزنىڭ كىملىكىمىز ئېنىق بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىم ھەققىدە سەل كېيىنرەك خۇلاسە چىقارساممۇ بولاتتى. ھويلامدىكى خوراز چىللىدى، قۇشقاچلار ۋىچىرلاشتى. رىئاللىققا قايتتىم. سەن 250 سان چىقىپسەن، 50 يىل نەشر قىلىنىپسەن. تەبرىكلەش كېرەك. كاككۇك ۋە قارلىغاچنىڭ سايرىشى 50 يىللىقىڭنى تەبرىكلىگەن شادىيانە بولسۇن، مۇبارەك!

## 5

سىنىڭگەنۇ سىنىڭگەن،
سىنىڭ بولماي كىمنىڭگەن؟
ئاتۇشنىڭ بازارىدىن
سېتىۋالغان قۇلۇڭگەن.
ـ ئاتۇش خەلق ناخشىسى

O نۇقتىغا قايتىپ كەلدىم. ئۆزۈمگە بېرىلگەن باھانى بىلگۈم بار ئىدى. مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلدىم. ئۇلار مەقسىتىمنى چۈشەندى:

ـ «قول دېگەندە يۈرەك، شىجائەت ۋە جاسارەت بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ماددىي تۇرمۇشتا پەقەت ۋە پەقەت خوجايىنىنىڭ قولىغا قاراقلىق. مەنىۋى تۇرمۇشتا بولسا، خوجايىنىنىڭ ئېغىزىنى ماراقلىق. خوجايىنى نېمىنى ‹يە› دېسە شۇنى يەيدۇ، خوجايىنى نېمىنى ‹دە› دېسە، شۇنى دەيدۇ...» دېدى تەكلىماكانىي قىلچە يۈز خاتىرە قىلماي ۋە ئارقىدىنلا قوشۇپ قويدى: «مەھكۇم مىجەزلىك ۋە مەزلۇم تەبىئەتلىكلىكىنىڭ كاساپىتىدىن مۇتلەق قۇلچىلىقنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بۇ خىلدىكى ئادەملەر ئەمەلىيەتتە ھېچبىر مەسىلىنىڭ ئادالەت بىلەن ھەل قىلىنىشىغا يار-يۆلەك بولالمايدۇ...»

ـ «قۇللۇقتا ئادەتلىنىپ قالغان ئادەمدىن سۆيگۈ تەلەپ قىلىش ـ خۇددى مۈردىدىن گەپ تەمە قىلغانغا باراۋەر... بىزدە قۇللۇقتا ئادەتلىنىپ قېلىش پسىخىكىسىغا گىرىپتار بولمىغانلاردىن ئازادى قانچىلىكى چىقار؟» دېدى باتۇر روزى.

ـ «...بىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملىرىمىزدە... سىياسىي ئاڭ شەكىللەنمىگەن. سىياسىي ئاڭ ئورنىغا چېچىلاڭغۇلۇق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئورنىغا سانتىمىنلىق ـ مۇناپىقلىق باش كۆتۈرگەن...» دېدى ئىبراھىم ئەمەت. ئۇنىڭ سۆزى باتۇر روزىنىڭ سوئالىغا جاۋاب ئىدى.

ـ «مەنمەنلىك ـ نادانلىقنىڭ بىر چوققىسى» دېدى ئىبراھىم ھەققۇلۇف.

ـ «نادان ـ ئېشەك، ھەتتا ئېشەكتىنمۇ بەتتەر. ئېشەكنى قاياققا ھەيدىسەڭ شۇ ياققا ماڭىدۇ. نېمىنى ئارتساڭ شۇنى كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ئەقىل-پاراسەت دەۋاسى يوق. بەرسەڭ توق، بەرمىسەڭ ئاچ، ئۇ بىر بىچارىدۇر... نادان ھەتتا يۇقىرىقى سۈپەتلەردىنمۇ خالىي، زاتى بىلىم لىباسىدىن مەھرۇم. ئۇنىڭ ئىشى تەكەببۇرلۇق، كېدىيىش، خىيالىدا يۈز خىل تەشۋىش ۋە ئەندىشە...» دېدى ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي.

ئۆزۈمنى يەنىمۇ ئېنىقراق بىلىۋالغاندىم. لېكىن روھىم چۈشۈپ كەتتى. خىجىللىقتىن چوڭقۇر، قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق، يىلان-چايانلار مىغىلداپ يۈرگەن ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتىم. گەرچە كىملىكىمگە ئېنىق تەبىر بېرىش مۇمكىنلىكى تۇغۇلغان بولسىمۇ جۇرئىتىم يوق ئىدى...

بالىلىرىمنىڭ ئانىسى ـ مومىيىم كىردى. دىققىتىم چېچىلدى. N نىچى دەرىجىلىك كوئوردىنات سىستېمىسىدىكى ئەنجۈمەن بۇزۇلدى. مومايىنىڭ ئېيتىشىچە، كىمدىندۇر تېلېفون كەپتۇ. چۈشتىن كېيىن ئىدارىدا مائاش تارقاتقۇدەكمىش.

سەن 250 سان چىقىپسەن، 50 يىل نەشر قىلىنىپسەن. سېنى تەبرىكلەش كېرەك. ساڭا سوۋغات ئالاي دەيمەن، لېكىن ئاينىڭ ئاخىرىدا...

## 6

«نائۈمىد ـ شەيتان»
ـ ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئۇزاق ۋە مەنىسىز تەشۋىشلەردىن كېيىن يەنە خاتىرەم سەھىپىلىرىگە تىكىلىپ N نىچى دەرىجىلىك كوئوردىنات سىستېمىسىنىڭ يىراق ۋە يېقىن جايلار، ئۇزاق ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن ئىشتىراك قىلالايدىغان ئەنجۈمەنىگە قايتىپ كەلدىم. نېمىشقىدۇر سۆھبەت ئەمدى ئوربىتىسىدىن چىقىپ، «شۇنداق قىلىپ نېمە ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى؟» دېگەن سوئالنىڭ رىلىسىغا چۈشۈۋالغانىدى. يالقۇن

www.uyghurkitap.com

روزى تۇنجى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

– «... ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى... پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلايدىغان تەقدىر ئىلاھى مىللىي ۋۇجۇدىمىزدىكى (بۇ خىل) نەچچە مىڭ يىللىق ھاياتىي كۈچكە باي ئىرسىي گىننىڭ ئۇنداق ئوڭاي يوقالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. يوشۇرۇن كۈچكە باي بۇ مىللەتنىڭ پۇرسەت ۋە تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىسىلا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى...»

– «ئەتراپىمىزدا ھەممە ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، مەن كانتقا ئوخشاش دىيانەت ئۇ دۇنيادىلا غەلىبە قىلىدۇ، دەپ قارىمايمەن. دىيانەت ھەر كۈنى غەلىبە قىلىۋاتىدۇ. قاباھەت ئۈيلىغىنىمىزدىنمۇ ئاجىز» دېدى نەجىب مەھفۇز سۆز ئېلىپ.

– «بىر مىللەتنىڭ بۈيۈك تاللاشقا دۇچ كەلگەن دەقىقىلىرى ھامان شۇ مىللەت تارىخىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بوپقالىدۇ. ئۇزاق دەۋرلەر مابەينىدە مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي گەۋدىسىگە ئاستا-ئاستا توپلانغان، ئىچكى مەنىۋى قۇرۇلمىسىنى سوغۇرۇپ كەلگەن يوشۇرۇن پىسخىك جۇغلانما دەل ئاشۇ بۈيۈك تاللاشقا دۇچ كەلگەن ھەل قىلغۇچ پەيتتە، گويا يەر تېگىدە مىليون يىللار ئۇخلاپ ياتقان ماگمىدەك بىراقلا پارتلاپ چىقىشى مۇمكىن...»، «... ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ بىر ئۇلۇغۋار تاللاشقا دۇچ كېلىشى... ۋەياكى مەلۇم بىر سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ قاتتىق غىدىقلىشىغا ئۇچرىشى، ھامان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى، پىسخىك قۇرۇلمىسىنى قايتىدىن يېڭىلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇن قوشىدۇ»، «... بىر مىللەتنىڭ دېھقانلىرى مەۋجۇت بولىدىكەن، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى تىندۇرمىسىدىكى ماھىيەتلىك ئېنېرگىيە مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ دېھقانلىرى سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشى ۋە رادىئاتسىيىلىشىگە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى جاھىللىقى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىشىدىن كېلىپ چىققان تەڭپۇڭسىزلىقنى تىنچلاندۇرىدۇ»، «دېھقان مىللەتكە خاس ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان، جاھىل، سىغدۇرۇشچان روھىي تىندۇرما، مىللىتىمىز مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى شەكىللەندۇرگەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر...» دېدى ئەسەد سۇلايمان.

– «ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىنى يارىتالىغان خەلق ئۇنداق تارىخنى قايتا يارىتالىشى مۇمكىن. ئەمما ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ قىممىتى مۇمكىنلىك بىلەن ئەمەس، ئەمەلدىكى ئىجادىيەت سەمەرىلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان قىممەتتۇر»، «... ئىنساننىڭ ھايات قىممىتى ئۈزۈكسىز مۇھىت بىلەن ئېلىشىش ئارقىلىق رويابقا چىقىدۇ...» دېدى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن سۆز ئېلىپ: – «... ئارىق – ئويغانغان ئىنساننىڭ خىزمىتى ئويغىتىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى – ئۆزىنىڭ پاجىئەسى ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ ئومۇمىي پاجىئەسى!...»، «بىر مىللەت ئومۇمىي ئويغىنىش دەۋرىدە بىر كۈنى كېچىكىپ ئويغانسا، بىر يىل ئارقىدا قېلىشى تۇرغان گەپ...»، «مىللەت ئۈچۈن ئۇ قايسى ئېتنىك تۈركۈم بولسۇن، تارىخ سەھىپىسى ۋە دۇنيا سەھنىسىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشتا زۆرۈر شەرتلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرىنچى شەرتى ۋە ھەممە ۋاقىت بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى ئۇنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدۇر. مىللەت ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلىرىدىلا دىنىي ئېتىقاد، مۇراسىم، ئادەت، ئالەم ۋە كىشىلىك قاراشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىيەت رىتىمىنى تۈزىدۇ. مىللەت ئۈچۈن ئۇنىڭ يۇقىرى كامالەتكە قەدەم قويۇشى بۇنداق بىناكارلىقنى تەقەززا قىلىپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈنمۇ بۇنداق روھىيەت قۇرۇلمىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ...»

ھۆرمەتلىك ئالىم «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن تېمىغا ئۆتۈش زۆرۈرىيىتىنى جاكارلىغانىدى. باشقىلارنىڭ ئېغىزىمۇ بەس-بەستە ئېچىلدى.

– «ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ھەقىقىي مەنىسىنى تېپىش – تەبىئەتنىڭ ئىرادىسىگە ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان ھوقۇق. بۇنداق ھوقۇقنىڭ ھەققانىيەتتىن پۈتكەن پۇتلىرى بار، ئۇنىڭ بىلەن ماڭغاندا پەقەت ئادالەت دۈشمەنلىرىلا ۋايسايدۇ...»، «... ئانا تېما بىر مىللەت ياكى بىرەر دەۋر ئۈچۈن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تەقەززالىقتۇر، بۇنى ھېچكىم ئېيتىپ بەرمەيدۇ، ئاقىللار ئۆزى تاپىدۇ...» دېدى ئابدۇقادىر جالالىدىن ۋە ئاخىرىدا: «ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى، پېتىر ئىسلاھاتى رۇسىيىنى، گەندى روھى ھىندىستاننى قۇتقۇزدى...» دەپ قوشۇپ قويدى.

– «پۇرسەت ۋە تاللاش ئىمكانىيىتى بولمىغان مۇھىتتا ئالەمشۇمۇل تالانت ئىگىلىرىمۇ ئادەتتىكىچە ياشاپ، توپا ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ... ئەلۋەتتە ئۇرۇش بولمىسا، سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭكىدەك ئارغىماق بولسىمۇ سۆرەمگە سالىدىغان، ئوغۇزخاننىڭكىدەك ئۆتكۈر نەيزە بولسىمۇ تونۇرغا كۆسەي قىلىدىغان، چىنتۆمۈر باتۇرنىڭكىدەك مىسران قىلىچ بولسىمۇ چامغۇر ئاقلاشقا ئىشلىتىدىغان گەپ. شۇڭا پۇرسەت ۋە تاللاشقا ئېرىشىش بەكمۇ مۇھىم...» دېدى يالقۇن روزى.

– «مىللەت پەلسەپە بىلەن قوراللانماي تۇرۇپ ئۆزىنى تونۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس...» دېدى ئىبراھىم ئەمەت.

– «كىشىلىك ھاياتنىڭ، مەۋجۇدلۇقنىڭ يولى پىداكارلىق بىلەن ئېچىلىدۇ. ئىستىقبالنىڭ يولى بولسا، جەڭگىۋارلىق بىلەن كېڭىيىدۇ» دېدى تەكلىماكانى.

www.uyghurkitap.com

– «مىللەت ئۆز كۆچىگە تايىنىپ مەۋجۇد بولالماقچى بولىدىكەن، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قىممەت ئۆلچىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك»، «كىشىلەرنى قەتئىيلىككە ئۈندەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنى مەدھىيىلەڭلار» دەپ سۆز قاتتى فىرىدىرىخ نىتزىي.

–«خەلقىمىز ئۆزى ھەربىر قۇرالىدا ياكى ھەربىر سىستېما ۋە ياكى فورمىدا ئۆزىنى كۆرەلىشى، ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلىش، كەشىپ قىلىش جەھەتتىكى خاس روھىنى جارى قىلدۇرالىشى، ئۆز ئەقلىنىڭ مۇناسىپ پائالىيەتلىرىنى قاتناشتۇرالىشى، ئومۇمەن تەرەققىياتنىڭ ھەربىر دولقۇنىدا ئۆز جىلۋىسىنى كۆرەلىشى، ئۇچرىتالىشى كېرەك»، «... شەرت شۇكى، جەمئىيەتنىڭ ھەربىر كۈچ نۇقتىسى (ھەربىر مىللەت، ھەربىر ئۇيۇشما، ھەربىر شەخس) ئۇنىڭدىن ئۆز ئەركىن ئىرادىسىنىڭ جەۋھەر ئىزلىرىنى تاپالىشى كېرەك» دېدى ئابدۇقادىر جالالىددىن سۆز قىستۇرۇپ.

–«كىشىنى تاشقى شارائىتنىڭ خوجايىنى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئورنىغا ئۇنى بۇ شارائىتقا بويسۇندۇرغان ئاسىيا جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك» دەپ سۆز قاتتى ئۆزۈندىن بىرى جىممىدە ئولتۇرغان كارل ماركس ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نېمىگىدۇر پۇشايمان قىلغاندەك بىر ئىپادە چاقنايتتى.

– «ھەر قانداق مىللەتنىڭ دوستى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن ئىبارەت» دېدى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن.

– «بىر مىللەت، بىر خەلق ئومۇمىي گەۋدە سۈپىتىدە نېمىنى ئويلاپ يېتەلىسە، نېمىنى تونۇيالىسا، نېمىنى ئۇلۇغلىسا، بۇ، شۇ مىللەتنىڭ ئېڭى بولىدۇ. بىر مىللەت نېمىنى قىممەت دەپ قارىسا، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ» دېدى مەتتۇرسۇن ئابدۇللا.

– «سىرتقى تەسىر ئىچكى ئېنېرگىيە ئارقىلىق رول ئوينايدۇ» دېدى ئەسەد سۇلايمان.

– «ئاڭلىسام ئىمانلىق ئادەمدىن بىرسى بولسىلا ... قىيامەت قايىم بولماسمىش، خۇدا ئۇيغۇرلارنى ئىمانى بار يازغۇچىسىدىن ئايرىمىسۇن» دېدى باتۇر روزى.

–«روھىي ئاجىزلىق بارلىق قۇللۇقنىڭ ئانىسى، شۇڭا ئىنسان ئۆز تەقدىرى ھەققىدىكى بۈيۈك قۇرۇلۇشنى خاراكتېر تەربىيىسىدىن باشلىشى كېرەك» دېدى يەنە ئابدۇقادىر جالالىددىن.

– «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ» دەپ قولىنى كۆتۈردى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن. ئالمىنىڭ قولى مەشئەلدەك لاۋۇلداپ يورۇقلۇق چىقاردى...

كۆپ غۇۋا نەرسىلەر ئېنىق بولغاندەك تۇراتتى. دىل يورۇپ روشەنلىشىۋاتاتتى. شەيەق N نىچى دەرىجىلىك كوئوردىنات سىستېمىسىنىڭ O نۇقتىسىنى يورۇتتى. ياق، ئۇنىڭ يورۇتقىنى نۇقتا ئەمەس، خاتىرەمنىڭ سەھىپىلىرى ئىكەن. بىلدىم: ئۇ 250 سان چىقىپتۇ، 50 يىل نەشر قىلىنىپتۇ. تەبرىكلەش كېرەك ئىدى. خىيالىمغا زەمبىرەك سېتىۋېلىش كەلدى. زەمبىرەك بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كېچە ئاسمىنىغا ساليۇت ئاتسام، بۇ مېنىڭ تەبرىكىم بولاتتى ئەمەسمۇ، ئەمما...

## 7

ئاش تۇرمىغان باداڭدىن،
بىلمىي يوق كاداڭدىن،
ساقايمىغان ساراڭدىن
ھەزەر ئەيلەڭ دوستلۇرۇم.
– «يەكەن خەلق قوشاقلىرى» دىن

1996-يىلى دېكابىردا، بېيجىڭدىكى «خەلق سارىيى»غا 1300 نەپەردىن كۆپرەك شائىر-يازغۇچى جەم بولغانىدى. دىققەت بىلەن كۆزەتسەم، ئۇلار نورمال ئادەملەرگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى. مەن يېنىمدىكى مەتىمىن ھوشۇر ئەپەندىگە قاراپ:

– بۇلارنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر «ساراڭ» ئىسمىگە كەپقالدىم، – دېدىم پىچىرلاپ.

– ساراڭ بولمىسا يازغۇچى – شائىر بولالاتتىمۇ، ھەممىسى ساراڭ، – دېدى «ساراڭ» نىڭ ئاپتورىمۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ.

ئۇ بەلكىم چاقچاق – ھەزىل بىلەن جاۋاب بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئاشۇ گەپلەردىن كېيىن نېمىشقىدۇر خېلى ئۆزۈنغىچە شۇ ھەقتە ئويلاپ يۈردۈم. ئۆز نېرۋىلىرىمغا قارىتا تونجى گۇمان شۇ چاغدا پەيدا بولدى. ئەينەككە قاراپ باقتىم. كىيىنىشلىرىم، تۇرقۇم، قاراشلىرىم قاچاندۇر بىر چاغدا كۆرگەن ساراڭلارنىڭكىگە، ساراڭلارنىڭ كىيىنىشلىرى، تۇرقى-قاراشلىرى مېنىڭكىگە ئوخشايتتى. پىكىر-خىياللىرىمىزنىڭ ئوخشايدىغان-ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. پەرق شۇ ئىدىكى، تاھازىرغىچە كىشىلەر مېنى ئۇلارنى ئاتىغاندەك «ساراڭ» دەپ ئاتىمىغانىدى. بۇنى ئاڭلىمىغانىدىم. ئاڭلاتمىغان بولسا بۇ باشقا گەپ.

1998-يىلى ئالىي مەكتەپتىن چاقىرىق كەلگەن، لېكىن ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمەي بىچارە بوپقالغان بىر قىز ئۈچۈن ئوقۇش پۇلى ھەل قىلىمەن، دەپ چېپىپ يۈرگەن شائىر روزى سايىتقا ھەمراھ بولۇپ خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار باشقارمىسىنىڭ «شورباغ ئۆستەڭ» بويىدىكى قورۇسىغا باردىم. ئىدارە بىناسىنىڭ يېرىمى ئىشخانا، يېرىمى نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئىكەن. ھويلىدا ئىككى-ئۈچ نەپەر ئاق خالاتلىق دوختۇر ئاپتاپ ئىسسىنىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارمۇ بارلىق خوتەنلىكلەردەك شائىر روزى سايىتنى تونۇيدىكەن. بىز كىرگەندە ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ شائىرنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. شائىر تويۇقسىز ئېغىز ئاچتى:

– مۇنۇ ئاغىنەمنىڭ نېرۋىسىدىن ئازراق چاتاق چىققانتى، ھەرقايسىلىرىغا كۆرسىتىپ باقاي دەپ چىقتىم، – دېدى ئۇ كۈلمەي تۇرۇپ.

دوختۇرلار ماڭا بۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى بەئەينى ساراڭلارغا قارايدىغان قاراش ئىدى. مەنىستىمەي، ئىچ ئاغرىتماي، خۇددى ئۇلاغ بازىرىدا بىدىك ئات-ئېشەكنى كۆزەتكەندەك سوغۇق نەزەر بىلەن باش-ئايىغىمغا قاراپ چىقتى. شۇ تاپتا ھەرقانداق چىرايلىق گەپ بىلەن ئۆزۈمنى ئاقلىسام ئۇلار ئىشەنمىگەن، ساراڭ دېگەن ئۆزىنى ئوڭ دەپ تۇرىۋالىدۇ، دەپ ئويلىغان بولاتتى. ئۇلار مەندىن گەپ سوراپ مېنى تەكشۈرمەكچى بولدى. مەن نېمە قىلارىمنى، نېمە دېيەرىمنى بىلمەي قالدىم. گەپ قىلسام ساراڭنىڭ گېپى، كۈلسەم، ساراڭنىڭ كۈلكىسى، قاپىقىمنى تۈرسەم، ساراڭنىڭ غەزەپلىنىشى بولغان بولاتتى. خۇداغا شۈكرى، شۇ ئەسنادا شائىر يەنە ئېغىز ئاچتى. مەن چىدىغان بىلەن ئاشۇ سوغۇق قاراشلارغا شائىرنىڭ تەبىئىتى چىدىمىغانىدى:

– چاقچاق قىلىپ قويدۇم. بىز باشقا بىر ئىشقا كەلگەنتۇق. ھەمدۇللا چوجاڭنىڭ ئىشخانىسى قايسى قەۋەتتىكىن؟ – دېدى ئۇ مېنى تارتىپ.

بىز دوختۇرلاردىن ئايرىلدۇق. بىنانىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىۋېتىپ ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، دوختۇرلار تېخىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. قاراشلىرى بەئەينى ساراڭلارغا قارايدىغان قاراش ئىدى. ئۇلار شائىرنىڭ ئالدىنقى چاقچىقىغا ئىشىنىپ، كېيىنكى گېپىگە ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى. بىز ئىزدەيدىغان ئادىمىمىزنى تاپالماي ھايالشمايلا بىنادىن يېنىپ چىقتۇق. دوختۇرلار بىلەن خوشلىشىپ ئىدارە دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتكىنىمىزگە قەدەر ئۇلار شائىرنى ئەمەس، مېنى بەكرەك كۆزەتتى. قاراشلىرى ساراڭغا قارايدىغان قاراش ئىدى. كېيىن خېلى كۈنلەرگىچە ئاشۇ نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرلىرىنىڭ قاراشلىرى يادىمغا كەلسىلا، كاللامدىن بىر قاپاق مۇزلۇق سۇ تۆكۈلگەندەك شۈركۈنۈپ، تىترەپ يۈردۈم. ئۆزۈمنىڭ ئوڭ ياكى ساراڭلىقىمنى ئايرىيالماي يۈردۈم، مەن ئوڭمۇ ياكى ساراڭ؟ بۇ تاھازىرغىچە ئېنىق بولمىدى. . .

بۇ قېتىم تەبرىكنامە يازاي دەپ ئويلىغىنىمدا، گەرچە ئىلگىرى ئۇنىۋان باھالايدىغان چاغدا ھۆرمەتلىك مۇئاۋىن مۇدىرىمىز: «مېنى ماقالە يازالمايدۇ» دېگەن ۋە «مەسئۇل ئىجرائىيە باش مۇھەررىر» يازغان ماقالەمنى «سەۋىيىسى بەك تۆۋەنكەن» دېگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزۈمنى چاغلىماي باشتىكى سەھىپىلەرنى يېزىپ بولغىنىمدا، ئۆزۈم ئىجاد قىلمىغان سۆز-ئىبارىلەر ۋە سەترىلەردىن ماقالە تۈزگىنىمنى ئوڭلۇقمۇ ياكى ساراڭلىقمۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئىلگىرى ئىككى قېتىم ئۆزۈمنىڭ ئوڭ ياكى ساراڭلىقىمغا ھۆكۈم چىقىرالمىغانلىقىم يادىمغا كەلدى. بۇ قېتىممۇ چوقۇم شۇنداق بولاتتى. ئەمما ماقالە دېگەننى (بولۇپمۇ ئۇنىۋان ئۈچۈن يېزىلىدىغان ماقالىلارنى) بۇ كىتابتىن ئىككى-ئۈچ جۈملە، ئۇ ماتېرىيالدىن تۆت-بەش قۇر كۆچۈرۈپ ياكى باشقا تىللاردىن ئوغرىلىقچە تەرجىمە قىلىپ يېزىشىدۇ، دېگەن ئاقما گەپ ئېسىمدە بار ئىدى. مەن ماقالەمنى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ، كۆچۈرمە ماقالە قىلىپ چىققاندىم. شۇڭا ماقالەم ھېلىقى «تۆۋەن سەۋىيە» دىن ھالقىپ چىقالىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدۇم. تەبرىكنامە يازغۇدەك سالاھىيىتىمنىڭ بار-يوقلىقىنى ئويلاپ كۆرسەم، مەسىلە چوڭ ئەمەستەك بىلىندى. ئېخى ساراڭلىقىم ئېنىق بېكىتىلمىگەچكە، بۇنداق سالاھىيەت مەندىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئامرىقىم، 250 سان چىقىپسەن، 50 يىل نەشر قىلىنىپسەن. سېنى تەبرىكلەيمەن. مۇبارەكلەپ چاچقۇ چاچىمەن. نىمشېھىت ئەرمىيە ئېلى داموللا سايرامىي قەلىمىدىكى، ھېلىقى شېرىن تۇغۇلغاندا ئەۋەتىلگەن يۇلتۇزلار مېنىڭ چاچقۇم، ھەسەن-ھۈسەن شارپا مېنىڭ سوۋغام بولسۇن! يەنە 50 يىل، يەنە 250 سان نەشر قىلىنىشىڭغا تىلەكداشمەن.

2001-يىل 12-ئىيۇن، خوتەن(M2)

بۇ سان 2001 - يىل 10-مايدا تىزىشقا يوللاندى، 2001 - يىل 30 - ئىيۇلدا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



## بىر ئوقۇرمەننىڭ يۈرەك سۆزى

# چاڭقاش ۋە چاقناش

### ـ ئابدۇكېرىم خوجىئابدۇرېھىمنىڭ «ئون سەككىز يۈەن، ئون سەككىزمىڭ ئالەم، ئالتە تەخسە تاماق» ناملىق ماقالىسىگە ئۇلاۋە

ئابدۇغوپۇر مۇھەممەدىي

«يىپەك يولى» دىكى ئۆزىمىز جاراڭلاتقان كولدۇرما ساداسىدا ئۆزىمىز ئەللەيلىنىپ، خورەك ئاۋازى تازا ئەۋجىگە چىققانىدى...

ـ ياكى تاڭ خورىزى بولغىن ياكى خورەكچى بول...

ـ نېمىشقا؟

ـ خورەكچى بولساڭ ئۆزۈڭ ئويغىنالمىغان تەقدىردىمۇ باشقىلارنى ئويغىتالايسەن ئەمەسمۇ!؟

بۇ كىمنىڭ سەپسەتىسىكىنتاڭ، ئىشقىلىپ بىز بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالى (قۇربانى) بولدۇق، باشقىلار بىزنىڭ خورىكىمىزدە كۆزلىرىنى ئېچىشتى...

يېڭى مىڭ يىلغا چېلىنغان قوڭغۇراق سىگنالى ئاخىرى بىزنىمۇ ئاز-تولا سەگىتتى، بولمىسا ئىسرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھقا توپلىنىش ئۈچۈن تارتقان سۇرە ئاۋازى ياڭرىغۇچىلىك ئۇخلارمىدۇقكىن-تاڭ! نېمىلا بولمىسۇن كۆزىمىزنى ئاچتۇق، بىراق مۇگدىگەن ۋۇجۇدىمىزنىڭ بىقىنىدىن پويىزلار سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتسە، ئايروپىلانلار بېشىمىزغا سۈركىشىپ ئۇچتى. .. بىر قۇتۇپتا نۇر تېزلىكىدە قاتلىنىۋاتقان يېڭىلىقلار... يەنە بىر قۇتۇپتا ھاڭۋېقىش، ياتسىراش... ھەتتا بۇلار ئۈچۈۋاق تاماق يېگەندەكلا ئادەتتىكى، دائىملىق پسىخىكىلىق ئىنكاسقا ئايلانغان.

«ئون سەككىز يۈەن، ئون سەككىزمىڭ ئالەم، ئالتە تەخسە تاماق» تا، ئاپتور ھاياتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى يەتكۈچە تېتىغان قۇربانلىق سۈپىتىدە مەنىۋىيەتتىكى ۋە تۇرمۇش رېئاللىقىمىزدىكى بۇزۇلۇش، رەزىللىك ۋە ئاچچىق قىسمەتلەردىن ئەلەمزادە بولغان، ئېغىر خۇرسىنغان ھالدا پەردازسىز قەلەم تارتىدۇ.

بىز ئۈچۈن خەلقئارادىكى يېڭىلىقلار ئەمەس، ئۆز ئەتراپىمىزدىكى «يېڭىلىقلار» مۇ يېتىپ ئاشاتتى. شۇڭا ئالەمشۇمۇل ئىشلارمۇ بىزلەرنىڭ دىققىتىمىزنى تارتمايتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي ئۆززامانىسىدا كىشىلەرنىڭ ماشىنىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقىنىدىن ئېچىنغانىدى. بىراق ھازىر بەزىلەرنىڭ بوپكېتىۋاتقان شۇنچە ئىشلاردىن ھەيرانمۇ قالمايۋاتقانلىقىدىن، سىرتقى غىدىقلاشلارنىڭ كارقىلمايۋاتقانلىقىدىن ئېچىنىش مۇمكىن.

بىزلەر بىر ئىشنى مەن قىلالمىسام بالام قىلىدۇ، دېگەن ئۇدۇم بىلەن كۆپ ئارمانلىرىمىزنى ئەۋلادلارغىلا ئامانەت قالدۇرىمىز. ئۆزىمىز قورساق

ھەلەكچىلىكىدە . . . بىراق بۇ ئامانەت كۆپىنچە ھاللاردا ئەۋلادلار ئۈچۈنمۇ يۈك بوپقالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بالىلىرىمىزغا دەرەخ تىكىشنى ئۆگەتمەي تۇرۇپ، دەرەخ كېسىشنى ئۆگىتىدىغانلاردىن!

مائارىپىمىزمۇ خۇددى شۇنداق. تەبىئىي پەنلەرنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسىنى تولىمۇ زىيادىلەشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئەمەلىي ئىلىمنىڭ ئەمەس، ئابستراكتنى ئوقۇمنىڭ يىغىندىسى قىلىپ قويغان. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار تەبىئىي پەننىڭ ئېلېمېنتلىرىنى ئۆز ئەتراپىدىن تاپالمايدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىلگەن (تەھلىل ئۇسۇلى، قاراشلار قېلىپلىشىپ ئاددىيلىشىپ قالغان)، بىر قېلىپتا قۇيۇلغان خىشقا ئوخشاش ئوبرازلارنى ئوقۇغۇچىلىرىمىز تەھلىل قىلىشقا تولىمۇ ئۇستا. ھەرقانداق ئىجابىي ئوبرازغا «ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي، ياخشى. . . » قاتارلىق قېلىپلىشىپ قالغان سۆزلەر، سەلبىي ئوبرازلارغىمۇ باشقا بىرخىل قېلىپ. . . نەتىجىدە ئوبرازلارنى كۆپىچە سىلىپ ئاق سىرغا مىلەپ كۆرسىتىمىز ياكى قارا سىرغا . . . ئىنسان خاراكتېرىنىڭ كۆپ قىرلىقى يەنى شۇ ئاق رەڭ (پىرىزمىدا كۆرگەندەك) نىڭ ئۆز ئىچىدىن ئون نەچچە خىل رەڭگە بۆلۈنىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيمىز. يەنى بىرخىل تەھلىل ئۇسۇلىدا ھەممە ئادەم كۆرەلەيدىغان يۈزەكى ھادىسىلەر قايتا-قايتا چاينىلىپ چۈشەندۈرۈلىدۇ-يۇ، ماھىيەت ھامان كۆمۈلۈپ قالىۋېرىدۇ. مەنىۋىيەتنىڭ رەڭگارەڭلىكى ئۇنتۇلۇپ، تەسەۋۋۇرىمىزغا قەپەس ياسىلىدۇ. . . قېلىپلىشىپ قالغان سۆزلەر دەۋرىي قىلىپ تەكرارلىنىدۇ. ئالدىنقىلارنىڭ كونسپىكى كېيىنكىلەرگە ئەڭگۈشتەر بولىدۇ. بىراق ئىجادىيلىق، ئىزدىنىش پەقەتلا ئىدراك ئەركىنلىكىگە، قۇلۇپلانمىغان، كىشەنلەنمىگەن تەپەككۇرغا ئىگە بولغاندىلا كىشى قەلبىدە چاقنىيالايدۇ!

كېچىدىكى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ يۇلتۇزلىرىنى ئۆزىدە جەمىرلاتقان، كۈندۈزدىكى قۇياشنى تېخىمۇ ھارارەتلەندۈرۈۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قاننى ئاجىز، زەئىپ، خامۇش روھقا تەقدىم ئەتمەكتە. بۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن دۈربۈن ياكى ئاللىقانداق زامانىۋى مىكروسكوپ كەتمەيدۇ، پەقەت ئۆتكۈر ۋىجدانىي كۆزىمىز بولسىلا كۇپايە.

شەھەر مەركىزىدە ئۇسسىغىنىمىزدا «كوكاكولا» ۋە ياكى گازلىق سۇ، ئېچىرقىغان بوۋاققا بولسا ئانا سۈتى كۇپايە. قۇملۇقتا چاڭقىغان كىشى سوغۇق بۇلاق سۈيىگە تەشنا. شۇنداق، سۇنى سىڭگەن يەرگە سېپىش، ئاغرىققا قاراپ دورا بېرىش بەكمۇ ئاقىلانىلىق. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» نىڭ ئىسسىق - دىمىقتا چاڭقىغان ھەربىر قەلب ئىگىسىنىڭ ئارمىنىنى ئۆزىگە نىشان قىلغان شەربەت بۇلىقى ئىكەنلىكى ھەممىنىڭ سەمىمىي ئىقرارى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مەجبۇرىي يېزىلدۇرۇلىدىغان ژۇرناللارچۇ؟ رىقابەت ئېڭىدىن خالىي، مۇشتىرىلەردىن غېمى يوق بىر قىسىم ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنىڭ چېكىنىشى بىزنى مەيۈسلەندۈرىدۇ. بىراق رىقابەت قۇملۇقىدا باشقىلارغا ھامان مۇزدەك بىر يۇتۇم سۇ تۇتۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئاز بىر قىسىم ژۇرناللىرىمىز ھېلىمۇ دىلىمىزدىكى ئىشەنچ، ئارمان كۆچىتىنى سۇغۇرۇپ تۇرماقتا. «ئۇنىڭغا پۇلىمىز بىلەنلا ئەمەس، قەلبىمىز بىلەن مۇشتىرى بولىمىز» دەيدۇ خەلق. چۈنكى ئەزەلدىن تەكلىماكاننىڭ ھىدىنى پۇراپ ياشاپ كەلگەن بۇ خەلققە ئۇسسۇزلۇق يېتىپ، چاڭقاق قەلبى چاك-چاك يېرىلغان. ئۇنىڭغا ئالىي دەرىجىلىك شامپان تېتىمايدۇ، پەقەت مۇزدەك، پاكىز بۇلاق سۈيى ئۇ يۈرەكلەرنى قاندۇرالايدۇ، قەلب تۆرىدە ئۈمىد نۇرىنى چاقنىتىدۇ.

يەر شارى ھېلىمۇ ئۆز ئوقىدا ئوڭ ئايلانماقتا. لېكىن بەزىدە ئېغىر سىلكىنىشلىرىدىن ئۇنىڭ خۇرسىنىشلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولىمىز. ئىنسانلارنىڭ شەخسىيەتچى، ئالدىراڭغۇ خاراكتېرى ئۇچۇر دەۋرىگىمۇ بىرگە سوڭدىشىپ كىرگەچكىمىكىن، نۇرغۇن بىمەنىلىكلەر پۈتلىشىپ يۈرىدۇ. بىراق تالاي ئاقىللىرىمىز بىمەنىلىك ئىچىدىن چىن مەنالارنى قىدىرالايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق كېسەلنى ئاللا داۋاسى بىلەن بىللە چۈشۈرگەنىكەن، دورا ئىزدىسەكلا ئۈمىدكى - داۋامى بار.

2001-يىل 24-ئىيۇن، قەشقەر

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 4-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى(M1)

# ئون سەككىز يۈەن، ئون سەككىز مىڭ ئالەم، ئالتە تەخسە تاماق

ئابدۇكېرىم خوجىئابدۇرېھىم

## 1

بالامنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈپ ئۆيدىن بازارغا - كىچىككىنە تەنزەمنى ئېچىۋېلىش ئۈچۈن يولغا چىقاندىم. قۇياشمۇ خېلى بۇرۇن ئۆيدىن چىققانىكەن. 1-ئاي قاراقىش بولغاچقىمۇ ئاقۇش چاڭ-توزان، ئىس-تۈتەك كەڭرى يول، دەل-دەرەخ، ئېگىز بىنالارنى، قاپقارا ئىس پۇركۈپ چوقچىيىپ تۇرغان تۇرخۇنلارنى تەبىئىي خىرەلىك قوينىغا ئالغانىدى. پەقەت ئۆتكۈر نۇر چېچىۋاتقان قۇياشلا ئادەمنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىگە ئۆزىنىڭ نۇرلۇق ۋە مۇقەددەسلىكىنى نامايان قىلاتتى.

- دادا، ھازىر ئاخشام بولدىما، - دەپ سورىدى تۆت ياشلىق قىزىم.

- ياق، تاڭ ئاتقىلى نەۋاق، ئاۋۇ قۇياشنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ - دېدىم.

- ئەجەب ھەممە يەئەشۇنداق (گۇڭگا - خىرە دېمەكچى بولسا كېرەك) - ئاخشام بوغاندەك تۇيىدا؟

- سورىدى قىزىم گۆدەكلەرچە قىزىقىش بىلەن.

مەن قىزىمنىڭ قىزىقىش ئىچىدىكى بىمەنە سوئاللىرىغا ئاچچىقلاش ياكى بىزار بولۇش تۇيغۇسىدا تومتاق، چۈشىنىكسىز، خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بېرىشنى خالىماي، ئۇ قوبۇل قىلالىغۇدەك يۇمشاق تىل بىلەن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم. بۇ مەندىكى بالىلارنى ھەممە نەرسىنىڭ ئەسلى قىياپىتى، ھەقىقىي ماھىيىتى، پايدا-زىيىنى، ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تولۇق چۈشىنىۋالسۇن، دەپ سىرىكە پىيازلىق بىلەن ئۇششاق سۆزلەپ، چۈشەندۈرۈپ تەربىيىلەۋاتقان يېڭىچە خۇسۇسىيىتىم بولسا كېرەك. شۇڭا:

- سىزگە شۇنداق تۇيۇلغىنى بىلەن، ھازىر ئەتىگەن. ئاۋۇ قۇياشقا قاراڭ، ئاخشام بولغاندائاۋۇ ياققا (غەرب تەرەپنى كۆرسەتتىم) كىرىپ كېتىدۇ، تاڭ ئېتىپ ئەتىگەن بولغاندا ماۋۇ ياقتىن (شەرق تەرەپنى كۆرسىتىپ) چىقىپ سىزگە كۈلۈپ بېرىدۇ، - دېدىم.

- ئۇنداق بولسا، بازاغا بارغاندا ماڭا قۇياشتىن بىنى ئېپبە جۇما دادا، مەن قۇياشنى ئوينايمەن، توك قاچقاندا ئۆيگە ئەكىيىپ كۈلدۈيمەن، - دېدى.

- بالام، قۇياشنى ماگىزىندا ساتمايدۇ، دۇنيادا پەقەت بىرلا قۇياش بار، ئۇنى ھېچكىم ساتالمايدۇ، سېتىۋالالمايدۇ، - دەپ ئۆزۈمنىڭ كۆز قارىشىمنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم. بالام بالىلارچە كاجلىق قىلىپ: ياق، چوقۇم ئېپبىيىسە، دېگىنىچە بۇتناپ قېيدىغاندەك قىلدىيۇ، ھەرنېمە بولسا قەغىشلىكتىن توختىدى.

بالام سورايدۇ، مەن چۈشەندۈرىمەن. ۋېلسىپىتنى كۈچەپ تەپكىنىم بىلەن بالام يول باشلايدۇ. قولۇم رولدا، دائىم مېڭىپ كۆزۈمگە سىڭىپ قالغان تونۇش يول. سەزگۈلىرىم ۋېلسىپىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا دادىل قوماندانلىق قىلىدۇ. بىر خىل غايىۋى ئۈمىد بىلەن يول يۈرۈۋاتىمەن. مەنزىلىمگە يېتىپ بارسام، تەنزەمگە ئۇششاق-چۈششەك مال تىزىمەن-دە، خېرىدارىم بولمىسىمۇ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، كىتاب ئوقۇغاچ خېرىدار كۈتىمەن. سودام بولسا-بولمىسا، تىجارىتىم يۈرۈشسە-يۈرۈشمىسە «كور خېرىدار»نى ساقلاپ تەنزەمنى ئاچمىسام بولمايدۇ. ئايال قوشنام بىر چاغلاردا: «تىجارەت دېگەن غايىب ئوقەت، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بولىدۇ. ھەر كۈنى ئىككى كوي كىرىم بولۇپ تۇرغان ئۆيگە بەرىكەت ياغىدۇ» دېگەنىدى. مەن ئاشۇ بەرىكەتلىك ئىككى يۈەن پايدىنى ئېلىپ ئائىلەمگە ئۈمىد، ئىشەنچ، خۇشاللىق ئاتا قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۈمىدسىزلىككە ئايلىنىپ، باج، بازار باشقۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى ئالغان پايدا بىلەن تۆلىيەلمىگەندە لېۋىمنى چىشلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش - زېرىكىشنى ھېس... مەقسىتىدە تەنزە ئاچقاچ كىتاب ئوقۇيمەن... ئىككى ئىشنى بىرنى قىل، يا تەنزەڭنى ئېچىپ خېرىدار كەلسە ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ مال سات، كەلمىسە كېلىدىغانلارنى چىداپ ئولتۇرۇپ كۈت؛ بىر بولسا جىم ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇ، قورسىقىڭ ئاچ قالسىمۇ مەيلى، بىرۋاقلىق تامىقىڭغا پۇل يەتمىسىمۇ كىتاب سېتىۋال. قېنى، قايسى ئىشنىڭ پايدىسى كۆپ ئىكەن؟ دۇكان (تەنزە دېمەكچى) ئېچىۋىدىڭ سەي-كۆكتاتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتىدۇ، قورساق ئاچ كىتاب ئوقۇسا نېمىگە پايدىسى، ھۆكۈمەت كۆپ كىتاب ئوقۇغان «دانىشمەن»لەرگە بىر موچەن پۇل بىكاردىن بەرمەيدۇ، دەپ ئىككى يولدىن بىرىنى تاللاشقا پۇرسەت بەرسە، مەن ئىككىلەنمەي كىتاب ئوقۇشنى تاللىۋېلىشىم، مەنپەئەت ئالغىلى بولمايدىغان ئۇششاق تىجارەتتىن ۋاز كېچىپ، بىر كۈن بولسىمۇ قورساق ئاچلىقىنى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن كوللاپ، ئۆزۈم رازى بولغان ھوزۇر-ھالاۋەتلىك تۇرمۇش قايىنىمىدا ئۆلۈشكە رازى ئىدىم. تەھقىقكى، ئۆزۈم قىزىقىدىغان، ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە تونۇتىدىغان، ھەقىقىي ئىنسان روھىيىتىنى نامايان قىلىپ، ئۆزۈم بىلەن زامانداش كىشىلەر ۋە ياش ئەۋلادلارنىڭ بەخت-سائادىتى، ئۈمىد-ئىشەنچى، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىگە مەشئەل بولۇشقا ئەرزىيدىغان ياخشى كىتاب-ژۇرنال بولسا، قاغجىرىغان يۈرىكىمگە ياقاتتىم.

## 2

ئۇيغۇرلار قايسى ۋاقىت، قايسى زاماندا بۆرىنى توتېم قىلىپ، «قوتقۇزغۇچى خۇدا» دەپ ئۇلۇغلىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمەن. ئوغۇزخانغا يول باشلاپ ماڭغان كۆك بۆرە ۋەقەسىدىن كېيىن بۆرىنى توتېم قىلىش باشلانغان، دەپ كەسكىن جاۋاب بېرىۋەتسەك يەڭگىلتەكلىك بوپقالار. بىر قېتىم ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلۇغلۇق تەختىگە چىققان ئىش تارىختا بىرلا قېتىم يۈز بەرگەن بولسا كېرەك.

ئادەم ئۆزى ياشىغان مۇھىتىنىڭ ھاۋاسى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتىنىڭ تەسىرىگە ماسلىشىپ چوڭ بولىدۇ. ئىككىنچى بىر خىل ياخشى مۇھىت بىلەن ئۇچراشقاندا ئوبدان كۈتۈلۈپ تەربىيىلەنسىمۇ ياكى مەجبۇرىي ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارسىمۇ، دەسلەپكى مۇھىتتىن نەپەس ئېلىپ يېتىلدۈرگەن تەبىئىتى، مىجەز-خاراكتېرىنى دەماللىققا ئۆزگەرتەلمەيدۇ. «سەن، ئىتنى باغلاپ قويسا تۇرمايدىغان ئادەمسىز، قاقاس چۆل-جاڭگالدا چوڭ بولغىنىڭ ئۈچۈن، ئىمتاستىلىق ھۆكۈم سۈرگەن زېرىكىشلىك چۆل-جەزىرىدەك ۋۇجۇدىڭدا ھازىرغىچە ئۆزگەرمىگەن ياۋايىلىق، ئادەملەر بىلەن چىقىشالماسلىق، مۇئامىلەڭدىكى قوپاللىق قاتارلىق ناچار تەبىئىتىڭ پەقەت ئۆزگەرمىدى. ئەيىپ-نۇقسانلىرىڭنى بەزى كۈلدۈرۈپ، بەزى خاپا قىلىپ كۆرسەتتىم، تەربىيە ۋە ياردەم قىلدىم،

ئۆزگەرتەلمىدىڭ. سۆزۈمنىڭ مىسالى بۇ يىل (2000-يىلنى دېمەكچى) ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۈچ-تۆت ئاي تۇردۇڭ، قايتىپ كېلىشىڭدە زامانغا لايىق بىرەر قۇر كىيىم كىيىپ كېلەلمەپسەن. جاڭگالدا ئۆسكەن ياۋايى تەبىئەتلىك ئادەمنىڭ ئۆزگەرمەس خۇي-پەيلىدىن قورقسا، ھەزەر قىلسا بولغۇدەك» دېدى بىر يېقىن ئاغىنەم. ئۇنىڭ چاقچاق ئارىلاش بۇ تەنە گېپى جاڭگالدا ئۆسكەن بۆرىنىڭ تەبىئىتىدەك ياۋۇزلۇق، قانخورلۇق، قاراملىق چۆكمىلىرىنىڭ ئاستىدا ئۇلۇپ يوقىلىۋاتقان نومۇس - خىجالەت سېزىملىرىمنى ئويغىتىپ، يۈرىكىمنى لەرزىگە سالدى.

خەيرىيەت، جاڭگالدا تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ خۇددى ياۋۇز بۆرىنىڭ جەسۇرلۇقنى ئۆگىنىۋاتقان ئوماق، قورقۇمسىز كۇچۇكلىرىدەك قىغىتىپ ئوينىغانلىرىم، مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە بالىلىق جۇرئىتىم بىلەن بىرمۇنچە قويلارنى ئالدىمغا سېلىپ، يايلىتىپ، «يەپ قويماي» قوتانغا ھەيدەپ كەلگىنىمنى ئويلىسام، بۆرە تەبىئەتلىك ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلىمەن. مىڭ ئەپسۇس، بىر يىلى بېقىۋاتقان قويلارنى ئوتلاقتا قويۇۋېتىپ كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىپ كېتىپتىمەن. ئىككى قوي توپتىن ئايرىلىپ باشقا قوي توپىغا قوشۇلۇپ قالغاندا، قوي ئىگىلىرىنىڭ سېتىپ يەپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن ئاتا-ئانامنىڭ ئاچچىق زىيانغا چىدىماي مېنى ئەدەپلىگەنلىكى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. جاڭگالدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلغاندا، قوي يېمەيدىغان، كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، بىلىمگە خۇشتار «بۆرە» ئوخشايمەن.

راست، جاڭگالدا يېتىشتۈرگەن ياۋايى تەبىئەت، خاراكتېر -خۇسۇسىيەت ئۈرۈمچىدەك مەدەنىي شەھەردە ئۈچ ئاي تۇرساممۇ ئۆزگەرمەپتۇ. ئۈرۈمچىگە بېرىشتىكى مەقسىتىم، جاھان كۆرۈپ، ياۋايىلىشىپ خىرەلەشكەن كۆڭۈل كۆزۈمنى ئېچىش، ئائىلەمنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئوبدانىراق بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، «ئادەم» دەك ياشاش ئىدى. دوستۇمنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئىختىيارسىز ئويلاپ قالدىم. قارىغاندا، دوستۇم توغرا ئېيتقان ئوخشايدۇ. جاڭگالدا يېتىلگەن تەبىئەتنى شەھەر ئۆزگەرتەلمىسە كېرەك. ئەسلىدە ئۈرۈمچىگە بىرەر تىجارەتنىڭ ئېپى بوپقالارمىكىن، جاھان كۆرۈپ، كۆزۈم ئېچىلىپ قالارمىكى دەپ كەلگەنىدىم. مەندەك ئىش كۆرمىگەن سەھرا بۆرىسىدىن ئۈچقۇر قاتناش ۋاستىلىرىدا تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، ئۇياقتىن -بۇياققا چېپىپ يۈرگەن شەھەر بۆرىلىرى يامان چىقىپ كەتتى. ئۇلارغا «يەم» بوپكەتكىلى قىل قالدىم. «بۆرە» تۇرۇپ «بۆرە» لەرنىڭ ئارىسىغا سىغمىدىم. ئۇزۇق تاپالماي تىلىمنى ساڭگىلىتىپ، باشقا «بۆرە» لەرنىڭ ئولجىنى ھوزۇرلىنىپ چايناپ، تىتىپ يەۋاتقانلىقىغا قاراپ شۆلگەيلىرىم ئېقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ياۋۇز ئەپتىگە تەڭ كېلەلمەيتتىم. «بۆرە» قېرىنداشلىرىمدىن رەھىمدىللىك، ھېسداشلىق كۈتۈپ ياتسام، ئاچلىقتىن ئۆلۈدىغان گەپ. تېخى خىرىس قىلىپ تۇرغان ۋەھشى

شىر-يولۋاسلارمۇ بار ئىكەن. ئاخىرى جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە باقاللىق قىلدىم، ھەركۈنى بەش-ئون كويدىن پايدا ئېلىپ، بۇ مەدەنىي شەھەردە ياشاپ بولماق تەسكە چۈشتى. خىيالىمچە، تىجارىتىم روناق تېپىپ قالسا كۆپرەك تۇرۇپ، چوڭقۇر بىلىملەرگە ئېرىشمەكچى ئىدىم. كومپيۇتېر ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىش پۇرسىتىنى ئىزدەيتتىم. ئەھۋال پۈتۈنلەي ئارزۇيۇمنىڭ تەتۈرىسىگە قاراپ يۈزلەندى. تىجارىتىم ئاقساپ سېتىۋالغان ھۆل مال سېسىق ۋە ناچار چىقىپ، بار دەسمىيدىن ئايرىلدىم.

مەدەنىي شەھەردە ياشاپ يا تۈلكىگە، يا بۆرىگە، يا يولۋاسقا ئوخشىماي ھەرتەرەپكە چېپىۋاتقان ئەقىللىق «ياۋۇز» لار توپىدىن ئايرىلىپ، قەشقەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. جاڭگالدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلدۈرگەن ياۋايى بۆرە تەبىئىتىم بىلەن چوڭ شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇھىتىغا ماسلىشالماي ئۆز يۇرتۇمدا پەيدا بولدۇم. خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ھەممە جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان چوڭ، مەدەنىي شەھەردە ئادەملەرنىڭ پىسخىك ھالىتى - روھىيەت قاتلىمىنى ئەقىل كۆزۈم بىلەن كۆزىتىپ ، سىبلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ ياشاپ ئۆتكەن، ياشاۋاتقان، بۇنىڭدىن كېيىن ياشايدىغان جاھاننى كۆرۈپ كەلدىم. ئەسلى ماھىيىتىدىن جاھان بۇ ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە بىز ياشاپ كەلگەن جاھان ئۆزئارا يار-يۆلەك بولىدىغان مېھرىبانلىق، ئىناق ۋە خاتىرجەم ياشاپ يۈكسىلىش ۋە ئويۇشۇشچانلىقنى نامايان قىلىدىغان قەۋم روھى، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش - ئۆگىتىش بىلەن يۈكسەلگەن ئىنسانلار دۇنياسى ئىدى. يالغان گەپ بىلەن ئاكا-ئىنى قېرىنداشلىرىمنى قاقتى-سوقتى قىلىپ داغدا قويۇشنى، يۈكسەك ئارزۇ-ئارماننى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ، ئاتا-ئانامنى زار قاقشىتىشنى ئۆگەنمىدىم. ئۆگەنگىنىم، ھالال ئېلىم-سېتىم - باقاللىق بولدى.

ئويلاپ باقسام، دېھقانچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان ئاتا-بوۋام، ئەجدادىم دەسلەپتە ئۆزىنىڭ بېغىدىن چىققان ئۆرۈك-شاپتۇل، ئەنجۈر-ئانار، ئۈزۈم-ئامۇتلىرىنى سېتىپ باقاللىق قىلىپ ئۆينىڭ تۈز-چېيىغا دەكازا قىلغان؛ بارا-بارا تەرەققىي قىلىپ ھەرخىل ئېسىل قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان، يېزا-قىشلاقلارنى ئارىلاپ مالغا مال ئالماشتۇرۇدىغان، ئۇيقۇدىكى تارىم ۋادىسىدا تۈگمەلەرگە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئارتىپ، كولدۇرما تەڭگەش قىلىنىدىغان ھاياتلىق مېلودىيىسىنى ياڭرىتىپ يىراق يېزا-سەھرالارغا، كېيىنچە ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ بۈيۈك «يىپەك يولى» نى ئاچقان، «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تارانقان. ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئەشۇ «يىپەك يولى» نىڭ بۈيۈك كارۋانلىرى جاھان ئەھلىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ھېرىس-ھەۋەس نەزىرىدە قاراتقان. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز يېرىم دېھقان، يەرنىڭ خانى - سۇلتانى؛ يېرىم تىجارەتچى - سودىگەر، تۇتاشتۇرغان دۇنيانى، دېگۈم كېلىدۇ. بەرھەق، قايسى دېھقان ئۆزى توقىغان ماتا-چەكمەن، خۇرجۇن

- تاغار، پالاسلىرىنى، ئىگىرگەن پاختا يىپ، توقۇغان زىلچا-گىلەملىرىنى، ئۆزى باققان قوي-كالا، توخۇ-ئۆردەكلىرىنى، ھۆل-قۇرۇق مېۋە-چېۋىلىرىنى ساتمايدۇ، دەيسىز؟ دېھقانچىلىقتىدىنمۇ تىجارەتچىلىكى گۈللەپ پۈتكۈل دۇنياغا مەدەنىيەت تاراتقان ئاشۇ پەم-پاراسەتلىك، جەسۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆمۈلۈپ ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان تىجارەت كەسپىنى يېڭىباشتىن باشلىغىنىمغا ئىچ-ئىچىمدىن پەخىرلەنسەم، بۇلارنى ئويلاپ ئۆز ئىشىمنى تېخىچە ئېقىش تاپقۇزالماي، ئۆزۈمنىڭ نەرسىلىرىمنى ئەمەس، ئۆزگىلەردىن سېتىۋالغان نەرسىلەرنى سېتىپ ئازغىنە پايدا بىلەن قانائەت قىلىپ، ياشاش قانۇنىيىتىم مۇشۇنداق دەپ، «يىپەك يولى» ۋادىسىنىڭ پۇقراسى، ئاشۇ مۇقەددەس يولنى ئېچىپ، كېڭەيتىپ تەرەققىي قىلدۇرغان ئۇلۇغ ئەجدادنىڭ ۋارىسى - ھەغداسىمەن دەپ كېرىلىپ يۈرگىنىمگە ئۆلگىدەك خىجىل بولىمەن.

ئوغۇزخان بوۋامغا بۆرە يول باشلاپ ئۇيغۇرلارغا بۆرە توتېمىنى قوبۇل قىلدۇرغانىكەن. ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراستى، جۈرئەت-رىغبىتى بىلەن «يىپەك يولى»نى تەرەققىي قىلدۇرۇپ شەھەر مەدەنىيىتى شەكىللىنىپ، مەلۇم باسقۇچقا قەدەم قويغاندا بۆرىنىڭ سېھرىي كۈچى ئاجىزلىشىپ ئاستا-ئاستا ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولىغا ئۆزگىرىپ ئۇنتۇلۇپتۇ.

كېيىنچە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت، پىسخىك تىندۇرمىسىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ دىن ئۇيغۇرلارنى ئەسلىدىكى ئەنئەنىسىدىن، دىنىدىن ۋاز كەچتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار يەنە ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى ياراتتى. كېيىن باشقا ئىسلام ئەللىرىدە يۈز بېرىپ باقمىغان ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدىكى خوجىلار جېدەللىرى، «جاھالەت پىرلىرى»نىڭ نەيرەڭلىرى ۋە دەھشەتلىك دىنىي قىرغىنچىلىقلار بۇ يەردە روياپقا چىقتى. «ئاللانىڭ شېرىكى يوق» دېگەن ئەقىدىگە يات ھالدا سوپى-ئىشانلار كىشىلەرنىڭ «ھاجىتىنى راۋا، دەردىگە داۋا قىلىدىغان» مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇشرىكلارغا ئايلاندى. ئىسلام چۈشەنچىسى خۇنۇكلەشتى، ئېتىقادقا زور دەز كەتتى، ئىسلام دەپ ئېتىقاد قىلغىنى چىن ئىسلام بولماي قالدى.

ئۇزاق يىل ياشىغان بۇ ئۇلۇغ، مۇقەددەس ماكاندا ئەقىل بىلەن بەرپا قىلغان «بۈيۈك كارۋان يولى» - يەنى ھازىرقى ئاتالمىش «يىپەك يولى» (مۇھەررىردىن) دا ئۇزاق يول يۈرۈپ ھاردۇق يەتتىمۇ ياكى ئاخىرى دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىنىپ كەتتۇقمۇ «يىپەك يولى»نى ئۇنتۇشقا باشلىدۇق. ئاشۇ مۇقەددەس، دۇنياغا مەشھۇر «يول»نىڭ ۋارىس - ھەغداسى تۇرۇپ، جاھان يېڭىلىقلىرىغا كۆزىمىزنى چەكچەيتىپ، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدۇق. تۇرتۇش، نوقۇش، پەرۋاسىز سوقۇپ ئۆتۈشلەردىن كېيىن خىيالدىن ئويغىنىپ، دەررۇ بىر نەرسە ئېسىمىزگە كەلگەندەك چۆچۈپ تۇرۇپ يانچۇقلىرىمىزنى كولاپ باقتۇق، يۈرىكىمىزنى سىيلاپ باقتۇق. خېلى مۇھىم نەرسىمىز ئىزسىز يوقاپتۇ. ھالقىلىق پەيتتە جاننى تىكىپ ياردەم بېرىدىغان جەسۇرلۇق، پىداكارلىق ئورنىغا پايدا-مەنپەئەتنى دەپ ھەتتا ئاتا-ئانىمىزدىنمۇ كېچىدىغان رىياكارلىقنى، مېھرىبانلىق، ئىللىق تەبەسسۇم لەۋزىدىن پارتلاپ چىقىدىغان مەردلىك - ساداقەت ئورنىغا نامەردلىك، قىزىلكۆزلۈكنى، دىل سۆيۈنگىدەك، كېيىنكىلەر ئۆرنەك ئالغۇدەك ھەقىقىي مېھىر-مۇھەببەت ئورنىغا بىر-بىرىمىزنىڭ پۇتىغا پالتا چاپىدىغان ساختا رىقابەتنى، ھالاللىق، ئىمان-ئېتىقاد ئورنىغا ھوقۇق ۋە پۇلغا چوقۇنۇشنى ھەممىدىن ئەلا بىلدۇق. خەق ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى، خاسلىقىنى ساقلاش، نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەزىزلەپ ۋارىسلىق قىلسا، بىز ئەجنەبىيلەرنىڭ ساختا-ئېزىتقۇ، سەلبىيلەشكەن ئادەتلىرىنى قارا-قويۇق يېڭى مەدەنىيەت، دەپ قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىپ، پارلاق مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى خارلىدۇق.

ئۆيگە ئىككى چىلەك پاكىز سۇ ئەكىرسەك، ئۇنىڭ بىر چېلىكىدە يۈز يۇيۇپ قول چايقاپ، مېۋە-چېۋە، سەي-كۆكتات يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن سىرتقا تۆكۈۋېتىدىغان، يەنە بىر چېلىكىنى چاي قاينىتىپ، تاماق ئېتىپ، ئىچىپ تۈگىتىدىغان - ھەممە ئادەمگە ئورتاق بىر ئادەت بار ئىدى. سىرتقى مەدەنىيەتنىمۇ شۇ تەرىزدە ئۆز ئېھتىياجىمىزغا ماس-مۇۋاپىق كەلگۈدەك قوبۇل قىلساق بولاتتى. ئەمما ئىككى چىلەك سۇنى ئۆيىمىزگە ئەكىرىپ «يۇندا» سىنىمۇ قوشۇپ ئىچىپ، ئەقىل بۇلىقى تەكتىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان پەم-پاراسەت، غۇرۇر-جۈرئىتىمىزنى بۇلغىۋەتتۇق. ئاھ، بۆرە، سەن ھازىر ياۋۇز تەبىئىتىڭ بىلەن مەندىن يىراقلىشىپ كەتتىڭ. ئوغۇزخانغا يول باشلاپ ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگەن مۇلايىم، پاك نىيەت، جەسۇر بۆرە، قېنى سەن؟ ماڭا بىر ئۇچراشاڭ، يىغلىشىپ كۆرۈشەرمىزمۇ ياكى ھۆرپىيىشەرمىزمۇ!؟

## 3

يۇقىرىقى ئىككى بۆلەكتە ئۆتكۈر زېھنىڭىزنى تاغدىن-باغدىن سالغان ئەرزىمەس پاراڭ بىلەن تالجىقتۇرۇپ بىلجىرلاپ كېتىپتىمەن. رەنجىمەڭ، ئاساسىي گەپكە ئەمدى كەلسەكمۇ كېچىكمەس، دەپ ئويلايمەن.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر سانىنى قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇۋاتقىنىمدا، نەچچە كۈن ئاچلىقتىن ئېچىرقىغان، ئاچكۆزلۈك بىلەن بىرنەرسە ئىزدەۋاتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالىمەن. ژۇرنالنى ئوقۇپ بولۇپ روھىي ئاچلىقىم پەسكويغا چۈشكەندەك بولىدۇ، مۇھەببەتنىڭ ۋىسال پەيتىگە كۆڭۈل قانمىغاندەك، ژۇرنالنى قايتا ئوقۇپ لەززەتلىنىش ئىستىكى يەنە قوزغىلىدۇ. ئوقۇيمەن، ھوزۇرلىنىمەن. روھىي ئاچلىق، چاڭقاقلىقتىن ئىبارەت پىسخولوگىيىلىك بوشلۇق «تەخسىسى» نى قولۇمغا ئالسام تولغاندەك، يەرگە قويسام بوش

www.uyghurkitap.com

قالغاندەك بىئارام بولىمەن، كەيپىياتىم بۇزۇلىدۇ. ئەشۇ ئۈچ يۈەنلىك بىر نۇسخا ژۇرنال (ئاپتور بۇ يەردە ژۇرنىلىمىزنىڭ 2001-يىلدىن بۇرۇنقى يەككە باھاسىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ژۇرنىلىمىزغا دۆلەتتىن بېرىلىدىغان بارلىق راسخوت توختىتىلغانلىقى ئۈچۈن 2001-يىلدىن باشلاپ يەككە باھاسى بەش يۈەنگە، يىللىق مۇشتىرى ھەققى 30 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. ـ مۇھەررىردىن) دا ئۇن سەككىزمىڭ ئالەم، جاسارەتلىك، ئەركەك سۇ ئىچكەن ھەقىقىي ئادەم، پەھلىۋان سۈپەت غەيۇر ئوغلان؛ روھى مىسكىن، چۆللەردە ئازغان، قورساق ئۈچۈن، نام-مەنپەئەت ئۈچۈن ياشاپ تىركىشىۋاتقان، ئۆزى ھايات لېكىن يۈرەك-باغرى ئۆلگەن ھەرىكەتچان ئىسكىلىت ۋە مۇسكۇل دۆۋىسى؛ ئىزتىراپ، ھودۇقۇش، تېڭىرقاش، قورقۇشتىن يېلىنىپ ياش تۆكۈش؛ يوقىرى پەللىگە ئىنتىلىپ تىركىشىش، جان تىكىپ باتۇرلارچە ئېلىشىش؛ . . . كۈچلۈك ھايات رىقابىتى، قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي ، سىياسىي مۇھىت ئىچىدە ئۆز مەۋجۇدلۇقى، تەرەققىياتى ۋە كېلەچىكى ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرىشىۋاتقان ئۇيغۇر روھى، ئۇيغۇر پىسخىكىسى مۇجەسسەم.

«بالام، پۈتكۈل دۇنيادا بىرلا قۇياش بار، ئۇنى ماگىزىندا ساتمايدۇ، ھېچكىم سېتىۋالالمايدۇ» دەپ بالامغا ھەقىقەتنى توغرا چۈشەندۈرمەي، ئۇنى ئالداپ قويغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. قۇياش نۇرىدىن بەھرىلىنىشنى بىلىدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن قۇياشنى ھەرخىل ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولىدىكەن. قۇياش بىلەن يەرشارىنىڭ ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىش قانۇنىيىتىدىن ھاسىل بولغان كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۈزلۈكسىز دەۋرىيلىنىشى ۋاقىتمۇ ئەقىللىق ئىنسانلارنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن قۇياشنى ئۆزىنىڭ قىلالايدۇ. كۆڭلۈمنى نۇرلاندۇرۇپ، قەلب ئېتىزىمغا نۇر-ھارارەت بېرىۋاتقان قولۇمدىكى نۇرلۇق «قۇياش» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى) غا ھەربىر قارىسام، قۇرلاردا، قاتقان مىسرەڭ ماڭلايلاردىن سىرغىپ چۈشكەن ئاچچىق تەرلەر، دەردمەنلەرنىڭ كۆزىدىن سىرغىغان ھەسرەتلىك ياشلار، باتۇرلارنىڭ يارا ئېغىزلىرىدىن ئېقىۋاتقان قان ـ چىن ھەقىقەتلەر يالتىراپ يەتتە قىتئە (زاغرا تىل بىلەن ئېيتقاندا ئۇن سەككىزمىڭ ئالەم)، ئوخشىمىغان ئىرق-مىللەت، ھەرخىل تىل-يېزىق. . . كۆز ئالدىمدا ئەينەن نامايان بولىدۇ.

سەن نۇرلۇق قۇياش، ئۇن سەككىزمىڭ ئالەم، ھەر يىلى ئالتە قېتىم يېيىشكە بولىدىغان ئالتە تەخسە مەززىلىك تاماق، ماغدۇرسىز تەنگە كۈچ-قۇۋۋەت، ۋۇجۇدىمىزغا روھىي ئوزۇق؛ «قۇياش» نۇرىدا ئۇيغۇر جىلۋىسى، ئېتىز-داللاردا ئۇيغۇر ناخشىسى، نەچچە ئېرا ئالمىشىپ پەيدا بولغان تەڭرىتاغلىرى، كۇئېنلۇن، قاراقورۇم، ئالتۇنتاغ، ئالتاي تاغ تىزمىلىرى ـ جەسۇر ئۇيغۇرنىڭ قامەتلىك سىماسى؛ تەكلىماكان قۇملۇقى، لوپنۇر ـ ئېبنۇر كۆللىرى، كۇسەن-كرورەن دۆلىتى ـ پارلاق مەدەنىيەت ھەمدەمنە قىلىنغان ئۇيغۇرنىڭ قەبرىستانلىقى؛ كەچكى شەپەق نۇرۇڭدا ئۇيغۇرنىڭ دەردلىك كەچمىشى، قان-داغلىق ئۆتمۈشى، جەسۇر ئوغلان ـ ئوت يۈرەكلەرنىڭ ئۇنتۇلغان قەھرىمانلىق داستانى، قىزىل قانىنىڭ ئەكسى جۇلالىنىدۇ.

«قۇياش» نۇرىدىن ھەممە ئادەم ئوخشاش ، تەڭ بەھرىلەنسە، ھوزۇر-لەززەت ئېلىپ ئۇرغۇپ تۇرۇدىغان ھاياتىي كۈچكە تولسا، دەپ ئۈمىد قىلىمەن. لېكىن ھېلىقى ئائىلىگە بەرىكەت ياغدۇرىدىغان «ئىككى يۈەن» پۇلنىڭ ئىشى ئۈمىدىمنى كۆپۈككە ئايلاندۇرىدۇ. ئاشۇ ئىككى يۈەن بىلەن بىر ئادەم بىر كۈن جان ساقلايدۇ. توققۇز كۈنلۈك ھاياتلىق مەنبەسىدىن ۋاز كەچمەك نەقەدەر قىيىن-ھە؟ ئەدناسى ، مەنمۇ ئۇن سەككىز يۈەنگە ئېشىنىپ بولالماي 2001-يىللىق ئالتە تەخسە تائامنىڭ پۇرىقىنى پۇرايدىغان، «قۇياش» نىڭ جامالىنى كۆرۈدىغان «بېلەت» سېتىۋالالمىدىم. ھەرھالدا ئۈمىدۋارمەن: «قۇياش» ئۇپۇقتىن چىقسىلا ئۇنىڭ جامالىنى كۆرىمەن، بەھر ئالىمەن، روھىي ئوزۇقىدىن قۇۋۋەت تاپىمەن.

«غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى ئوتتۇرىغا چىقماستا، ئىش ئورنىدىن قالدىم. تىرىشتىم، تەر تۆكتۈم، ياشاش ئۈچۈن تەلمۈردۈم، ئەمما ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئېرىشەلمىدىم. روھىي ئوزۇق ئاتا قىلغۇچى «قۇياش» نۇرىدىن كۈچ ئېلىپ ئۈچ يىل كۈتتۈم، ئاخىرى، «ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش» قوشۇنىنىڭ بىر ئەزاسى بوپقالدىم. بىكار تۇرسىمۇ چىدىغىلى بولمايدىغان سەرەتان تومۇزدا ئىچ باغرىم كاۋاب بولغۇدەك ھارارەتكە بەرداشلىق بېرىپ تەر تۆكتۈم. سېمونت كۆتۈرۈپ، تاش چوقۇپ قۇرغاق ھاۋادا «جەڭ» قىلدىم، ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئېرىشتىم. ئىش ئورنۇمدا ھايۋاندەك، كوچىلاردا «ئادەم» دەك ياشىدىم. بۇ خىل ياشاشنىڭ راھىتى نېمىدېگەن تاتلىق، نېمانچە لەززەتلىك-ھە؟! قىش كىرگەندە ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئىشسىز قالدىم. خوجايىن جاپالىق ئىشلەپ ئۇنۇم ھاسىل قىلىپ، پايدا-قىممەت ياراتقىنىمدا خۇشلۇقىدىن ھېجىيىپ كۈلۈپ كەتكەنىدى. باھار كەلگەندە مېنىڭ يەنە لازىم بولىدىغانلىقىمنى ئويلىماي قۇرۇق قول قايتۇردى. ئازراق بولسىمۇ تۇرمۇش ياردەم پۇلى تەلەپ قىلسام، ئاچچىق غەزەپتىن ھومايدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، قىشلىق تۇرمۇش ياردەم پۇلىنى ئىشلەپ ئېلىپ بولغانىمىشمەن. ئۇنداقتا، ئۇ ئۆزى بەلگىلىگەن ئىشلەش ـ ئىش ھەققى ئېلىش بەلگىلىمىسى نەگە كەتكەندۇ؟ بۇ ھەقتە بۇلتۇر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا بىر پارچە تەلەپ ـ ئىنكاس يازغانىدىم. خەت يېتىپ بارمىدىمۇ، يېتىپ بارسىمۇ ئېتىبار قىلىنمىدىمۇ، بىلمىدىم. غەربنى مۇشۇ تەرىزدە «ئېچىپ ـ گۈللەندۈرۈدىغان» ئوخشايمەن، دەپ ئويلىدۇم. ئادەم ئىش ئورنىدىن قالغان بىلەن قورساق، سالامەتلىك ۋە مەنىۋى تۇرمۇش . . . ئىش ئورنىدىن قالمايدىكەن. ئىش ئورنۇمدىن قېلىۋېدىم، ئائىلەمگە بەرىكەت ئاتقىلىق خۇشاللىق، ئىناقلىق ئەكېلىدىغان ئىقتىسادىي كاپالەت ئۈزۈلدى، دوستلۇرۇممۇ مەندىن يىراقلاشتى، ئايالىممۇ چىراي

ئاچمايدۇ، ھەتتا بالام ئۇنى-بۇنى ئېلىپ بېرەلمىگىنىمگە بۇتناپ ـ قېيداپ: «دادام دېمەيمەن» دەپ قەغىشلىك قىلىدۇ. ئىش ئورنىدىن قېلىش ـ دوست-بۇرادەرلەردىن ئايرىلىش، ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلار ئارىسىدا پاسىل پەيدا قىلىپ ياتلىشىش دېگەن گەپ. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈشتە قورساقنى ئاچ قويۇپ «جەڭگە» چۈشكىلى بولمايدۇ. يىراق-ياقا يۇرتتىن «ئېچىش-گۈللەندۈرۈش» كە كەلگەنلەر ئىختىساسلىقلار، باشقۇرۇش، تېخنىكا خادىملىرى، ماڭا ئوخشاش يەرلىكتىن قاتناشقانلار ئادەم كۈچى، زاپاس ئېنېرگىيە، دەپ بىرتەرەپلىمىلىك قاراشتا بولسا «قوشۇن» كۈچەيمەي، ئارىدىكى پايدا-زىيان توقۇنۇشىدا زىددىيەت كەسكىنلىشىپ ئىلگىرىلەش، تەرەققىي قىلىش يولىدا توسالغۇ پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

«ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى غەربىي رايوندىكى تەرەققىياتقا موھتاج. بۇ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتىدىغان خەلق ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. قانۇن-نىزام گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى، تىنچلىق ـ مۇقىملىق تەرەققىياتنىڭ ئانىسى. مەركەزنىڭ سىياسەت ـ بەلگىلىمىلىرى ئىنتايىن توغرا، ئەمما تۆۋەندە، يىراق يېزا-قىشلاقلاردا ئەمەلىيلىشىشى، ئىجرا قىلىنىشى تەكشى ئەمەس ياكى ئەمەلىيلەشمەيۋاتىدۇ. «ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش» نىڭ ماھىيىتى ئىقتىساد، گۈللىنىشنىڭ مەركىزى نۇقتىسى ئىقتىسادىي تۇرمۇش، كەلگۈسى مەقسىتىمىز ئورتاق، باياشاد ياشاش. دارۋىننىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» بويىچە ئېيتقاندا كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتە ئاجىزلارنىڭ چوقۇم شاللىنىپ كېتىشى ئەمەس.

مەركەزنىڭ قانۇن-نىزام، سىياسەت-قارارلىرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشكەندە ئۆز ئەينى بويىچە ئىنچىل ئىجرا قىلىنغان بولسا، غەربىي رايوندىكى دېھقان ئاممىسى ماڭا ئوخشاش ھەركۈنى ئىككى يۈەن تاپىمەن، دەپ سارغايماس بولغىيتتى؛ نى-نى ئوقۇش يېشىدىكى باللار ئەشۇ ئىككى ـ ئۈچ يۈەن ۋەجىدىن ئوقۇشسىز قېلىپ «باۋمۇ ـ بالا باققۇچى» بولۇشقا مەجبۇر قىلىنماس ئىدى («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000-يىل 6-سانىدىكى جۇرئەت دۆلەت، ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ «ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە كىم مەسئۇل؟» ناملىق مۇھاكىمىسىگە قاراڭ. ـ مۇھەررىردىن)؛ 50-60 ياشلىق «قېرى» لار ئالدىراپ ئەجەل شارابى ئىچمەي، 21-ئەسىرنىڭ ئىللىق قۇياشىغا كۈلۈپ باققان بولاتتى. قاچان تۈگەركىن سىياسىي قاتماللىق؟ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى مەمۇرىي خادىملار، ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان بەزى ئېسىلزادە ـ «ئاق ياقىلىق» لار ئوقۇپ تۇرامدىغاندۇ؟! ئوقۇسا نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئېنىق ئەمەلىي ـ رېئال مەسىلىلەرنى مۇقىم بىر مەۋقەدە تۇرۇپ ياخشى بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. بۇ خۇددى «ئىش ئەھلى بولمىغانلارنىڭ ئىش ئۈستىگە كېلىشى قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ بىشارىتىدۇر» («ھەدىس شەرىف» دىن) دېگەندەك ئىش ئەمەسمۇ؟ غەربىي رايوندىكى بەزى رەھبەرلەر «راستىنلا ئۆزەڭگىدىن چۈشىدىغان» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000-يىلى 6-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزىلەر» نامىدىكى «غەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىرى ئۆزەڭگىدىن چۈشسە ئىكەن» ناملىق مۇھاكىمىگە قاراڭ. ـ مۇھەررىردىن) ۋاقىت يېتىپ كەلدىمۇ؟ دېھقاننى ئويلىمىسا، دېھقان ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلمىسە، ئۇلارغا «رەھبەر» بوپقالغىنىغا خىجىل بولمامدىغاندۇ؟! ئەي دانا رەھبەرلەر، سىلەر ئۆز ۋاقتىدا غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش چاقىرىقىنى مەركەز بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولۇپ يەتكۈزگەنىدىڭلار. ئەمدى تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تەرەققىيات يولىغا ماڭغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئالدىدا توسالغۇ بولىۋاتقىنىڭلارنى ئويلامدىغانسىلەر؟ دېھقاننىڭ «چاكىرى» بولماي، ئۇلارغا «يۈك» بوپقالغىنىڭلاردىن ئۇيالمامسىلەر؟!

ئىلىم-پەن خادىملىرىنىڭ قەدىرسىز ئورنى، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تۇراقسىز مەۋقەدە لىڭشىپ دىپلوم، ئۇنۋان ئۈچۈن چېپىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ناچارلىقى بىلەن كارى بولماي، ھەدېسە سىياسەت-بۇيرۇق ئۆگىنىپ، باللارغا شوئار تۇۋلىتىپ، «كۈن كەچ بولسا، پۇل بەش بولسا» دەپ مەسئۇلىيەتنى سىياسىي بۇيرۇققا ئارتىپ قاراپ تۇرغىنىغا نېمە دېگۈلۈك. بۇ، ئەسلى ماھىيىتىدىن ئۆزىمىزنى ئالدىغانلىق، ھازىرقى خىزمەت ئورنىمىز ئارقىلىق ئېرىشىپ تۇرۇۋاتقان كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا گۆر كولىغانلىق!... مەن يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ۋە باشقا مەتبۇئاتلارغا ھەرخىل سۈپەتلىك ـ ئېسىل ئەسەرلەرنى ئەۋەتىپ مەزكۇر ژۇرنالنى «قۇياش» كەبىي نۇر چاچىدىغان، كىشىلەرگە مەنىۋى زوق ئاتا قىلىپ يۈرەكنى يايرىتىدىغان، «مىللەتنى ئۆز-ئۆزىگە تونۇتىدىغان، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بىلىش، ھېس قىلىش نۇقتىسىدىن ئويغا سالىدىغان» (روزى سايىت: «شېئىر شائىرنى يازىدۇ، شائىرنىڭ ھەيكىلى ئۆز شېئىرلىرى بىلەن تىكلىنىدۇ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2000-يىل 6-سان)، ئۆزلۈك ئەينىكى بولالايدىغان نادىر ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىگەن يازغۇچى ـ شائىرلارغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم. يېزىش، تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئىجادىي ئەمگەكنىڭ نەقەدەر مۈشكۈللىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئوقۇش، زوق ئېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيمەن. دەردمەنگە ياش تۆكۈپ ئورتاقلىشالمىغىنىم ئۈچۈن، بىر قىسىم يازمىلىرىمنى كۆيدۈرگەن چاغلىرىم بولغان. مەن ھازىرغىچە قەلەم ھەققى ئېلىپ باقمىدىم. نامرات بولسامۇ تەمە قىلمايمەن. ئالغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، يازغاننى مازاق قىلىپ، كىچىك باللارغا ھېيت-بايراملىق بەرگەندەك، مىڭ خەتكە 12 ـ 18 يۈەنگىچە قەلەم ھەققى بەرگۈدەك. يازغۇچى-شائىر، خەتتات-رەسساملارنىڭ ئەجىر-مېھنىتىنى قەدىرلەيلى. ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۆز ئالدىغا، ئىجادىي يوسۇندا بىر پارچە سالام خەت يېزىپ باقسا، مېنىڭ قەلەم ھەققى توغرىسىدا «پەسكەش» لەرچە

ئىغىز ئاچقىنىمنى توغرا چۈشىنەر ئىدى (قېنى كىم ھازىرقى شارائىتتا ۋىجدانىنى بىلەن: «مەن پەسكەش ئەمەس» دېيەلەيدۇ). ھەقىقىي يازغۇچى - شائىر قەلەم ھەققىنى ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتمەيدۇ، بەلكى خەلقى، ۋىجدانى، ئادەملىك بۇرچى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يازىدۇ، ئىجاد قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن «قۇياش» نۇرىدا «ھەقىقىي ئەدەبىيات جىلۋە قىلىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى جاكارلىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەقىقىي روھىيەت ئالىمى شەكىللەندى» (ئوسمانجان ساۋۇت: «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2000-يىل 4-سان). يازغۇچى - شائىرلار نۇرغۇن بەدەل تۆلەپ يېزىپ پۈتتۈرگەن ئەسەرنىڭ «دوقمۇش - ئاچال» لارغا پۈتلىشىپ ئېلان قىلىنماي قايتۇرۇلۇشى، شۇ ئەسەرلەرنىڭ ناچارلىقى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى دېيەلمىگەن سۆزلەرنىڭ ئۇدۇل - پەردازلانماي ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن ئىدى. ئەپسۇس، «بىر ئادەم ۋەتىنى ئۈچۈن، خەلقى ئۈچۈن شۇنچە قەھرىمانلىق كۆرسەتسە، ئۇنى كۈتۈۋالىدىغىنى يالغۇزلۇق، سەرگەردانلىق، نامراتلىق، ئازاب - ئوقۇبەت بولارمۇ؟» (ئوسمانجان ساۋۇت: «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2000-يىل 4-سان).

چوڭ يىغىن - مەجلىسلەردە دەبدەبىلىك ئېلان قىلىنىدىغان نۇتۇق، چاقىرىق، خۇلاسە، خىزمەت دوكلاتى، قانۇن - نىزام... قاتارلىق «ئەسەرلەر» كاتىپ تەرىپىدىن يېزىلىپ، ماشىنكىدا كۆپەيتىلىپ باشلىقنىڭ ئاغزى ئارقىلىق «نەشر» قىلىنىدۇ. كاتىپلار «ئەسەر» نى ئىجادىي يوسۇندا يازماي، ماتېرىياللاردىن تېرىپ - تۆشەپ قۇراشتۇرۇپ، ئايدا ئىككى-ئۈچ قېتىم «ئەسەر» ئارگىنالىنى تەييارلاپ بەرگىنىگە بەش - ئالتە يۈزدىن، ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ مائاش ئالىدۇ (بۇ يەردە كاتىپلارغا كۆز قىزارتقىنىم ئەمەس، روشەن سېلىشتۇرما تەرىقىسىدە قوللاندىم). كۆچۈرۈلگەن، قۇراشتۇرۇلغان «ئەسەر» نىڭ ئەسلى ئاپتورى بىلەن ئۇنى «نەشر» قىلدۇرغان رەھبەرنىڭ قەلەم ھەققى، ئەجىر ھەققى، تەرلەش - دۇدۇقلاش ھەققى، مەسئۇلىيەت ھەققى... ھەممىسى قوشۇلۇپ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. يازغۇچىنىڭ ھەققى بولسا، گېپى كەلگەندە ئاشۇ ئېسىل - ئۆلمەس ئەسەرنى پۈتتۈرگىچە چىراغ يېقىپ سەرپ قىلغان توك ۋە چەككەن تاماكىسىنىڭ پۇلىغا بويلاشمايدۇ.

يازغۇچى - شائىرلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىگە، خەلقنى تەربىيىلەپ ئۇيۇشتۇرۇش - ئويغىتىش ماھارىتىگە، بىر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجىر-مېھنىتىگە سەل قارىمايلى... مىللىتىمىزنىڭ پىسخىك قۇرۇلما ئارقىلىق قىدىرىپ تەكشۈرگۈچىلىرىگە ئەھمىيەت بېرەيلى، مازاق قىلمايلى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغان مەنىۋى مۇنبەر (گېزىت-ژۇرنال، نەشرىيات ساھەسى) لىرىنىڭ ھۇلىنى كولىمايلى. مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ يىلىكىدە سۇ ئىچمەيلى. ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا زېمىن ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا قارشى جېنىنى پىدا قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىنى توسىيالماي ھەسرەتتە ئۆلۈپ كەتكەن باھاۋۇددىن ئاتىنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسى (توختى ئايۇپنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1989-يىللىق 2-، 3 (قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئاھ، يەر» ناملىق پوۋېستىدىكى باش قەھرىمان باھاۋۇددىن ئاتىنىڭ ئۆلۈمى) دىن ھەسرەت چېكىپ يۈرگىنىمىزگە ئون يىل بولغاندىلا، 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ناھىيىنىڭ ھاكىمى، ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى، ئاپتونوم رايوندىكى نازىر... قاتارلىق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش ۋەكىللىرىدىن بەزىسى خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتكە چۆچۈگەن ھالدا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش، پاكىز مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە تەكلىپ لايىھە سۇندى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئويلانغان، چۆچۈشتىن ئويغانغان ھالەتتە لايىھىنى قوبۇل قىلىپ، مۇزاكىرىگە قويۇپ تەخىرسىز ماقۇللاشتى. يازغۇچى توختى ئايۇپ ئاكا ئون يىلنىڭ ئالدىدا ھازىرقى ئەشۇ ئون-يىگىرمە خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش ۋەكىلى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ - لايىھىنىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسىنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ھەممە ئادەمگە جاكارلىغان تۇرسا، ئون يىل ئىلگىرى ئۇلار (خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش ۋەكىللىرى) نېمە ئىش قىلغان بولغىيتتى؟! بۇ دېگەن ھېكايە - پوۋېست دەپ ئېتىبارسىز قاراپ ئوقۇمىغان، ئوقۇپ چۈشەنسىمۇ ئۇ دېگەن ئەدەبىي ئەسەر - توقۇلما دەپ پەرۋاسىز قاراپ يۈرگەن بولغىيمىتتى؟ دەپ ئويلاپ قالىمەن. مۇشۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، يازغۇچى - شائىرلارغا نىسبەتەن مەمۇرىي خادىملاردا توغرا كۆز قاراش، ھۆرمەت-ئېھتىرام، ئېتىبار بېرىش، ئېتىراپ قىلىش پوزىتسىيىسىنىڭ تۇرغۇزۇلمىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. نۇرغۇن مائاش ئېلىپ خەلق ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك - ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلمەيدىغان ئون ھەتتا يۈز نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ مۇزاكىرىگە ئامراق جانباقتى ۋەكىللىرىدىن ۋىجدانلىق، ئويغاق، ئالدىن كۆرەر، ئەلسۆيەر، تەمەسىز، مېھنەتكەش يازغۇچى - شائىر مىڭ ئەلا.

11-ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نى شاھقا تەقدىم قىلغاندا، شاھ ئەسەردىن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، ئەلنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرىنى ئۆگەنگەن. ئەي دانا رەھبەرلەر، سىلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئالىي ئەمەل-نام بەرگەن ئاشۇ شاھتىنمۇ ئۇلۇغمۇ؟!

غەربىي رايوننى «ئېچىش - گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش» قوشۇنىنىڭ ئارىسىدا ياشاپ، ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزىتىپ سىلەرگە «كۆز - قۇلاق» بولۇپ رېئال، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئەينەن ئىنكاس قىلغان، مەدھىيىلىگەن، تەنقىدلىگەن يازغۇچى - شائىرلارغا ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىڭلار. «ئورمان - يەر شارىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئەرزان، ئەڭ ئۈنۈملۈك ھاۋا تازىلىغۇچ، سۇ ساقلىغۇچ. يازغۇچىلارمۇ ئەڭ ئەرزان، ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالدا تەبىئەت بىلەن ئىنسانلار قەلبىنى تازىلايدىغانلاردۇر. ناۋادا، بىز بارلىق غەيرىتىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىمىزدىكى ھەقىقەتتىن شەكىللەنگەن پاك نەپەسنى سىرتقا چىقارساق، پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئاتموسفېراسى يېڭىلانغان ۋە تازىلانغان بولاتتى (سىنگاپور يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، دوكتور ۋاڭ رۇڭخۇا سۆزى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2000-يىل 4-سان). سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن

www.uyghurkitap.com

ناخشىچى جاڭگالدا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشىسىنى ئېيتىۋېرىدۇ. تاڭ سەھەردە پادا باققىلى چىققان چوپان يىگىت ناخشىدىن ھوزۇر ئالىدۇ، قويلارمۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا ماسلىشىپ ئوتلايدىغان بوپقېلىشى مۇمكىن. جاڭگالغا بېرىپ: «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار ئىكەن» دەپ ۋارقىراپ، جاھانغا پاتماي قالغان پادىشاھنىڭ ئەيىپىنى جاھانغا ئاشكارا قىلغان تازنىڭ ھېكايىسىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويمايلى.

ئانا قويىندا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىنىڭ سەزگۈسى ئانىنى يېنىك باخاشلاش، ھىدلاش-پۇراش ئارقىلىق قانائەت تاپمىسا قەغىشلىك قىلىدۇ. ۋۇجۇدۇمدىكى ھارغىنلىق، سەزگۈمدىكى ئۇيقۇسىزلىقنى ئاستا-ئاستا بېسىشقا باشلىغان تاتلىق ئۇيقۇم تېنىمنى بوشاشتۇرغان مانانلىق -غۇۋا دەقىقىدە، تۆت ياشلىق قىزىم ئەنسىز ۋارقىراپ، ئۇيقۇلۇق ھالەتتە يىغلاپ:

- ئانام قېنى، دادا، ئانام يوق تۇرىدۇ، - دەپ بوينۇمغا گىرە سېلىپ سىلكىشلىدى. شۇنداق توغرا كەپقالغىنىغا ھەيرانمەن: بالام ۋارقىراۋاتقان پەيتتە چۈش كۆرگەندەكلا، يۇزلىرىنى تىلىم-تىلىم قورۇق باسقان، ھەسرەتلىك يىغا بولۇتلىرى كۆزىنى توسىۋالغان نۇرانە بىر سىما كۆز ئالدىمدا پەيدا بولغاندەك ، بالام بىلەن تەڭلا بىر ئېغىز گەپنى تىۋلاۋاتقاندەك خىرە مەنزىرە پەيدا بولدى. دىققەت قىلسام:

- شائىر قېنى، شائىر يوق تۇرىدۇ، سەن شائىرنى كۆردۈڭمۇ؟ - دېگەن سوئال - نىدا ئاڭلاندى. ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم، زېمىن نىدا قىلغانىكەن. بالامنىڭ يىغىسى مەن بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلىشىش، سىردىشىش مۇلاقىتىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇيقۇلۇقتا: «مانا مەن ئانىڭىز» دەپ بالامنىڭ ھىدلاپ - پۇراپ سېزىۋالىدىغان سەزگۈر پۇراش سېزىمىگە بەرھەم بەرمەكچى ئىدىم، بىراق ئالدىيالمىدىم. بالام ئۇيقۇلۇق ھالەتتە ئانىسىنى ئىزدىگەندەك زېمىن ئانامۇ ھەقىقىي بالىسىنى، يەنە كېلىپ شائىر بالىسىنى ئىزدەپ مەندىن سوراپ يۈرگىنىگە ھەيران قالدىم. «شائىر قېنى، شائىر يوق تۇرىدۇ؟» زېمىن ئانامغا قىرلىق يېتىپ نېرۋىسى ئاجىزلاشتىمۇ، ئەجىبا مەندىن سوراپ قالدى. مەن ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدىم. زېمىن ئانامنىڭ تەكرار سورىغان سوئالىغا: «مانا مەن شائىر» دەپ قايسى ئەركەك جاۋاب بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلار؟! پەرزەنت ھىجرانىدا چاڭقىغان باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ: «مانا مەن ئوغلۇڭ» دەپ دىدارلىشارمۇ، دېگەن سوئالنى قويدۇم.

«ئانام يوق تۇرىدۇ» دەپ قەغىشلىك قىلىپ مېنى ئويغاتقان «يىغلاڭغۇ» بالام ئانىسىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقاندىكى دۇرۇتلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپ-تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. كۆزۈمنى ئېچىشتۇرۇپ دەۋرەپ كېلىۋاتقان شېرىن ئۇيقۇمنى زېمىن ئانىنىڭ سوئالى قاياققىدۇ قوغلىدى. مېنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئانامنىڭ ئەڭ مۇھىم نەسىھىتى ياكى سوئالىدىن ئۇيقۇم غالىب كېلەتتى، ئەمما ئانامنىمۇ بېقىپ چوڭ قىلغان زېمىن ئانىنىڭ سوئالىغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئويلاپ قالدىم: شائىر قېنى، ئوغۇلبالىدەك جاسارەت قېنى؟! ئۆرۈمچىدە تۇرغان ۋاقتىمدا ۋاقىت چىقىرىپ يېزىپ تاماملىغان «دىن، مايمۇن، شائىر» ناملىق داستانىمنىڭ خاتىمىسىگە بېرىلگەن بىر كۇبلىت شېئىر يادىمغا كەپقالدى:

هايۋان بىلەن ئىنسانلارنىڭ پەرقىنى
بىلەلمىدىڭ، سوراپ كۆردۈڭ نەرقىنى.
ئىككى پۇتلۇق «ھايۋان» بولدۇڭ، ئاھ، ئېسىت،
ئەقىل قايدا، ئاراڭدىكى ئەر قېنى؟!...

خوش، «قۇياش» نۇرىدىن بەھىر ئالايلى، ۋۇجۇدىمىزدىكى «تىندۇرما ئەخلەت» دۆۋىسى ئاستىدا ئۆلۈۋاتقان روھىمىزنى تىرىلدۈرسۇن. ئۈچ يۈەنگە بىر «قۇياش» سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. «قۇياش» بىزنى ئىزدەپ چۆللەردە ئېزىقىپ يۈرمىسۇن. ئاھ «قۇياش»، جامالىڭنى بۇلۇت توسمىسۇن، ئۇيقۇلۇق كۆڭۈللەر ئۇيقۇسىنى ئاچسۇن! سېخىي نۇرىڭنى ئايىماي سەپ، كۆڭۈل ئاسمىنىدا ئەبەدىي نۇر چاچ!

2001-يىل يانۋار، يېڭىشەھەر

---

ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن، مەدىكار، بۇ يازما ئۇنىڭ تۇنجى ئېلان قىلىنغان ئەسىرى (M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى





باش مۇھەررىر قۇربان مامۇت(M1) مۇئاۋىن باش مۇھەررىر رىسالەت مۇھەممەت(M2)

ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي (1933 ـ 1901) تەۋەللۇتىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز






ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي    رەسسام: ئوسمانجان ئابلىز

شائىرنىڭ ھازىر ھايات بىردىنبىر ئىنسى ـ يۇرت مۆتىۋەرى، جامائەت ئەربابى ئابدۇساتتار ھاجىم

ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2001 ـ يىل 4 ـ سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

《新疆文化》 (维吾尔文)

综合性文学双月刊

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65—1073/G2
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

主办:新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版:《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号:ISSN1008—6498
国内统一刊号:CN65—1073/G2
发行范围:国内外发行
地址:乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编:830001　电话:2856942
印刷:《新疆日报》印刷厂
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58    باھاسى: 5 يۈەن

邮发代号:58—22　定价:5元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com







